
# قۇمۇل، تۇرپان

# ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سۇبېيخەي  خۇاڭ جيەنخۇا

# قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى

## (چىڭ سۇلالىسىدىن مىنگوغىچە)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: قۇربان تۇران
ئەركىن ئەرشىدىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

哈密、吐鲁番维吾尔王历史/苏北海,黄建华著;库尔班·图兰,艾尔肯·艾尔西丁维译. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.11

ISBN7-228-06789-4

Ⅰ.哈… Ⅱ.①苏…②黄…③库…④…艾 Ⅲ.①维吾尔族-民族历史-哈密地区-17世纪~1950年-维吾尔语 (中国少数民族语言)②维吾尔族-民族历史-吐鲁番地区-17世纪~1950年-维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.K281.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第074901号

# 哈密、吐鲁番维吾尔王历史 (维吾尔文)

苏北海, 黄建华 著

库尔班·图兰, 艾尔肯·艾尔西丁 译

新 疆 人 民 出 版 社 出 版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编830001)

新 疆 新 华 书 店 发 行

新 疆 工 业 高 等 专 科 学 校 印 刷 厂 印 刷

850×1168毫米 32开本 11.5印张 2插页

2001年11月第1版 2001年11月第1次印刷

印数:1-3,000

ISBN7-228-06789-4/K.962 定价: 16.50元

# كىرىش سۆز

قومۇل، تۇرپانلار شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئويمانلىق بولۇپ، قەدىمدە غەربىي رايونغا كىرىشتىكى مۇھىم ئۆتكەل، يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان. بۇرۇندىن مىللەت تەركىبى مۇرەككەپ بولغان بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ يەردە ئۇيغۇرلار ئاساسىي ئاھالە بولغان، يەنە خەنزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرمۇ ئولتۇراقلاشقان.

بۇ ئىككى ئويمانلىق غەربىي رايوننىڭ قوۋۇقى ۋە ئېغىزى بولغانلىقتىن تارىختىن بۇيان بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش مەيدانى بولۇپ كەلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قومۇلغا موڭغۇل ئاقسۆڭىكى ئۇناشىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 1391 - يىلى گەنسۇ تۇتۇقى ليۇجېن قاتارلىقلار مىڭ تەيزۇ جۇيۈەنجاڭنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئەسكەر باشلاپ بېرىپ قومۇلنى ئالغان، شۇنىڭدىن باشلاپ قومۇل مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن. ئۇناشىرى ئائىلىسىنى باشلاپ قېچىپ كەتكەن، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئىنىسى ئەنىق تېمۇر مىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. مىڭ چىڭزۇ يۇڭلى ئىككىنچى يىلى (1404 - يىلى) ئۇنى ئىنتائەتمەن ۋاڭلىققا تەيىنلەپ، ئالتۇن تامغا تارتۇق قىلغان. كېيىن مىڭ سۇلالىسى قومۇل ۋاڭلىقىغا تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ يۈەن سۇلالىسى خان جەمەتىدىن بولۇشىنى، يەنى موڭغۇل بولۇشىنى شەرت قىلغان. لېكىن، ئۇ چاغدا قومۇل رايونىدا «مۇسۇلمانلار، ئۇيغۇرلار، قاراخۇيلار قاتارلىق ئۈچ خىل تائىپە ياشايتتى» («گۇللەنگەن قومۇل پادىشاھلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر»).

بۇ يەردە ئېيتىلغان مۇسۇلمانلار، ئۇيغۇرلار ئوخشاشلا ئۇيغۇرلار- نى كۆرسىتەتتى. ئەمما، مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلى- دىغان ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇرلار بۇددىست ئۇيغۇرلارنى، قاراخويلار بولسا موڭغۇللارنى كۆرسىتەتتى. كىتابىمىزدا بايان قىلىنغان چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل ۋاڭلىرى ئەبەيدۇللا جەمەتىدىن بولغان ئۇيغۇرلار، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل ۋاڭلىرى بولسا مۇڭغۇللار بولۇپ، ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بول- مايدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يازما ماتېرىياللىرىدا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار كۆپىنچە «مۇسۇلمانلار» ( 回 )، ئۇيغۇرلار ئولتۇراق- لاشقان تارىم ئويمانلىقى «مۇسۇلمان زېمىنى» ( 回疆 ) ياكى «مۇسۇلمان يۇرتى» ( 回部 ) دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلارنى پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كەلگەندە خۇيزۇلار «خەنزۇ مۇسۇلمانلار» ( 汉回 )، «مىنخوي» ( 民回 )، «شوخوي» ( 熟回 ) دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار «يات مۇسۇلمانلار» ( 夷回 )، «چەنخوي» ( 生回 )، «شېڭخوي» ( 缠回 ) دەپ ئاتالغان. مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە ئۇيغۇرلار يەنىلا مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ تاكى شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمران- لىق قىلغان مەزگىلدىلا ئاندىن رەسمىي «ئۇيغۇر» ( 维吾尔 ) دەپ ئاتالغان. نۆۋەتتە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ئۇيغۇرلار مۇ- سۇلمان ( 回 ) دەپ ئاتالمىسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمان ( 回 ) دېگەن سۆز خاس ئاتالغۇ بولۇش سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى «مۇسۇلمان ۋاڭ» ( 回王 ) دەپ ئاتالسا، قەبرىسى «مۇسۇلمان ۋاڭلىرى مەقبەرىسى» ( 回王陵 )، تۇرغان شەھىرى «مۇسۇل- مانلار شەھىرى» ( 回城 ) دەپ ئاتالغان. تارىخشۇناسلىق ساھە- سىدە «مۇسۇلمان ۋاڭ» ( 回王 )، «مۇسۇلمان ۋاڭلىرى مەق- بەرىسى» ( 回王陵 )، «مۇسۇلمانلار شەھىرى» ( 回城 )

دېگەن بۇ ئاتالغۇلار ئۇقۇشماسلىق كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ، ئەلۋەت-
تە. لېكىن، تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىن ئايرىلسىلا نۇرغۇن كى-
شىلەر «قۇمۇلدا خوپىز ۋلارمۇ ۋاڭ بولغانمۇ؟» دەپ ھەيران قېلى-
شى مۇمكىن، شۇڭا ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىقىشتىن ساقلى-
نىش، تارىخشۇناسلىق ساھەسىگىلا بېكىنىۋالماسلىق، كەڭ ئام-
مىغا چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن بىز «مۇسۇلمان ۋاڭ»
( 回王 ) نى «ئۇيغۇر ۋاڭى» ( 维王 ) دەپ ئالدۇق.

قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ تارىخى 1697 - يىلى چىڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر سەردار ئەبەيدۇللاغا «قۇمۇل مۇ-
سۇلمانلىرىنىڭ 1 - دەرىجىلىك جاساق - تارخان ( ئاتا مىراس
فېئودال ھۆكۈمدار ) » لىقىنى بەرگەندىن باشلاپ 1931 - يىلى
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇش-
قا ئۆزگەرتىش» سىياسىتى يۈرگۈزۈپ قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئاتا
مىراس ھۆكۈمرانلىقىنى بىكار قىلغانغا قەدەر 9 ئەۋلاد 233 يىل
داۋاملاشقان. بۇ ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتا مەركىزىي
ھۆكۈمەت قۇمۇل ۋاڭلىرى ئارقىلىق قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارغا ھۆ-
كۈمرانلىق قىلغان. ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى سۈرۈش-
تۈرمىگەن. قۇمۇل ۋاڭلىرى ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
پادىشاھى بولۇپ قالغان. بۇ قۇمۇلنىڭ شىنجاڭدىكى باشقا ئۇي-
غۇرلار رايونى بىلەن پەرقلىنىدىغان سىياسىي ئالاھىدىلىكى بو-
لۇپ، يەنە ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي ئۆزگىرىش داۋامىدا باشقا
رايونلار بىلەن ئوخشىمايدىغان ئىقتىسادىي، دىنىي ئالاھىدىلىك-
لەرنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى يورۇتۇپ بېرىش
شۈبھىسىزكى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيانقى ئۇيغۇر تارىخى
تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم تېمىسىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن بىللە لۇكچۈننى مەركەز قىلغان ئىمىن خوجا
جەمەتىمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى
جەريانىدا تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇر خەلقىگە باشچىلىق قى-

لىپ چىڭ سۇلالىسىگە ھەمكارلىشىپ، جۇڭغارلارنىڭ قالايمىقان- چىلىقىغا قارشى تۇرغان، مەڭلىكنىڭ توپىلىڭىنى مەغلۇپ قى- لىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئاسىيلارنى تازىلاپ، يۇرتنى ئەمىن تاپقۇزغان، چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا قاتنىشىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭ- نى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، تۇرپان رايونىنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

ئۇيغۇر ۋاڭلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش ھەر- بىي، مەمۇرىي بۇيرۇقىغا بويسۇنغاندىن سىرت، يەنە قۇمۇل ۋاڭى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بىر يۇ- رۇش مەمۇرىي ئاپپاراتىنى قۇرۇپ چىققان، ئۇيغۇرچە ئالاھىدى- لىككە ئىگە بۇ يەرلىك ھاكىمىيەتتە ئەڭ ئالىي سىياسەت بەلگى- لەش ۋاڭدىن باشقا يەنە ئىككى نەپەر چوڭ - كىچىك تەيجى، ئىككى نەپەر مۇشاۋۇر، دىنىي ھوقۇقنى ئىگىلىگەن بىر نەپەر ئەئلەم ئاخۇنۇم، بىر نەپەر خەنزۇ ئۇستازدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ئىشلار ئۇلار تەرىپىدىن مۇزاكى- رە قىلىنىپ، ۋاڭ تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنغان بۇ ئەڭ ئالىي سىياسەت بەلگىلەش ئورگىنى تەركىبىدىكىلەرنىڭ سا- لاھىيىتىدىن ئىسلام دىنىنىڭ رولىنى ھەمدە ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ نەقەدەر يېقىنلىقىنى كۆرۈ- ۋالغىلى بولىدۇ.

قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىدىكى كىرىمدىن كەلگەندىن باشقا ئاساسلىق قىسمى ۋاڭغا بىۋاستە قاراشلىق قۇمۇل ۋە ئارا تۇرۇك ناھىيىلىرىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كىرىمىدىن كەلگەن، ۋاڭ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان قۇمۇل، ئارا تۇرۇك ئىككى ناھى- يىنىڭ كەڭ زېمىنىدا دېھقانچىلىقمۇ، چارۋىچىلىقمۇ بولغان. بىز دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ھەم ئېكسپىلاتاتسىيە

مۇناسىۋىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بوستانلىق
يېزا ئىگىلىك رايونلىرىنى تەكشۈرۈپلا قالماستىن، يەنە تاغلىق
چارۋىچىلىق رايونلىرىنىمۇ سىستېمىلىق تەكشۈردۇق. تەكشۈ-
رۈش ئارقىلىق كىتابلاردا ئاز ئۇچرايدىغان تارقاق چارۋىچىلىق
ئىگىلىكى ھەم جەمەتلەرنىڭ تارقىلىشىغا ئائىت ئەھۋاللارنى ئې-
گىلەپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ئىگىلىكىگە ئائىت
مول ماتېرىياللارنى توپلىدۇق. ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى دېھ-
قانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، تارقاق چارۋىچىلىق بىلەن-
مۇ شۇغۇللانغان. جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈ-
پەيلى تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق ۋە باغ-
ۋەنچىلىك بىلەن، تاغ، يايلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار تار-
قاق چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شۇڭا، بەزى
كىتابلاردا ئېيتىلغاندەك ئۇيغۇرلارنى ساپ دېھقانچىلىق مىللىتى
دېيىش تازا مۇۋاپىق ئەمەس، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنى دېھ-
قانچىلىقنى ئاساس قىلغان، بىر قىسمى تارقاق چارۋىچىلىق
بىلەن شۇغۇللانغان مىللەت دېيىش كېرەك. يالغۇز قۇمۇل، ئارا
تۈرۈكلەردىلا مۇشۇنداق بولۇپ قالماستىن، كۇچا، باينىڭ تەڭرى-
تېغىغا يانداش رايونلىرى، چەرچەننىڭ قارا قۇرۇم تاغلىق رايون-
لىرىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ تارقاق چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.
بىز ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر ۋاڭلىرى ھۆكۈمرانلى-
قىدىكى يەرلەرنىڭ ئىگىلىك ئەھۋالى ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ
ئېكسپىلاتاتسىيە ئەھۋالىنى سىستېمىلىق ئېنىقلاپ، تارىخىي ما-
تېرىياللارنىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى تولدۇردۇق.

ئۇيغۇر ۋاڭلىرى قۇمۇلغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 200 نەچچە
يىل داۋامىدا قانداق قىلىپ ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ ئۆز
ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن
بىز مەسچىت، خانىقا، مازار، مەدرىسلەر، ئاخۇنۇملارنىڭ خەلق-
تىن ھەق يىغىش ئەھۋاللىرىنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ، ھەر-

خىل تەپسىلىي پاكىت ـ ماتېرىياللارنى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك
ئاخۇنۇملارنىڭ ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى قاتتىق كونترول
قىلغانلىقىغا، ھەر قايسى مەسچىتلەرنىڭ ئاخۇنۇملىرى، موللى-
لىرى تەبلىغ قىلغاندا دائىم ۋاڭنىڭ شاپائىتىنى تەشۋىق قىلغانلى-
قىغا ئائىت ئىسپات ماتېرىياللارنى كەڭ توپلىدۇق. بۇلار ئۇيغۇر
ۋاڭلىرى تەۋەلىكىدىكى ھەر دەرىجىلىك دىنىي ئاپپاراتلارنىڭ ئۇي-
غۇر ۋاڭلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش، خەلقنى بى-
خۇدلاشتۇرۇشتا قانداق رول ئوينىغانلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈ-
رۈپ بېرىدۇ.

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان. بولۇپ-
مۇ يېقىنقى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان توپلىنىپ قېلىپلاشقان
ئۇيغۇر 12 مۇقامى قۇمۇل، ئارا تۈرۈك خەلقى ئارىسىدىمۇ گۈللى-
نىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ-
گۈشتەرگە ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ روھىيىتى بىلەن چەمبەرچاس
باغلانغان. قۇمۇل رايونىنىڭ مۇقام مەدەنىيىتى ھەم پۈتكۈل ئۇي-
غۇر مۇقاملىرى بىلەن بىردەكلىككە، ھەم قۇمۇلچە ئالاھىدىلىككە
ئىگە بولۇپ، كىتابىمىزدا قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى،
بولۇپمۇ مۇقام مەدەنىيىتى توپ نېگىزىدىن تەپسىلىي بايان قىلى-
نىدۇ. قۇمۇل يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن شىنجاڭغا كىرىدىغان
قۇۋۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمدە خەنزۇلارنىڭ غەربىي يۇرتقا
كىرىش ئېغىزى بولۇپلا قالماي، بەلكى يېقىنقى، ھازىرقى زامان-
دىمۇ خەنزۇلارنىڭ بوز يەر ئېچىش، تىجارەت قىلىش مەركەزلى-
رىدىن بىرى بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئىقتى-
ساد، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىمۇ ئىنتايىن قويۇق بولغان، شۇ
سەۋەبلىك قۇمۇل رايونىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ ئىككى مىللەتنىڭ
ھەرخىل مەدەنىيىتىنىڭ گىرەلىشىشى ئىنتايىن گەۋدىلىك بو-
لۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئۆي ـ ئىمارەت، تىل، يېمەك ـ ئىچ-
مەك، كىيىم ـ كېچەك جەھەتلەردە بىر ـ بىرىگە ئىنتايىن

چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى ئۆزىگە تەۋە دېھقان - چارۋىچىلارنى قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. كىتابىمىزدا ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ خىلمۇخىل ئېكسپىلاتاتسىيىسى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. دېھقانلار زۇلۇمغا چىدىمانلىقتىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ تاكى مىنگو يىللىرىغىچە كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولۇپ، 1907 - يىلىدىكى تورپاق يېغىلىقى، 1912—1913-يىللاردىكى تۆمۈر خەلىپە يېغىلىقى، 1931 - يىلىدىكى خوجىنىياز باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بۇ قوزغىلاڭلار شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا زور تەسىرلەر كۆرسەتكەن. شۇڭا، كىتابىمىزدا قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋاڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشلىرى نۇقتىلىق بايان قىلىنىدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئىمىن خوجا جەمەتى قەدىمدە داڭلىق بولغان لۈكچۈندە، يەنى ھازىرقى لۈكچۈن بازىرىدا ياشاپ ئۆتكەن. لۈكچۈن قەدىمدە ئىدىقۇت بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنىدىغان، ئەسكەر تۇرغۇزۇلۇپ، بوز يەر ئېچىلغان مۇھىم شەھەر بولۇپ، ئۇ دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىن چىقىپ، قاشقۇۋۇقتىن ئۆتۈپ، غەربىي يۇرتقا كىرىشتىكى ئەڭ يېقىن ئېغىز، يىپەك يولىدىكى مۇھىم بىكەت بولغان. شۇڭا، بىز لۈكچۈننىڭ قەدىمدىن يېقىنقى زاماندىكى لۈكچۈن بازىرى بولۇپ شەكىللىنىشىگىچە بولغان نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي ئۆزگىرىشىنى سىستېمىلىق بايان قىلدۇق. بۇ جايدا پەقەت ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ قەلئە، قورۇقلىرى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا قولغا كەلتۈرگەن بۈيۈك نەتىجىلىرىنىڭ ئىزلىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە قەدىمدە ئەسكەرلەر ئاچقان بوز يەرلەر، قەدىمكى يىپەك يولى، تۇيۇق بۇددا تاش كېمىرى ۋە مەشھۇر ئىسلام مازارلىرى، مەسچىتلەر بار. بۇلار ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىق بولۇپلا قالماي، يەنە تۇرپان ئويمانلىقى-

دىكى قەدىمكى يىپەك يولى، ئەسكەرلەر ئاچقان بوز يەرلەر ئىزلى-
رى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى ۋە خەن، تاڭ دەۋرىدى-
كى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ بۇ يەردە تەسىس قىل-
غان ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم
تارىخىي پاكىتلاردۇر. بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تېزلىكتە ئې-
چىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، لۈكچۈن بازىرىنى مۇھىم ساياھەت
نۇقتىسىغا ئايلاندۇرغاندا، ھەم ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ ۋەتىنىنىڭ
بىرلىكىنى قوغداشتىكى شانلىق تۆھپىسىنى دۆلەت ئىچى ۋە
سىرتىغا تەشۋىق قىلغىلى، ھەم تارىختىن بۇيانقى ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىك سۇلالىلىرىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدا يۈرگۈزگەن ئۆچمەس
سەلتەنىتىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇرلار باشچى-
لىقىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنىمۇ دۇنيا
خەلقىگە تونۇتۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ساياھەتچىلىرىنى جەلپ
قىلغىلى بولىدۇ.

ئىمىن خوجا جەمەتى جۇڭغار موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ
ئۇيغۇر خەلقىنى بۇلاپ - تالىشىغا قارشى تۇرۇپ، چىڭ سۇلالى-
سى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، بىر تۈمەندىن ئارتۇق
ئۇيغۇرنى باشلاپ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ گۇاجۇ ئايمىقى (بۈگۈنكى
ئەنشى ناھىيىسى تەۋەسىدە) غا بېرىپ بوز يەر ئاچقان. ئۇلار
ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ، ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ گۇا-
جو ئايمىقىنى گۈللەندۈرگەن. ئۇ يەردە 20 نەچچە يىل تېرىقچى-
لىق قىلغاندىن كېيىن يەنە نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ ئەسلى
يۇرتى لۈكچۈنگە قايتىپ كەلگەن. بىز ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ
گۇاجۇ ئايمىقىغا كۆچۈپ بارغان ھەم لۈكچۈنگە قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن مەزكۇر جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەت
تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىرمۇبىر با-
يان قىلدۇق. بۇ دۆلەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئىمىن خوجا جەمە-
تىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ كىتاب ئەبەيدۇللا جەمەتى بىلەن ئىمىن خوجا جەمەتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگەكچان، باتۇر، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، شىنجاڭدىكى باشقا خەلقلەر بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ كەلدى. تارىختىن بۇيان غەربىي شىمالىي چېگرىنى قوغداش، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە قۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى ۋە نۇرغۇن قۇربانلارنى بەردى. تارىخ يەنە شۇنى كۆرسەتتىكى، بىرلىك بولغاندىلا مىللەتلەر گۈللىنىدۇ، خەلق پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئىشلار ئالغا باسىدۇ. مانا بۇ تارىخنىڭ يەكۈنى.

**مۇئەللىپ**

1991 - يىلى 15 - دېكابىر، شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى

## مۇندەرىجە

### بىرىنچى بۆلۈم قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ تارىخى


بىرىنچى باب قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋىتى ........................ 1
§ 1 . ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچى .................................... 1
§ 2 . ئۇيغۇر ۋاڭلىرى بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزئارا تايىنىش باسقۇچى ........................ 6
§ 3 . ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ مەركىزى ھۆكۈمەتكە پۈتۈنلەي بېقىنىش باسقۇچى........................ 23

ئىككىنچى باب قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇيغۇر جەمەتلىرىنىڭ تارقىلىشى ...................... 39
§ 1 . مەمۇرىي ئاپپاراتلار ........................... 39
§ 2 . ئۇيغۇر جەمەتلىرىنىڭ تارقىلىشى ................. 48

ئۈچىنچى باب ئىجتىمائىي ئىگىلىك ............ 55
§ 1 . جۇغراپىيىلىك مۇھىت ........................ 57
§ 2 . دېھقانچىلىق ................................... 60
§ 3 . چارۋىچىلىق .................................. 78

4 § . سودا، قول هۈنەرۋەنچىلىك ۋە كانچىلىق ··· 90

تۆتىنچى باب قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى هۆكۈمرانلىقىدىكى ئىسلام دىنى ················· 105
1 § . نەسەبىسىز «خوجا»لار ······················ 105
2 § . دىنىي ئاپپاراتلار ···························· 108
3 § . مەسچىت، خانىقالار ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى···113
4 § . مەدرىس، مازارلار ···························· 132
5 § . دىنىي يوسۇنلار ۋە بەلگىلىمىلەر··············· 140
6 § . دىنىي ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە ··········· 147

بەشىنچى باب قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىدىن مىنگو دەۋرىگىچە بولغان مەزگىلدىكى مەدەنىيىتى ·················· 152
1 § . مىللەتلەرنىڭ ئۆتمۈشى ······················ 152
2 § . قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى···156
3 § . قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىڭ دەۋرىدىن بۇيانقى مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر·······162
4 § . خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ································ 169

ئالتىنچى باب خەلقنىڭ قۇمۇل ۋاڭنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشلىرى ۋە ۋاڭ هاكىمىيىتىنىڭ زاۋال تېپىشى ················· 188
1 § . يانچىلارنىڭ دەسلەپكى قارشىلىق كۈرەشلىرى···188
2 § . 1907 ـ يىلىدىكى تۆرپاق يېغىلىقى ········· 195
3 § . 1912 — 1913 ـ يىللاردىكى تۆمۈرخەلپە يېغىلىقى ································································ 204

§ 4 . ۋاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋال تېپىشى ········ 212

## ئىككىنچى بۆلۈم تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ تارىخى

يەتتىنچى باب ئىمىن خوجىنىڭ ۋەتەننىڭ
بىرلىكى يولىدا قوشقان تۆھپىلىرى ··· 223
§ 1 . ئىمىن خوجىنىڭ لۈكچۈننىڭ يەرلىك ھۆكۈم-
رانىغا ئايلىنىشى ······························ 223
§ 2 . چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، جۇڭغار بۆل-
گۈنچى كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش ············ 229
§ 3 . تۇرپاندىكى مەڭلىك توپىلىڭىغا قارشى تۇرۇش···233
§ 4 . چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ھەمكارلىشىپ توپىلاڭ-
چىلارنى تازىلاپ، ئۆتەڭلەرنى تىنچىتىش ··· 236
§ 5 . چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتى-
شقا قاتنىشىش ······························ 239

سەككىزىنچى باب تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇا-
جۇغا كۆچۈش جەريانى ····················· 246
§ 1 . كۆچۈشنىڭ سەۋەبى ························· 246
§ 2 . كۆچكەندىن كېيىنكى ئەھۋالى ۋە جەمئىيەت تەش-
كىلىي شەكلى······························· 250
§ 3 . تۇرپانغا قايتىپ كېلىش ····················· 259
§ 4 . گۇاجۇغا كۆچۈشنىڭ نەتىجىسى ················ 261

توققۇزىنچى باب ئىمىن خوجىدىن كېيىنكى ۋاڭلار
················································ 265
§ 1 . سۇلايمان ······························· 265
§ 2 . ئىسكەندەر ······························ 271

3 § . يۇنۇس، فەرىدۇن ........................................ 277
4 § . مەمەت سايىت ........................................ 279
5 § . ئەفرىدۇن ........................................ 282
6 § . ماھۇت ........................................ 284
7 § . ئىمىن خوجا ........................................ 288
8 § . مۇھەممەت سىيىت ........................................ 289
9 § . ئىمىن خوجىنىڭ باشقا پەرزەنتلىرى ........................................ 291

ئونىنچى باب ئىمىن خوجا جەمەتى ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەتلىرى ۋە نوپۇسى ........................................ 305
1 § . تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇر جەمەتلىرىنىڭ تارقىلىشى ........................................ 305
2 § . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ ئۆزگىرىشى ... 308

ئون بىرىنچى باب ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ........................................ 332
1 § . 1884 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى فېئودال يانچىدارلار ئىگىلىكى باسقۇچى ........................................ 333
2 § . 19ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىكى قالدۇق فېئودال يانچىلىق ئىگىلىك باسقۇچى ........................................ 336
3 § . ئازادلىق ھارپىسىدىكى فېئودال زېمىندارلار ئىگىلىكى باسقۇچى ........................................ 342

# بىرىنچى بۆلۈم

# قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى

# بىرىنچى باب قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋىتى

## § 1. ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچى

«قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دا مۇنداق بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن: تەخمىنەن مىلادىيە 1605 – يىلى ئەرەب ئىسلام خەلىپىسى ئەۋەتكەن ئۈچىنچى ساھابە مۇھەممەد شاھ خوجا قۇمۇلغا كەپتۇ. سەۋەبى ئالدىنقى ئىككىيلەن مەغلۇپ بولغانىكەن. ئۇ بۇ قېتىم 1000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر غازاتچىنى باشلاپ قارا دۆۋىدىكى بۇگۇر كۆۋرۈكى دېگەن يەردە موڭغۇللار بىلەن بىر يىلدىن كۆپرەك سوقۇشۇپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلۈم – يېتىم كۆپ بولۇپتۇ. بىر قېتىم موڭغۇللارنىڭ سەردارى مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئېلىپ، بۇگۇر كۆۋرۈكىنىڭ غەربىدىكى دۇۋە جىن دېگەن يەرگە يەر شارائىتىنى كۆزەتكىلى چىقىپتۇ. بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تاپقان مۇھەممەد شاھ خوجا كۆۋرۈك ئاستى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى غارلارغا بۆكتۈرمە قويۇپتۇ. موڭغۇللارنىڭ سەردارى كۆۋرۈككە كەلگەندە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ. قالغان موڭغۇللارنىڭ بىر قىسمى ئەل بوپتۇ. بىر قىسمى شىزاڭغا قېچىپ كېتىپتۇ. ئەل بولغان موڭغۇللار ئاستانىدىكى ئاقچوقاي دېگەن يەرگە يىغىلىپ مۇھەممەد-

شاھ خوجىنى قارشى ئېلىپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ ھەم نۇرغۇن كالا، قوي، تۆگىلەرنى تارتۇق قىلىپتۇ. كېيىن موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، مۇھەممەدشاھ خوجىنى ھىمايە قىلىپ قومۇل شەھىرىگە ئەكىرىپ، ئۇنى «ھاكىمبەگلىك تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، قۇمۇل خەلقىگە باش قىلىپتۇ» ① مۇھەممەدشاھ خوجا دېگەن كىشى ھەققەتەن ئۆتكەن، بىراق «قۇمۇل ۋاڭ جەمەتى شەجەرىسى» ② دە خاتىرىلىنىشىچە، مۇھەممەدشاھ خوجا ئىلىدىن كەلگەن بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى ئىكەن. ئۇ قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن شۇ يەرنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئايلانغان.

مۇھەممەدشاھ خوجا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە جۇڭغارلار خېلى كۈچەيگەن بولۇپ، دائىم قۇمۇل رايونىغا بېسىپ كېلىپ، مال - مۈلۈك ۋە چارۋىلارنى بۇلايتتى. مۇھەممەدشاھ خوجا قۇمۇل خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ، موڭغۇللار بىلەن كەسكىن كۆرەش قىلدى. 1668 - يىلى مۇھەممەدشاھ خوجا ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئورنىغا ئوغلى ئەبەيدۇللا ۋارىسلىق قىلدى.

ئەبەيدۇللا يىراقنى كۆرەر سىياسىئون بولۇپ، ئىنتايىن تەدبىرلىك ئىدى. ئۇ تەختكە چىققان مەزگىلدە قۇمۇلغا يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. 1678 - يىلى يەكەن خانلىقى جۇڭغارلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن، قۇمۇل جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالدى. جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلار رايونىغا قارىتا ئۇچرىغاننى بۇلاش سىياسىتىنى قوللانغانلىقتىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈچلۈك ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. ئەبەيدۇللا ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشنى قارار قىلدى. ئەينى چاغدا چىڭ سۇلالىسى گەرچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگونى تېخى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولالمىغانىدى. شىنجاڭ يەنىلا جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بو-

لۇپ، بۇ ئىككىلا ھاكىمىيەت ئۆزلىرىچە مەملىكەتنى ئۆزلىرى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئويلايتتى.
1696 - يىلى 5 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن غالدان قوشۇنى جۇمۇتۇ دېگەن جايدا بىر مەيدان ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا غالدان ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. چىڭ سۇلالىسى بىلەن غالداننىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرق تېخىمۇ روشەنلەشكەن پەيتتە. ئەبەيدۇللا «ئوردىغا ئادەم ئەۋەتىپ تارتۇق يوللاپ، بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى»③ قۇمۇلنىڭ بەيئەت قىلغانلىقى توغرىسىدا «شىمالدىكى قۇملۇق دالىلارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» دە تەپسىلىي مەلۇماتلار بولۇپ، مۇنداق دېيىلگەن: «ۋۇخې ئالىيلىرىغا شۇنى مەلۇم قىلىدۇكى، سۇجۇ ئايمىقىنىڭ ئومۇمىي لەشكىرىي ئىشلىرىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇرغۇچى ئورۇنباسار سانغۇن چيەن چىڭنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، قۇمۇل مۇسۇلمانلىرىنىڭ كاتتىۋېشى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ ئوغلى ئالىمبەگنى مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتىپ، بىر نار تۆگە، ئىككى ئات، سەككىز تۆگە، بىر پىچاق تارتۇق قىلىپ، سەممىمىي نىيەت بىلەن خانغا ئەل بولۇپ، خاننىڭ پۇقراسى بولۇشنى تەلەپ قىپتۇ. پېقىرنىڭ قارىشىچە قۇمۇل مۇسۇلمانلىرىنىڭ كاتتىۋېشى ئەبەيدۇللا تارخانبەگنىڭ ئالىمبەگنى ئەۋەتىپ، خانغا ئەل بولۇش نىيىتىنى بىلدۈرۈشى سەممىمىي... شۇڭا، كەمىنە لىنجاۋغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچىمەن، كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ، ئالىمبەگنى بېيجىڭغا يولغا سالىمەن، شۇڭا ئالىيلىرىغا بۇ مەلۇماتنى يوللىدىم.» ④، ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىغا يازغان مەكتۇپىدا ئىنتايىن تەكەللۇپ ۋە ھۆرمەت بىلەن دەسلىپىدىلا «كەمىنە ئاق تاغلىقلاردىنمەن، ئەزەلدىن خانغا تەۋە بولۇپ، ئوردىغا تارتۇق يوللاپ خاننىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ كەلگەنمەن» دېگەن بولۇپ بىر مۇھىم تارىخىي پاكىتنى ئىزاھلىغان. ئاندىن بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى يۈز بەرگەن «مادى ۋەقە-

سى» نىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە مۇنداق دېگەن: «خان ئەلچىسى يۇرتىمىزغا كېلىۋىدى، ئويلىمىغاندا خاندۇ لوپساڭ غالدان بوشۇكتۇ خاننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. كەمىنە ئەلچىنى ئويرانلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدىم. پەقەت ساق قالغان بىر نەچچەيلەننى ۋە بىر زەنگىنى تېپىپ ئات ـ ئۇلاغ، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئاشلىق بېرىپ، ئوردىغا يولغا سالدىم» ⑤.

دەسلەپتە ئەبەيدۇللا ئۆز كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلگەنلىكتىن سەمىمىي پوزىتسىيىدە بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە تايىنىپ، غالدان موڭغۇللىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قۇتۇلماقچى بولدى. غالدانىنىڭ كۈچىنىڭ كۈنسايىن ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەبەيدۇللا تېخىمۇ روشەن ھالدا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا «ئەگەر غالدان كەلسە، كەمىنىلىرى پۇرسەت تېپىپ ئۇنى تۇتۇشقا تىرىشىمەن. ئەگەر خەۋىرىنى ئاڭلىسام، دەرھال مەلۇم قىلىمەن»، دەپ ئېنىق ئىپادە بىلدۈردى. كاڭشى خان ئۇنىڭ سەمىمىي نىيىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئالايىتەن مولۇن تون، سۆسەر تۇماق ۋە ئالتۇن كەمەر ئىنئام قىلدى» ⑥، بۇنىڭ بىلەن ئەبەيدۇللا جۇڭغارلارنىڭ ھەرىكىتىگە تېخىمۇ دىققەت قىلىپ، كاڭشىنىڭ 36 ـ يىلى (1697 ـ يىلى) نىڭ بېشىدا ئوردىغا «غالدانىنىڭ بارىكۆلدىكى ئەھۋالى» ⑦ نى مەلۇم قىلدى. غالدان ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن قىسىلىپ چىقىش يولى تاپالماي، ئوغلى سەپتىڭ بالجۇرنى «بارىكۆلگە شىكار» غا ئەۋەتكەندە، ئەبەيدۇللا «چوڭ ئوغلى گۇپا بەگنى 300 ئەسكەر بىلەن تۇتۇشقا ئەۋەتتى» ⑧، غالدانىنىڭ ئوغلىنىڭ تۇتۇلۇشىدىن چىڭ خانى كاڭشى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ «بۇزۇقلارنىڭ يىلتىزى سۇندى، غالدان گەرچە قېچىپ يۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، قېرىپ ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىدى، ئوغلىنىڭ قولىمىزغا چۈشۈشى تەڭرىنىڭ بىزگە قىلغان شاپائىتى» ⑨ دېدى.

كاڭشىنىڭ 36 ـ يىلى (1697 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا قۇمۇل سەردارى «ئوتتۇقتۇ خاشخانى تۇتۇپ» چىڭ قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بەردى⑩. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا يەنە «قۇنجاننىڭ ئايالى نۇغۇن دارانىڭ ئادىمى ئويرات ئۇڭكە تارخان زايساننى تۇتۇپ تاپشۇردى» ⑪، ئەمما سىۋان ئاراپتاننىڭ قومۇلغا بولغان تەھدىت ۋە بېسىمىمۇ كۈنسايىن كۈچەيدى. «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى»دە بايان قىلىنىشىچە، 1697 ـ يىلىنىڭ بېشىدا «قۇمۇلدىكى تارخان بەگ ئەبەيدۇللا مەكتۇپ سۇنۇپ، كەمىنىلىرىنىڭ پەرزەنتى گويا بەگ غالدانىنىڭ ئوغلى سەپتىڭ بالجۇرنى تۇتۇۋالغان، شۇڭا ئويرانلار ئۆچ ئېلىشى چوقۇم. بولۇپمۇ سول قاناتتىكىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكى ئىنتايىن چوڭقۇر. قۇمۇل بەكمۇ ئاجىز، سىۋان ئاراپتانغا تاقابىل تۇرالمايدۇ. ۋاسساللار مەھكىمىسى ئارقىلىق چىڭخەيدىكى ھەرقايسى تەيجىلەر ھەمدە سىۋان ئاراپتانغا قۇمۇلنىڭ خانغا بەيئەت قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىك سالماسلىقى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈلسە، دېگەن» ⑫ ھەم ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە مەكتۇپ سۇنۇپ «سىۋان ئاراپتان كەمىنىنى ئالىيلىرىغا بەيئەت قىلدى ۋە ئادەملىرىمىزنى تۇتۇپ بەردى دەپ غەزەپلىنىپ ئەلچىمىزنى تۇتۇپ قالدى. ناۋادا سوقۇش بولۇپ قالسا، كەمىنە ئاجىز، بىزنى نائۈمىد قويمىغايلا» دېگەن⑬. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئوردىغا يەنە «كەمىنە سىۋان ئاراپتاندىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن. خان ئالىيلىرى كەمىنىگە زىيانكەشلىك قىلماسلىق ھەققىدە يارلىق چۈشۈرسە، كەمىنىگە ئالاھىدە بىر يارلىق بەرسە، كەمىنە مۇشۇ يارلىقنى تايىنىپ خاتىرجەم ياشاپ تۇپرىقىمنى قوغدىسام دەيمەن... مۇسۇلمانلارنى سۈجۈ ئايمىقىغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرسام، تاۋاپقا بېرىپ ـ كېلىدىغانلار بۇ جايدا چۈشكۈن قىلىپ ئۆتسە، كەمىنىنىڭ خەۋىرىمۇ ئالىيلىرىغا ۋاقتىدا يېتىپ تۇرسا دەپ ئۈمىد قىلىمەن» ⑭، دەپ مەكتۇپ يوللىدى. ئوردا

يۇقىرىقى مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەبەيدۇللانى «سە-مىمىي نىيەتتە ئەل بولماقچى» دەپ قاراپ، «ئىلھام بېرىپ قو-يۇش» يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا قۇمۇلنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق تارخانلىقىنى بەردى» ۋە قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىمۇ موڭغۇللارنىڭ-كىدەك خوشۇنغا ئايرىدى» ⑮. يەنە ئۇنىڭ «يارلىق» بېرىش ۋە «سوجۇ ئايمىقىغا ئادەم كۆچۈرۈش» تەلىپىگىمۇ بىر - بىرلەپ جاۋاب بەردى.

شۇنىڭ بىلەن ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىنىڭ رەسمىي ئەمەل-گە تەيىنلىگەن يەرلىك ئەمەلدارى بولۇپ، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار-نىڭ چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتى رەسمىي يوسۇندا شەكىللەندى. ئەبەيدۇللا جەمەتىنىڭ قۇمۇلدىكى ھۆكۈم-رانلىقىمۇ رەسمىي تىكلەندى.

## § 2 . ئۇيغۇر ۋاڭلىرى بىلەن چىڭ ھۆكۈمى-تىنىڭ ئۆزئارا تايىنىش باسقۇچى

ئەبەيدۇللا جەمەتىنىڭ ۋارىسلىق ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەن-دىن كېيىن «تەۋە زېمىنلىرى شەرقتە ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشى-يا) غا، شىمالدا ئاراتۇرۇككە، غەربتە لياۋدۇنغا يېتىپ»، «ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئىشلىتىش ۋە سېتىۋېتىش ھوقۇقىغا ئىگە» ⑯ بولۇپ، قۇمۇلنىڭ يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. ئەبەيدۇللا گەرچە چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ۋاڭ دەپ بېكىتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئادەت بويىچە بىرىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ھېسابلىنىدۇ.

ئەبەيدۇللا كاڭشىنىڭ 48 - يىلى (1709 - يىلى) ۋاپات بولدى. چىڭ ئوردىسى ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى گۇپا بەگنى ۋارىس قىلىپ تىكلىدى.

«قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن ھۆكۈم-
رانلىقى» دېگەن ماقالىدە گۇپا بەگ يەنە ئىمىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ
دېيىلگەن. بۇ ئېنىقكى خاتا بولۇپ، بۇ يەردە ئەبەيدۇللانىڭ
2 - ۋە 3 - ئەۋلادى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. چۈنكى، بىرىنچى-
دىن، ئەبەيدۇللا ھايات ۋاقتىدا «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دە
گۇپا بەگنىڭ ئىسمى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما
ئۇنىڭ تاكى ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلغۇچە مۇشۇ بىر ئىسمىلا كۆرۈ-
لىدىغان بولۇپ، باشقىچە ئىسمى ئۇچرىمايدۇ⑰. «چىڭ ئوردىسى
خاتىرىلىرى» دە گۇپا بەگنىڭ ۋاپات بولغان ۋە ئىمىن خوجىنىڭ
ۋاڭلىققا ئولتۇرغان ۋاقتى خاتىرىلەنمىگەچكە، يۇقىرىقى ماقالىدە
ئېھتىمال مۇشۇنىڭغا ئاساسەن گۇپا بەگ بىلەن ئىمىن خوجا بىر
كىشى دەپ ھۆكۈم قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن،
«قۇمۇل ۋاڭ جەمەتى شەجەرىسى» دە گۇپا بەگ بىلەن ئىمىن
ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2 - ۋە 3 - ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى دەپ
خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئاتا - بالا بولغان. ئۈچىنچىدىن،
«بۈيۈك چىڭنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش خاتىرىسى» دە: «سۇلالى-
مىزنىڭ كاڭشى 35 - يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتىۋېشى ئەبەيدۇل-
لا ئەلچى ئارقىلىق تۆگە، ئات، پىچاق قاتارلىق سوغىلارنى
ئەۋەتتى. 36 - يىلى ئوغلى گۇپا بەگ غالدانىنىڭ ئوغلى سەپتىڭ
بالجۇرنى تۇتۇپ تەقدىم قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ زېمىن
سەلتەنىتىمىزگە تەۋە بولۇپ، ئەبەيدۇللاغا بىرىنچى دەرىجىلىك
جاساق تارخانلىق مەرتىۋىسى بېرىلدى. موڭغۇللاردىكىدەك خو-
شۇن بويىچە ئايرىلدى. يوڭجېڭنىڭ 5 - يىلى نەۋرىسى ئىمىنگە
ساداقەتمەن بەگلىك ئۇنۋانى بېرىلدى...» ⑱، دەپ خاتىرىلەنگەن
بولۇپ، بۇ يەردە ئەبەيدۇللا، گۇپا بەگ ۋە ئىمىنلارنىڭ ئاتا،
ئوغۇل، نەۋرىلىك مۇناسىۋىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن. تۆتىنچى-
دىن، «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دا ئېنىق
ھالدا «گۇپا بەگ كاڭشىنىڭ 48 - يىلى ۋاڭلىققا ۋارىسلىق

قىلدى. ئىمىن كاڭشىنىڭ 51 ـ يىلى ۋارىسلىق قىلدى»⑲،
دەپ خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىقىلاردىن گوپا بەگ بىلەن ئىمىننىڭ
بىر ئادەم ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

گوپا بەگ ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ھېچقانداق
بىرەر چوڭ ئىشلارنى قىلمىدى.

3 ـ ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئىمىن كاڭشىنىڭ 51 ـ يىلى
(1711 ـ يىلى) ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىككىنچى يىلى
بېيجىڭغا ئوردىنى تاۋاپ قىلىشقا باردى⑳.

ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان ئون نەچچە يىل
(1697 — 1714 ـ يىللار) جەريانىدا قۇمۇل گەرچە جۇڭغارلارغا
قوشنا بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قىسىپ تۇرۇشى تۈپەيلى
ئىككى تەرەپ ھەر ھالدا تىنچ ئۆتتى. ئەمما، بۇ خىل تىنچ
ۋەزىيەت كاڭشىنىڭ 54 ـ يىلى (1715 ـ يىلى) غا كەلگەندە
بۇزۇپ تاشلاندى. «قۇمۇل جاسىقىنىڭ تارخان بېگى ئەبەيدۇللا
ئوردىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ ئويرات سىۋان ئاراپتاننىڭ شىمالىي
چېگرىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، بەش قەلئەنى بېسىۋالغانلىقىنى باسمىـ
چىلارنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قۇمۇل شەھىرىگىچە كەلگەنلىـ
كىنى مەلۇم قىلدى»㉑. سىۋان ئاراپتان بېسىۋالغان بەش قەلئە
قۇمۇل مۇسۇلمانلار شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بەش قورغان
بولۇپ، ۋەزىيەت ئۇزۇنغىچە تىنچ ئۆتكەنلىكتىن چىڭ سۇلالىسى
قۇمۇلدا ئازراقلا ئەسكەر تۇرغۇزغان يەنە كېلىپ مۇداپىئەگە سەل
قارىغانىدى. شۇڭا، سىۋان ئاراپتان ھېچقانداق توسالغۇسىزلا
ئىلگىرىلەپ، قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغانىدى. بۇ قېتىمقى
ئۇرۇشنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدا «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدـ
بىرلىرى» دە مۇنداق بايانلار خاتىرىلەنگەن: «سىۋان ئاراپتاننىڭ
2000 كىشىلىك قوشۇنى قۇمۇلغا بېسىپ كەلگەندە سەيپارە سانـ
غۇن فەن جىشەن قاتارلىقلار 200 كىشىلىك يېشىل تۇغلۇق
ئەسكەرنى باشلاپ ئىمىن بەگ بىلەن بىرلىشىپ پۈتۈن كۈچى

بىلەن قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 90 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، 3 ئادەمنى تىرىك تۇتتى» ㉒. ئەينى چاغدا چىڭ ئەسكەرلىرى سىۋان ئاراپتان قوشۇنىنىڭ پەقەت ئوندىن بىرىچىلىكىلا بولۇپ بىرەيلەن 10 دۈشمەنگە تېتىغان. ئەلۋەتتە بۇنى ئىمىن بەگ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دە كېيىنچە قىلىپ سىۋان ئاراپتان «قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 200 كىشىلىك يېشىل تۇغلۇق ئەسكەر ۋە قۇمۇل مۇسۇلمانلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى» ㉓ دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتناشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سانغۇن ـ لەشكەرلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن «1 تۈمەن 5000 سەر كۈمۈشنى «قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، ئىمىن بەگ، سەييارە سانغۇن فەن جىشەن ۋە ئۆلگەن ئەسكەرلەرنى تارتۇقلىدى…» ㉔. چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە مۇداپىئەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قۇمۇلغا بىر كۈنلۈك كېلىدىغان تاشۋىلىق دېگەن يەرگە بىر تۈركۈم قوشۇنلارنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ يەر قۇمۇلغا يېقىن بولۇپ، ئۆز ئارا ھەمدەمدە بولۇشقا قولايلىق ئىدى. «قۇمۇللۇقلار خان لەشكەرلىرىنىڭ ياردەمگە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن قارشى ئېلىشقا چىقتى» ㉕. كاڭشى خان قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، «قۇمۇل سىۋان ئاراپتاننىڭ تالان ـ تاراجىغا ئۇچرىدى. تىرىكچىلىك قىلماقى تەس دەپ قاراپ، گەنسۇ باش مۇپەتتىشىگە پەرمان چۈشۈرۈپ، گۈرۈچ، ئاشلىق، كالا، قويلارنى يەتكۈزۈپ بەردى» ㉖.

1715 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتا گەرچە چىڭ سۇلالىسى غەلىبە قىلغان بولسىمۇ لېكىن ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارقاق كۈچلىرى يەنىلا پاراكەندىچىلىكىنى توختاتماي قۇمۇلدىكى «نۇرغۇن يېزا ـ كەنتلەردە تېرىقچىلىق قىلغىلى بولمايدىغان» ㉗ بولۇپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئىلگىرىكى مۇداپىئەدە تۇرۇش شەيئىنى ئۆزگەرتىپ ئاكتىپ ئىچكىرىلەپ كىرىش ئىستراتېگىيىسىنى قوللاندى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش بىر مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى. ھەربىي ئاشلىقنى توشۇش ئۈچۈن «سەنشى، شەنشىدىن 3000 هارۋا ئاجرىتىلدى. ھەربىر هارۋىغا 3 نەپەر هارۋىكەش كېتەتتى. جيايۇگۇەندىن قۇمۇلغىچە 12 ئۆتەڭ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھەربىر ئۆتەڭگە 250 هارۋا توغرا كېلەتتى. مۇشۇنىڭ بىلەن ئاشلىقلار ئۈزۈلمەي توشۇلۇپ تۇراتتى» ㉘. دېمەك، ھەربىي ئاشلىقنى يۆتكەشكە ئىنتايىن كۆپ خىراجەت كېتەتتى. ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتىكى قىيىن ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى قۇمۇلدا بوز يەر ئېچىش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى.

ئىمىن ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلارنى باشلاپ تاشلىمۋېلىقتا بوز يەر ئېچىشقا كىرىشتى. كاڭشىنىڭ 58 - يىلى (1719 - يىلى) ئىمىن تاشۋېلىقتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ يالىڭاچ ئارپىدىن 608 دەن ھوسۇل ئالدى㉙. تاشۋېلىق «تەسكەي ھەم سوغۇق» بولغانلىقتىن، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە مۇۋاپىق كەلمەيتتى. شۇڭا، كېيىن تۇرپاندا بوز يەر ئېچىلدى، لېكىن ئىمىنگە «تۇرپاننىڭ سۇ، تۇپرىقى ماس كەلمىگەنلىكتىن ئۇ يەنە 400 ئۇيغۇرنى باشلاپ، قۇمۇلنىڭ تاشۋېلىققا قايتىپ كېلىپ تېرىقچىلىق قىلدى» ㉚ ۋە داۋاملىق چىڭ قوشۇنلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى.

چىڭ سۇلالىسى ئىمىننى بوز يەر ئېچىشتا تۆھپىسى بار دەپ قارىغانلىقتىن، يوڭجېڭنىڭ 5 - يىلى (1727 - يىلى) ئۇنىڭغا ساداقەتمەن بەگ دېگەن ئۇنۋاننى بەردى ۋە «ئۇنىڭ ئۆزىگە 1000 سەر كۈمۈش، قول ئاستىدىكى 400 ئۇيغۇرنىڭ ھەربىرىگە ئىككى سەردىن كۈمۈش ۋە بىر توپتىن رەخت ئىنئام

قىلدى»㉛. يوڭچېڭنىڭ 7 ـ يىلى (1729 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا يەنە ئۇنى خوشۇن بېزىلىققا تەيىنلەندى.

1732 ـ يىلى جۇڭغار موڭغۇللىرى «تۇرمۇشى قىيىنلاشقانلىقتىن يەنە قۇمۇلغا كېلىپ مال ـ چارۋا بۇلىماقچى» بولدى، سەپتىڭ سېرىن نامجار 6000 ئەسكەرنى باشلاپ قۇمۇلغا كېلىپ پاراكەندىچىلىك سالدى㉜. ئېمىن تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلارنى باشلاپ، چىڭ قوشۇنلىرىغا ئاكتىپ ياردەملىشىپ «شەھەر سىرتىدىكى مۇھىم ئورۇنلارغا قاۋۇل مۇسۇلمان لەشكەرلەرنى تاللاپ بۆكتۈرمىگە قويۇپ، باسمىچى موڭغۇللارنى تۇتتى»㉝. چىڭ قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا تۇتۇۋالغان جۇڭغارلارنى «بېزى ئېمىننىڭ نەزەربەنت قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى»㉞. چىڭ قوشۇنى ۋە ئېمىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەمكارلىشىشى نەتىجىسىدە جۇڭغارلارنىڭ ھۇجۇمى ناھايىتى تېزلا چېكىندۈرۈلدى. ئېمىن تۆھپە كۆرسەتكەنلىكتىن چىڭ سۇلالىسى خانى كاتتا ئىنئام بەردى ۋە: «قۇمۇل قاراقچىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇشى ئىنئامغا لايىقتۇر. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلار سىرتتا بېقىۋاتقان ماللىرىنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ كېتەلمەي قاراقچىلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراپتۇ. ئۆلگەن چارۋىلار كۆپ ئوخشايدۇ. بۇ ئىشنى كۆڭلۈمگە سېلىپ قويدۇم. چارۋىسى زىيانغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارغا 1 تۈمەن سەر كۈمۈش بېرىلسۇن. شەھەرنى قوغداپ قاراقچىلارغا قارشى تۇرغانلارغا 5000 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىنىپ، ئىسىملىك بويىچە بۆلۈپ بېرىلسۇن، قاراقچىلارنى تۇتۇۋالغانلار ئالاھىدە تارتۇقلانسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى㉟.

ئېمىن ئۆمرىدە ئىككى چوڭ تۆھپە كۆرسەتكەن بولۇپ، بىرى، چىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە قۇمۇلنى قوغداپ، جۇڭغارلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغانلىقى، يەنە بىرى پۈتۈن كۈچى

بىلەن بوز يەر ئېچىپ چىڭ قوشۇنىنىڭ ئاشلىقىنى ھەل قىلغانلىقى ئىدى. ئۇ چيەنلۇڭنىڭ 5 - يىلى (1740 - يىلى) ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئوغلى يۇسۇپ ئادەت بويىچە ساداقەتمەن بەگلىككە تەيىنلەندى.

يۇسۇپ ساداقەتمەن بەگ مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، قۇمۇل تەۋەسىدە ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىدى. ئۇ ئاساسەن تىنچ ھالەتتە بەش يىلنى ئۆتكۈزدى. چيەنلۇڭنىڭ 10 - يىلى (1745 - يىلى) چىڭ ئوردىسى ئۇنى بېزىلىققا تەيىنلىدى.

1757 - يىلى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلاڭ كۆتۈردى. چىڭ سۇلالىسى جەنۇبىي شىنجاڭغا قوشۇن كىرگۈزدى. يۇسۇپ «مۇسۇلمانلاردىن 100 ئەسكەرنى باشلاپ چوڭ قوشۇنغا ھەمدەم بولۇشنى ئىلتىماس قىلدى» ، چىڭ ئوردىسى بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى.

«ئۇ ئۆز تەلىپىگە ئاساسەن يارخاشەن، ئىمىن خوجىلار بىلەن بىرلىكتە يۈرۈش قىلدى»㊱ ، يۇسۇپنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن مۇئەييەن چاقىرىق كۈچى بولغاچقا، ئۇ چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئاغلاقچى ئامباللىققا تەيىنلىنىپ، قوشۇن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كىردى. ئۇزۇن ئۆتمەي چىڭ سۇلالىسى «ئەگەر كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلەر ئېلىنسا، ساقلاشقا ئەسكەر قالدۇرۇلسۇن، يۇسۇپ سەمىمىي، ئۆزىنى ساقلاشقا ماھىر ئادەم، ئۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم ئورۇنلارنى تاللاپ ئورۇنلاشسۇن، ئەل بولغانلارنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئالاقىلىشىدىغان ئۆتەڭلەرنى قۇرسۇن» ㊲ ، دەپ پەرمان چۈشۈردى. كۇچاغا قىلىنغان ھۇجۇمدا يۇسۇپ ئۆز كارامىتىنى نامايان قىلغانلىقتىن ئوردا «ئالتە توپ يىپەك ئىنئام قىلدى ھەم ئۇنىڭ تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى»㊳ .

يۇسۇپنىڭ لەشكىرىي ئىشلارغا ماھىرلىقىدىن چيەنلۇڭ ئىنتايىن رازى بولۇپ، «يۇسۇپ قوشۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش،

ئۇچتۇرپاننى مۇداپىئە قىلىشتا ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن غەيرەتكە كېلىپ ئىشلىدى. بۇ ماختاشقا لايىقتۇر. شۇڭا، بىلە-لىق ئۇنۋانى بېرىلسۇن»㊴، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ھەم ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشەنچ باغلاپ، يەكەن، قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋا-لىنى تىڭتىڭلاشقا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنى ئەۋەتتى㊵. ئۇچ-تۇرپان قەشقەرگە بارىدىغان يولنىڭ تۈگۈنى بولغاچقا، چىڭ سۇ-لالىسى يەنە يۈسۈپنى ئۇچتۇرپاننى قوغداشقا ئەۋەتتى ھەم «شۇخې-دېنىڭ مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۇچتۇرپان لەشكەرلەر ئۆتىدىغان مۇ-ھىم يول ئىكەن. ناشتۇڭنىڭ باشچىلىقىدا 500 نەپەر تىنچلان-دۇرغۇچى قوشۇن ئەۋەتىلىپ، يۈسۈپكە ھەمكارلاشتۇرۇلسۇن. يۈسۈپ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى كونا ئادىمىمىز. ئۇچتۇرپاندىكى ئىشلارنى بار كۈچى بىلەن ئىشلەيدۇ. ئۇ يەردە كۆپ ئەسكەر تۇرغۇزۇش ھاجەتسىز»㊶، دەپ پەرمان چۈشۈردى. چىڭ قوشۇ-نى يەكەن، قەشقەرلەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن. خان بۇ ئىك-كى شەھەرنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىزى» ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، يەنە «بۇ ئىككى شەھەرگە ھاكىمبەگلەرنى تولۇقلاپ تە-يىنلەش چىڭ تۇتۇلسۇن، مېنىڭ ئويۇمچە ئىمىن خوجا يەكەننى، يۈسۈپ قەشقەرنى باشقۇرسۇن»㊷، دەپ پەرمان چۈشۈردى. چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا چيەنلۇڭ خان يەنە «يۈسۈپ ئۇچتۇرپاندا تۇرغاندىن بۇيان ئىشلارنى ھەقىقى ئۇنۇملۇك بېجىردى. شۇڭا، بېلېلىققا تەيىنلەنسۇن»㊸، دەپ پەرمان چۈشۈردى. بىر ئايدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى خانى، يەنى «ئىمىن خوجا، يۈسۈپلەرنىڭ تۆھپىسى بار... يۈسۈپكە ئە-نانچىخانلىق مەنسۇسى بېرىلسۇن»㊹، دەپ پەرمان چۈشۈردى.

چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن يۈسۈپ بېيجىڭغا ئوردىنى تاۋاپ قىلىشقا بېرىپ چىڭ ئوردىسىنىڭ زور ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشتى.

چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) «خان ئادالەت

قەسرىدە قۇمۇل جاسىقىنىڭ ئىنانچىخان دەرىجىلىك بېلىبىسى يۇ-سۇپكە قالپاق ۋە تون ئىنئام قىلدى»㊺ .

شۇ يىلى 3 - ئايدا «شادلىق بېغىدا شايى تون ۋە چاي، مېۋە - چېۋە ئىنئام قىلدى»㊻ .

شۇ يىلى شۇ ئايدا يەنە «شادلىق بېغىدا··· چاي، مېۋە - چېۋە ئىنئام قىلدى»㊼ .

شۇ يىلى شۇ ئايدا يەنە «كۆكلەم بېغىدا ئۇنىڭغا زىياپەت بەردى» ㊽ .

يۇسۇپ قىزغىن ئىلتىپاتلارغا ئېرىشىپلا قالماستىن، شۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىنىسى ئەبەيدۇللامۇ يەنە ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىم-بەگلىكىگە تەيىنلەندى㊾ .

يۇسۇپ بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇمۇلدا بىر يىلدىن كۆپرەك ئارام ئالدى. ئاندىن قەشقەرگە ئـەۋەتىلىپ «مەسلىھەتچى ئامباللىققا تـەيىنلىنىپ تـەمىنـاتى قـائىدە بو-يىچـە بېرىلدى» ㊿ .

چيەنلۇڭنىڭ 28 - يىلى (1763 - يىلى) ئاپەت يۈز بەر-گەنلىكتىن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئامباللار يۇقىرىلاردىن ئېلىنى-دىغان غەللە - پاراقنى كەچۈرۈم قىلىش ھەققىدە خانغا مەكتۇپ سۇندى. ئىمىن خوجا بىلەن يۇسۇپ تەۋەلىكىدە ئۇيغۇر دېھقانلار-نىڭ يەرلىرى بولسىمۇ مەكتۇپ سۇنۇشقا قاتناشمىدى. چيەنلۇڭ خان بۇنىڭدىن ئىنتايىن رەنجىپ «ئىمىن خوجا، يۇسۇپلەر مېنىڭ كونا خىزمەتكارلىرىم، ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە مەسلىھەتچى ئامبال بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرماي ئوخشاش ئىش كۆرۈشى كېرەك ئىدى··· بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئىشتا ئوخشاش يول تۇتسۇن، ئۆزىنى چەتكە ئالمىسۇن»(51) ، دېدى ھەم ئۇزۇن ئۆتمەي بەگلەرنى تولۇقلاپ تەيىنلىگەندە، ئىمىن خوجا ۋە يۇسۇپلەردىن رەنجىپ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىدى(52) . بۇ-نىڭدىن چيەنلۇڭ خاننىڭ يۇسۇپنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقا ئە-

مەلدارلىرىغا ئوخشاش كۆرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.
چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى (1765 - يىلى) ئۇچتۇرپاندا يۇسۇپنىڭ ئىنىسى ئابدۇللا «مۇسۇلمانلارنىڭ مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلغان»، پۇقرالارنى قاتتىق ئەزگەنلىكتىن قوزغىلاڭ پارتلىدى. چيەنلۇڭ خان قاتتىق غەزەپلىنىپ «ئۇنى يۇسۇپنىڭ ئىنىسى دەپ كەڭچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ... ئابدۇللانى ئاشكارا جازالاش كېرەك» ⑤③ دېدى. شۇنداقلا بۇ ئىش گەرچە يۇسۇپ بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ «ئىمىن خوجا بىلەن يۇسۇپ ئۆزۈن سىناقلاردىن ئۆتكەن خىزمەتكارلىرىم، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئىەقىلسىز بولغاچقا، ئىشنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنى پەرق قىلالماي، كىچىك مەنپەئەتنى دەپ ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلغان بولۇشى مۇمكىن. پەرمانىم شۇكى، ھەرقايسى ئامباللار ئۇچتۇرپاندىكى ئىشنى ساۋاق قىلىپ، ئىشلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرسۇن، قول ئاستىدىكىلەرنى چەكلەپ تۇرسۇن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى باشقۇرۇشنى قەتئىي بوشاشتۇرمىسۇن» ⑤④، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.
ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن يۇسۇپتە بىر خىل ئوڭايسىزلىق پەيدا بولدى، شۇڭا ئۇ چىڭ ئوردىسىغا مەكتۇپ سۇنۇپ «كەمىنىنىڭ ئىنىسى ئابدۇللا ئۇچتۇرپاندىكى مۇسۇلمانلارغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ، بۇ ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ كەمىنىنىڭ ياخشى تەربىيە قىلمىغانلىقىدىن بولدى. شۇڭا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشىنى سورايمەن» دېدى. لېكىن، چىڭ ئوردىسى «ئابدۇللا ھاكىمبەگ تۇرۇپ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇشىغا يول قويغان. ئۆز جىنايىتىگە ئۆزى ئىگە بولىدۇ. بۇ يۇسۇپ بىلەن ئالاقىسىز. شۇڭا، كەڭچىلىك سۈپىتىدە يۇسۇپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپشۇرۇلمىسۇن»، دەپ جاۋاب قايتۇردى⑤⑤.
ئەمما، چىڭ ئوردىسىنىڭ ئۇچتۇرپان ۋەقەسىدە يۇسۇپنىڭ

مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرمەسلىكى يۈسۈپكە بىر زەربە بولدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ غەمكىنلىشىپ ئاغرىپ قالدى. چيەنلۇڭ خان ئۇنىڭغا دورا ئەلتىپ قىلدى ھەم ئادەم ئەۋەتىپ يوقلىدى⑯. ئۇزاق ئۆتمەي يۈسۈپ بېجىڭغا تاۋاپقا بېرىپ، چيەنلۇڭنىڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) سەنشىنىڭ لىڭشى ناھىيەسىدە سەپەر ئۈستىدە ۋاپات بولدى. چىڭ ئوردىسى ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرى ئۈچۈن 500 سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ قومۇلدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلارغا «خاننىڭ دەپنە ھەققىدىكى پەرمانىنى جاكارلاش» نى ھاۋالە قىلدى ھەم يۈسۈپنىڭ جەسىتىنى قومۇلغا ئوبدان يەتكۈزۈشكە پەرمان چۈشۈردى⑰.

يۈسۈپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنۇ قومۇلغا قايتىش سەپىرىدە چېچەك چىقىپ ئۆلۈپ كەتتى. چىڭ ئوردىسى ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ يەنە 500 سەر كۈمۈش ئاجراتتى.

چيەنلۇڭنىڭ 32 - يىلى (1767 - يىلى) يۈسۈپنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىسھاق ئىنانچىخان دەرىجىلىك جاساق دورو بېلىنىقا ۋارىسلىق قىلدى.

يۈسۈپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن چىڭ ئوردىسى ئىسھاقنى «ياش، كۆچكە تولغان، بىلىملىك، غەيرەتلىك» دەپ قاراپ، مەقسەتلىك ھالدا تەربىيىلىدى. چيەنلۇڭنىڭ 37-يىلى (1772-يىلى) چىڭ خانى لەشكىرىي پىرقىنىڭ ۋەزىرلىرىگە: «مەن ئىسھاقنى ئىلىغا بېرىپ، شۇخېدېدىن ئىش بېجىرىشنى ئۆگەنسۇنمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن. ئىسھاقنىڭ ئىنىلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرالايدىغانلار چىقىدۇ. ئەگەر چىقمىسا، ئىسھاق يېقىنراق ئۈرۈمچىگە بېرىپ سونۇم سىبرىندىن ئۆگەنسىمۇ يەنىلا ئىشلىرىنى بۇرۇنقىدەك باشقۇرۇپ كېتەلەيدۇ. شۇ خېدى ئۇزۇن يىللار چېنىققان، سونۇم سىبرىن بولسا ئەمدىلا ۋەزىپىگە ئولتۇردى. ئۆگىنىش توغرا كەلسە، شۇخېدېدىن ئۆگەنسە ياخشى-

راق. مېنىڭ پىكرىمنى ئىسھاققا يەتكۈزۈڭلار. ئۇ ئەستايىدىل ئويلانغاندىن كېيىن جاۋاب بەرسۇن. ئۇنىڭ جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا ئاغلاقچى ئامباللىق مەنسىپىنى بېرىپ، ئۆگىنىشكە ئەۋەتىمەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ مېنىڭ شاپائىتىمگە مۇيەسسەر بولىدۇ، مەنمۇ بىر ياخشى مۇسۇلمان ئەمەلدارغا ئېرىشىمەن. بۇ بەكمۇ ياخشى ئىش. ئاستانىدىكى ئامباللار شىنجاڭغا ۋەزىپىگە ماڭغاندا ئائىلە تاۋابىئاتىنى ئېلىپ مېڭىشقا يول قويۇلغاندەك، ئىسھاقمۇ ئائىلە تاۋابىئاتىنى ئېلىپ بارسا بولىدۇ»[58] دېدى. ئىسھاق بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن «ئىلىغا بېرىپ، شۇخېدېدىن ئۆگىنىشنى خالايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. چيەنلۇڭ خان مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىنتايىن مەمنۇن بولدى ھەم «ئىساق ھەقىقىي، ئەمەلىي ئىش قىلىدىكەن، مەن ئىنتايىن خاتىرجەم بولدۇم. ئىسھاق شۇ خېدېدىن ئۆگەنسە، نەتىجىسى زور بولىدۇ. شۇ خېدېغا ئېيتىڭلار. ئىسھاق ئىلىدا تۇرغان چېغىدا ئاغلاقچى ئامبال بولىدۇ. بېرىشكە تېگىشلىك ھۆكۈمەت تەمىناتى قائىدە بويىچە بېرىلىدۇ. ئىسھاق ئويراتلارنى باشقۇرامدۇ ياكى بوز يەر ئاچقان ئۇيغۇرلارنى باشقۇرامدۇ، شۇ خېدېدى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىسۇن، كۆپرەك كۆرسەتمە بېرىپ تۇرسۇن، ئىسھاقنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئىنىسى ئەخمەت باشقۇرۇپ تۇرسۇن»[59] دېدى.

ئىسھاق چيەنلۇڭنىڭ 38 ـ يىلى (1773 ـ يىلى) ئىلىغا باردى. چىڭ ئوردىسى ئۇنى ئاغلاقچى ئامباللىققا تەيىنلەپ، ئىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى. ئىسھاق ئىلىدا 3 يىل تۇرۇپ چيەنلۇڭنىڭ 41 ـ يىلى (1776 ـ يىلى) قۇمۇلغا قايتتى.

ئىسھاق قايتىپ كېلىپ تېخى ھېچقانچە ئۈنۈم قازانمايلا چيەنلۇڭنىڭ 45 ـ يىلى (1780 ـ يىلى) بەختكە قارشى ياۋا چېچەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى. چىڭ خانى ئۇنىڭغا «پىش-

قان، ئېھتىياتچان، قول ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارنى تىزگىنلىيەلەيدۇ»[60]، دەپ باھا بەردى ھەم ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرى ئۈچۈن 300 سەر كۈمۈش ئاجراتتى[61].

بەزىلەر ئىسھاق جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقتىن چىڭ ئوردىسى تەرىپىدىن ئاقسۇغا 10 يىللىق پالانغان دەپ قارايدۇ[62]. بۇ قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئىسھاق 1767 - يىلى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، 1780 - يىلى كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغانغا، قەدەر 13 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ 13 يىل جەريانىدا چىڭ خانى ئۇنى ئىلىغا ئۈچ يىللىق ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەن. ئۇ مەيلى بۇ ئىشنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە پالانغان بولسۇن، بۇ ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى بىلەن ماس كەلمەيدۇ. ئۇ ئىلىدا ئۆگىنىۋاتقان مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئىنىسى ئەخمەت باشقۇرۇپ تۇرغان بولۇپ، بۇ «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىلىدىكى ئۆگىنىشىنى چۈشەنمەي خاتا ھالدا ئۇنى ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىنغان دەپ قارىغان.

ئىسھاق ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئەردەشىر ئىنانچىخان دەرىجىلىك جاساق دوروبېلىقتا ۋارىسلىق قىلدى. ئەردەشىر قاتارلىقلارنىڭ مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە چىڭ خانى مەخسۇس يارلىق چۈشۈرۈپ «قۇمۇل، تۇرپانلار ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان سەلتەنىتىمىزگە خىزمەت قىلىپ كەلدى. باشقا مۇسۇلمان شەھەرلىرى گەرچە شىنجاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن ئەل قىلىنغان بولسىمۇ، 30 يىلچە ۋاقىتتىن بېرى زور غەيرەت كۆرسەتكەنلىكتىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ۋاڭ، بېلې، بېزى، بەگ، تەيجى قاتارلىق ئەمەللەرگە نائىل بولدى. ئۇلارغا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىش ياكى بوش قالغان ئورۇنغا ئەمەلىنى تۆۋەنلىتىپ ۋارىسلىق قىلغۇزۇش بەلگىلەندى. گەرچە بۇ ئىش ئادەت بويىچە بېجىرىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن

ئىسھاق قاتارلىقلار ئۇزاقتىن بېرى بەيئەت قىلغان، مېنىڭ ئىلـ
تىپاتىمغا ئېرىشىپ ھەرخىل ئەمەللەردە بولغان. جۇملىدىن قۇ-
مۇلنىڭ ئىناچىخان دەرىجىلىك بېلىسى ئەردەشىرنىڭ چوڭ بوۋى-
سى ئەبەيدۇللا بەيئەت قىلغاندىن بېرى، ئۇلار نەچچە ئەۋلاد خىز-
مىتىمىزدە بولدى. ئەردەشىرنىڭ بوۋىسى يۇسۇپ ھەربىي يۇرۇش-
تە زور تۆھپە قوشتى... ئەگەر بوش قالغان ئورۇنغا ئەمىلىنى
تۆۋەنلىتىپ تەيىنلەش ئادىتى بويىچە ئىش كۆرگەندە ۋاقىت ئۇزار-
غانسېرى ئۇلارنىڭ دەرىجىسى بەكلا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇ مېنىڭ
مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇسىغا يان باسقىنىم ئەمەس. ئەردەشىر...
قاتارلىق ئون كىشىگە ئىلتىپات قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھازىر ۋا-
رىسلىق قىلىۋاتقان ... مەنسىپى تۆۋەنلىتىلمىسۇن. مېنىڭ مۇ-
سۇلمان خىزمەتكارلىرىمنىڭ ئارزۇسىنى قوللىغىنىم نامايان بول-
سۇن» ⑥③ دېدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ مەزگىلدە مۇسۇلمانلارغا
قوللانغان سىياسىتىدە شاپائەت قىلىش بىلەن ھەيۋە كۆرسىتىش
تەڭلا قوللىنىلغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن جىنايەتكار ۋاڭ - بەگ-
لەرگە يېڭىۋاشتىن جازا بېرىلىپ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ
زىيادە ئېزىلىش سەۋەبىدىن قارشىلىق قىلىشنىڭ ئالدى ئېلىند-
غان؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى قاتلام سەردارلىـ
رىغا ئەمەل مەنسەپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشى ۋە ھەمكارلىـ
شىشى قولغا كەلتۈرۈلگەن.

ئەردەشىر ئۆمرىدە تۆت قېتىم بېيجىڭغا تاۋاپقا بارغان بو-
لۇپ، بىرىنچى قېتىم چيەنلۇڭنىڭ55-يىلى (1790-يىلى)؛
ئىككىنچى قېتىم چيەنلۇڭنىڭ 61 - يىلى (1795-يىلى)؛ ئۈ-
چىنچى قېتىم جياچىڭنىڭ 7 - يىلى (1802-يىلى)؛ تۆتىنچى
قېتىم جيا چىڭنىڭ 14 - يىلى (1809 - يىلى) بارغان.
ئەردەشىر ھەر قېتىم پايتەختكە كەلگەندە، كاتتا كۇتۇۋېلىشقا
مۇيەسسەر بولغان بولۇپ، خان كۆپ قېتىم زىياپەت بەرگەن ۋە
سوۋغا ئىنئام قىلغان. مەسىلەن، چيەنلۇڭ خان ئۇنىڭغا «سېرىق

ماگازا ۋە قوش كۆزلۈك ئوتتۇغات» 64 ئىنئام قىلغان.
ئەردەشىرنىڭ زامانىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش شۇكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئەردەشىرنىڭ «مۇھاپىزەتچى ئەمەلدارلىرى» نىڭ سانىنى قىسقارتىشقا توغرا كەلگەندە، چيەنلۇڭ خان بۇنىڭغا قوشۇلماي «خان ئۈچۈن تۆھپە قوشقان مۇسۇلمان خىزمەتكارلىرىغا بولغان ئىلتىپاتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئەردەشىرنىڭ قول ئاستىدىكى مۇھاپىزەتچى ئەمەلدارلارنىڭ بۇرۇنقى سانىنى ساقلاپ قالغان» 65 .
ئەردەشىر كېسەل سەۋەبىدىن جياچىڭنىڭ 18 - يىلى (1813 - يىلى) ۋاپات بولدى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرى ئۈچۈن 300 سەر كۈمۈش ئاجراتتى 66 . بەزىلەر ئۇنى 1820 - يىلى ۋاپات بولغان دەيدۇ، 67 بۇ توغرا ئەمەس.
شۇ يىلى ئەردەشىرنىڭ ئوغلى بېشىر ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى.
1820 - يىلىدىن كېيىن خوجا ئەۋلادلىرى كۆپ قېتىم توپىلاڭ كۆتۈردى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا قوشۇن چىقاردى. ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى توشۇش يەنە قىيىن مەسىلىگە ئايلاندى. بۇ ۋاقىتتا بېشىر ئاكتىپلىق بىلەن ھارۋا تەييارلاپ، ئۇيغۇرلارنى تەشكىللەپ توشۇشقا قاتناشتى. «قۇمۇلنىڭ ئىنانچىخان دەرىجىسىدىكى بېلىسى مۇسۇلمان بېشىر ھەربىي ئاشلىقنى توشۇش ئۈچۈن 2000 كالا ھارۋىسى ياللاپ، ئۆزى باش بولۇپ ئىشلىدى. ئاشلىق توشۇغۇچىلار چېگرىدىن ئۆتكەندە يەنە ئىنىسى جاساقبەگ نەزەرنى ئەۋەتىپ كۆپ كۈچ چىقاردى. بۇ قېتىم قوشۇن جايلاردىن ئۆتۈشتە ۋەزىپە ئىنتايىن كۆپ بولدى. بېشىر ئاكا - ئىنى ئىككىيلەن كۆپ تۆھپە كۆرسەتتى...» 68 .
1827 - يىلى جاھانگىر توپىلىڭى دەسلەپكى قەدەمدە تىنچىتىلىپ، چىڭ ھۆكۈمىتى بېشىر ئاكا - ئىنى ئىككىيلەننى مۇكاپاتلىدى.

1830 ـ يىلى قوقەندخانلىقىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن يۈسۈپ شىنجاڭغا بېسىپ كىردى. بېشىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ «ئۆزى 300 مۇسۇلماننى باشلاپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ چوڭ بارگاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا نائىل بولۇشنى ئىلتىماس قىلدى» (69). چىڭ ھۆكۈمىتى قۇمۇل بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقى يىراق، «بېرىپ كېلىشكە كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ»، ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتكەن قوشۇن يېتىپ ئاشىدۇ دەپ قاراپ، بېشىرنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلىمىدى. بېشىر ھەربىي لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەشنىڭمۇ قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال «بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئات، كالا ھارۋىلىرىنى يىغىپ، مىڭ ھارۋا تەييارلاپ، ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى تۇرپانغىچە يەتكۈزۈپ بەردى» (70).

بېشىرنىڭ ھارۋىلىرىغا چىڭ سۇلالىسى بەلگىلىمە بويىچە ھەق بەردى. «بېشىر بۇ غەمخورلۇقتىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، قاۋۇل ئاتتىن 300، قويدىن 1000 تۇياق تەييارلاپ» (71) چىڭ سۇلالىسىگە تەقدىم قىلماقچى بولدى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئىنئام سۈپىتىدە چوڭ ئىككى توپ تاۋار تارتۇق قىلدى» ھەم «ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ، مۇكاپاتلىشىغا تاپشۇردى» (72).

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1820 ـ يىلى شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزۈلگەندىن بۇيان بېشىر «كۆپلەپ ھارۋا تۆگىلەرنى تەييارلاپ بەردى، بۇ تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ» دەپ قاراپ، داۋاگۇاڭنىڭ 11 ـ يىلى (1831 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا «لەشكىرىي ئىشلاردا كۈچ چىقارغان قۇمۇل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىنانچىخان دەرىجىلىك بېلىسى بېشىر قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ئىمتىياز بەردى» (73). ئىككىنچى يىلى 12 ـ ئايدا «قۇمۇل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىنانچىخان دەرىجىلىك بېلىسى بېشىرغا… زىجىن قەسرى ئىچىدە ئاتلىق يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىش… ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى» (74)،

شۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە بېشىرنى ئۆستۈرۈپ ئىنانچىخانلىققا تەيىنلىدى[75].

بېشىر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالغاندىن كېيىن قۇمۇلدىكى ھەربىي، سودىگەر، پۇقرا ۋە بايلارنى ئېزىشكە باشلىدى. داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى (1845 - يىلى) لىن زېشۈي قۇمۇلغا تەكشۈرۈشكە كەلگەندە يۈزلىگەن ئادەم يولنى توسۇپ ئەرز قىلدى. بېشىر ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال خانلىققا 1 تۈمەن مو يەر تەقدىم قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بېشىرنىڭ قۇمۇلدىكى ئەسكەر، خەلقنى ئېزىشكە ئىنتايىن نارازى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇرۇنقى تۆھپىلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئارتۇقچە سۈرۈشتە قىلىپ كەتمىدى.

شيەنفېڭنىڭ 4 - يىلى (1854 - يىلى) بېشىر «ھەربىي خىراجەت ئۈچۈن 5000 سەر كۈمۈش تەقدىم قىلماقچى بولدى»، لېكىن چىڭ ھۆكۈمىتى ئالمىدى. شيەنفېڭنىڭ 10 - يىلى (1860 - يىلى) چىڭ ئوردىسى «قۇمۇل جاسىقىنىڭ ئىنانچىخانى بېشىرگە بىنەپشە رەڭ پوتا ئىنئام قىلدى ھەم ئوردىدا ئەركىن مېڭىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلدى»[76]، تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى (1864 - يىلى) بېشىر «ئۆستەڭ چېپىشقا ياردەم قىلىپ»، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلدا بوز يەر ئېچىشىغا ياردەملەشتى. چىڭ سۇلالىسى يەنە «... قۇمۇل جاسىقىنىڭ ئىنانچىخانى بېشىرغا شاھزادىلىك مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلدى»[77]، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، بېشىر يەنە چىڭ سۇلالىسىغا ھەمنەپەس بولغانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «سېرىق رەڭلىك پوتا» ئىنئام قىلدى[78]. كېيىن بېشىر قوزغىلاڭچىلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغانلىقتىن قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى[79]. چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ تۆھپىسىنى تارتۇقلاش ئۈچۈن قۇمۇلدا ئۇنىڭغا ئاتاپ تاۋاپخانا سالدۇردى[80].

بۇ باسقۇچ قۇمۇل ۋاڭلىرى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك ئۆزئارا تايىنىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ توپىلاڭلىرىدا ئەبەيدۇللا جەمەتى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پائال قوغدىدى. ئورنىمۇ تەدرىجىي ئۆسۈپ، بېشىر دەۋرىگە كەلگەندە ئىنتانچىخانلىققا كۆتۈرۈلدى. 1864 ـ يىلى پارتلىغان شىنجاڭدىكى خەلق قوزغىلىڭىدا پۈتكۈل ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ۋاڭ، بەگلەرنىڭ كۆپچى قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ پۈت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى بىكار قىلدى. پەقەت قۇمۇل ۋاڭلىقىنىلا «پۇقرالىرى كۆپ، پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ» ⑧①، دەپ قاراپ، ئەبەيدۇللا جەمەتىنىڭ قۇمۇلدىكى ئاتامىراس ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى. ئەمەلىيەتتە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەب بۇ ئەمەس. چۈنكى، قۇمۇلمۇ بىر قانچە قېتىملىق ھۇجۇمدا بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھالى خارابلاشقان، قۇمۇل خەلقى كۆپلەپ كۆچۈپ كېتىپ، پەقەت ئاھالىنىڭ ئوندىن بىرىلا قالغان⑧②. بېشىر بولسا ئۆلتۈرۈلگەن. ئوغلى پالەچ بولۇپ قالغان بولۇپ، ۋاڭلىقىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمىغانىدى. بىزنىڭچە ئەبەيدۇللا جەمەتىنىڭ ئاتا مىراسلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشتىكى تۈپ سەۋەب بۇ جەمەتىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا زور تۆھپە قوشقانلىقىدا بولسا كېرەك.

## § 3 . ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە پۈتۈنلەي بېقىنىش باسقۇچى

تۇڭجىنىڭ 6 ـ يىلى (1867 ـ يىلى) بېشىرنىڭ ئوغلى

مۇھەممەت ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. مۇھەممەت پالەچ
بولسىمۇ زېھنى ئوچۇق، سۆزى راۋان ئىدى. ئۇنى ئۇيغۇرلار
«ئاق خان»، خەنزۇلار «پالەچ ۋاڭ» [83] دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ
ۋاڭلىق ھوقۇقىنى بولسا، بېشىرنىڭ ئاغىچىسى مېھرىبانۇ يۈر-
گۈزەتتى.

مېھرىبانۇ قۇمۇلدا توختىماي كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دېھقانلار
قوزغىلاڭلىرىدا باشتىن ئاخىر چىڭ سۇلالىسى تەرەپتە تۇردى.
«ئەسكەر ۋە ئاشلىق تەييارلاپ مۇسۇلمانلارنىڭ يېرىنى ھەربىي
ئاشلىق تېرىشقا بەردى... ئۆزى قورال - ياراغ تەييارلاپ، تەيجى
قاتارلىقلارنى ئەسكەرلەر بىلەن بىرگە ئەۋەتىپ، باندىتلارنى باس-
تۇردى. مۇسۇلمانلارنى تېزگىنلەپ زېمىننى قوغدىدى... شۇڭا
مېھرىبانۇغا شاھزادە ئاغىچىسى دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى...» [84].

تۇڭجىنىڭ 27 - يىلى (1873 - يىلى) قۇمۇل سېپىلى
قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلىنىپ، مېھرىبانۇ ۋە مۇ-
ھەممەد ۋاڭنى قوزغىلاڭچىلار تۇتۇپ بوغازغا ئېلىپ كەتتى.
«مېھرىبانۇ باندىتلارنىڭ تەھدىتىگە باش ئەگمىدى» [85]، چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ بوغازدىكى بارگاھىنى ۋەي-
ران قىلغاندا، قوزغىلاڭچىلار مېھرىبانۇ بىلەن مۇھەممەد ۋاڭنى
يەنە ئۆزى بىلەن بىللە غەربكە ئېلىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسى
قوشۇنى لياۋ دۇنغچە قوغلاپ بېرىپ، مۇھەممەد ۋاڭنى قۇتۇل-
دۇردى. ئەمما، مېھرىبانۇنى قۇتۇلدۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن
چىڭ ھۆكۈمىتى «مۇسۇلمان شاھزادە مۇھەممەد تۇيۇقسىز
بالا - قازاغا ئۇچرىغاندىمۇ، تەۋرەنمەي چىڭ تۇردى. بۇ تەقدىر-
لەشكە ئەرزىيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا 2 تۈمەن سەر كۈمۈش ئىنئام
قىلىنسۇن» [86] دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. قۇمۇل مۇسۇلمانلار شە-
ھىرى بىلەن ۋاڭ ئوردىسى بۇ قېتىمقى بۇلاڭ - تالاڭدا ۋەيران
بولۇپ كەتكەنلىكتىن، «قۇمۇل ۋاڭى مۇھەممەد ئوردىغا ئالاھىدە
مەكتۇپ يوللاپ، شەھەر سېپىلىنى رېمونت قىلىش، پىتراپ

كەلگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن 10 يىللىق مۇئاش تەمىناتى ئالدىن بېرىش، يېڭىدىن تامغا ئويدۇرۇپ بېرىش، ۋاڭلىق سەل-تەنەتىنى قايتا داۋاملاشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى… ۋاڭنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن تۇتۇن - سېلىق پىرقىسى 10 يىللىق تەمى-ناتنى ئالدىن بېرىپ، قۇمۇل ۋاڭنىڭ ئەلچىسىگە تاپشۇرۇپ قۇ-مۇلغا يولغا سالدى. ۋاڭنىڭ سېتىۋالغان نەرسىلىرى ئۆتەڭلەر ئارقىلىق توشۇشىغا رۇخسەت قىلىندى ھەم شىغاۋۇل پىرقىسى تامغا ياسىتىپ، ئۆتەڭ ئارقىلىق ۋېلىنىنىڭ يەتكۈزۈپ بېرى-شىگە تاپشۇردى» ⑧⑦ ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيەدە پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىق بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، مۇشۇنداق قىلىشى-دىن قۇمۇل ۋاڭىغا نىسبەتەن ئالاھىدە ئىلتىپات قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مېھرىبانۇ بەيىەنخۇ تەرىپىدىن تۇرپانغا مەجبۇرىي ئېلىپ كېت-تىلگەندىن كېيىن، بەيىەنخۇنىڭ ياقۇپبەگكە ئەل بولۇشى بىلەن ئۇ يەنە بۇگۇر، ئاقسۇ ئەتراپلىرىدا سەرسان بولۇپ يۈردى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ غېمىنى يەپ، كۆپ قېتىم ياقۇپ بەگ بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇنى سۈرۈشتۈردى. ئەمما، ياقۇپ بەگ «كۆرۈنۈش-تە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئاستىرتىن نەيرەڭ ئىشلەتتى…» ⑧⑧ ، گۇاڭشۈينىڭ 4 - يىلى (1878 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئاقسۇ ئەتراپىدىكى جايلارنى قايتۇرۇۋالغاندىلا ئاندىن مېھرىبانۇ قۇتقۇزۇۋېلىندى⑧⑨ .

مېھرىبانۇ قۇمۇلغا قايتقاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. سۇ ئىن-شائاتلىرىنى رېمونت قىلدى. ئېكسپىلاتاتسىيىنى يەڭگىللەتتى. «گاداي سالىق» تەسىس قىلىپ، قىيىنچىلىقتا قالغان پۇقرالارنى باقتى⑨⓪ . بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىگىلىكى مۇئەي-يەن دەرىجىدە ئەسلىگە كەلدى.

مۇھەممەد ۋاڭنىڭ پەرزەنتى يوق بولۇپ، بېشىر ۋاڭنىڭ ئا-

غىچىسى مېھرىبانۇ ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىس تاللاش مەسىلىسىدە ئىنتايىن باش قاتۇردى. ئاخىر ئۇ قىزىنى ياتلىق قىلىپ، كۈيئوغلىنى ۋاڭلىق ئورنىغا چىقىرىشنى قارار قىلىپ، تەڭرىتاغلىرىدا سەرسان بولۇپ مالچىلىق قىلىپ يۈرگەن، ۋاڭ ئەۋلادىدىن بولغان شامەخسۇتنى تاللىدى ۋە ئۇنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن مۆھۆردارلىققا تەيىنلىدى. گۇاڭشۈينىڭ 7 ـ يىلى (1882 ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى شامەخسۇتنىڭ ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشىنى تەستىقلىدى. مۇھەممەد ۋاڭ بەلكىم مۇشۇ يىلى ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن[91]. «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سىياسىي بىلەن دىنىي بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىقى» دېگەن ماقالىدە شامەخسۇت 1875 ـ يىلى ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان دېيىلگەن بولۇپ، بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، گۇاڭشۈينىڭ 6 ـ يىلى (1881 ـ يىلى) مۇھەممەد ۋاڭ ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ، ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ ئۇرۇش ئوتىدا كۆيۈپ كەتكەن «ئىلگىرىكى ۋاڭ ـ بەگلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى، ئىش ـ ئىزلىرى ۋە ئۆتكەن دەۋرلەردە يېزىلغان خاتىرىلىرىنى ئېلان قىلىش»[92] نى ئىلتىماس قىلغان.

شامەخسۇت ۋاڭلىققا ئولتۇرۇپ ئىككىنچى يىلى ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان مەقبەرىلەرنى رېمونت قىلدۇرۇش ئۈچۈن «تەمىنات قەرز ئېلىشنى» ئىلتىماس قىلدى. چىڭ ھۆكۈمىتى «غەمخورلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ 10 يىللىق 2 تۈمەن سەر كۈمۈش تەمىناتىنى ئالدىن بېرىشكە قوشۇلدى.»[93] شامەخسۇت تىجارەتكە ماھىر بولغاچقا، ئىككى يىلدىن كېيىنلا «ئوردىغا كۈمۈش ئەۋەتتى» بۇ سەۋەبتىن چىڭ ئوردىسى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋاڭى شامەخسۇتقا ئىلتىپات قىلىپ ئۈچ كۆزلۈك ئوتۇغات ئىنئام قىلدى ھەم چيەنچىڭ قوۋۇقىدىن باشقا جايلاردا خالىغانچە يۈرۈشكە رۇخسەت قىلدى»[94].

شۇنىڭدىن كېيىن شامەخسۇت كۆپ قېتىم ئوردىنىڭ ئىنئامىغا نائىل بولدى.

گۇاڭشۇينىڭ 20 - يىلى (1895 - يىلى) چىڭ ئوردىسى «... قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋاڭى شامەخسۇتقا سېرىق رەڭلىك پوتا ئىنئام قىلدى»⑮.

گۇاڭشۇينىڭ 21 - يىلى (1896 - يىلى) چىڭ ئوردىسى «مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاڭى شامەخسۇتنى ھەربىي تەمىنات ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە تەقدىرلىدى»⑯.

گۇاڭشۇينىڭ 30 - يىلى (1905 - يىلى) چىڭ ئوردىسى قۇمۇل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋاڭى شامەخسۇتقا... سۆسەر كەمزۇل تارتۇق قىلدى»⑰.

شامەخسۇت چىڭ ھۆكۈمىتىگە زىيادە ساداقەتمەن بولۇپ، 1911 - يىلىنىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسى يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان چاغدىمۇ ئۇ يەنىلا ئوردىنى تاۋاپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا پەقەت «يول ئېچىلغاندا ئاستانىگە كىرسۇن»⑱، دەپ جاۋاب بەردى. جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىنتايىن ئاكتىپلىق بىلەن يېڭى شىكەيگە ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈپ، ئۆزى بېيجىڭغا سالامغا باردى. يۈەن شىكەي پادىشاھ بولۇش خىيالىدا بولغانلىقتىن جايلاردىكى ۋاڭ - بەگلەرنى مەقسەتلىك يېنىغا تارتىپ، شامەخسۇتقا ئالايىتەن «بىرىنچى دەرىجىلىك نائىب باسقاۋۇل، باش جاساقلىق ئالىي شاھزادە» مەرتىۋىسىنى بەردى.

شامەخسۇت پۇقرالىرىنى قاتتىق ئەزگەنلىكتىن، 1907 - يىلى تورپاق يېغىلىقى، 1912 - يىلى تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى پارتلىدى. كىچىك كۆلەمدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە پۇقرالارنىڭ قېچىش ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ كۆپ بولدى. بۇ ئىككى قېتىملىق يېغىلىقنى ياڭ زېڭشىن يۇمشاق، قاتتىق ۋاسىتىلەر ئىشلىتىپ باستۇرۇپ بەردى. جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا ئالدى. شامەخسۇت ياڭ

زىڭشىنغا تايىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھەدەپ ياڭ زېڭشىنغا خۇشامەت قىلىپ، ھەر يىلى ئۇنىڭغا قىممەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، بۆكەن مۈڭگۈزى، ئاشلانغان تېرە ۋە زور مىقداردا ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئەۋەتىپ تۇردى. يەنە بىر ئاماللارنى قىلىپ ياڭ زېڭشىن بىلەن قول بېرىشكەن ئاكا - ئۇكىلاردىن بولۇۋالدى. ياڭ زېڭشىن تېخى شامەخسۇتنىڭ قىزىغا ئەلچىمۇ بولدى.

ياڭ زېڭشىن ئىلگىرىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ھەيۋىسىدىن چۆچۈگەنلىكتىن 1926 - يىلى شامەخسۇتنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللىشىگە قوشۇلدى. ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ «ئادەملىرى» بولۇپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قومۇلدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش» سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن بولۇپ، شامەخسۇتمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىغانىدى. 1914 - يىلى ئۇ بېيجىڭغا روسىيە ئارقىلىق بېرىشنى ئۆتۈنگەندە ياڭ زېڭشىن بۇنى رەت قىلدى. چۈنكى، ئۇ «ياتلار چيەنلۇڭ يىللىرى چىڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان 200 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇزاقىچە تىنچ ئۆتتى. سەۋەبى موڭغۇل، مۇسۇلمان مىللەتلىرى ئاڭقاۋ ئىدى. ئەگەر ئۇ روسىيە ئارقىلىق بېيجىڭغا بارسا، نەچچە مىڭ چاقىرىم يول باسىدۇ. چەت ئەللەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ موللىقىنى، تۆمۈر يول قاتنىشىنى، ماللىرىنىڭ نەپىس، ئېسىللىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىشى مۇمكىن. مۇنداق ئەھۋالدا مەلۇم بىر دۆلەت ئۇزاق ئىستراتېگىيىنى كۆزلەپ ئۇنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۆزىگە تارتىپ، ئازراق پايدا بىلەن ئېزىقتۇرسا، ئۇنىڭ ئايىنىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ قارىغانىدى[99]. شۇڭا، ياڭ زېڭشىن شامەخسۇتنى گەنسۇ ئارقىلىق ماڭدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ-

رەك خىراجەت بېرىشكىمۇ رازى بولدى.
شامەخسۇت قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئىنتايىن ياخشى بىر تەرەپ قىلغان بولۇپ، ھەر قېتىم خەنزۇلارنىڭ ھېيت - بايراملىرى كەلگەندە ئۇ قۇمۇل ناھىيىسىدىكى مۇھىم ئەمەلدارلارنى مۇسۇلمانلار شەھىرىگە چاقىرىپ، زىياپەت بېرەتتى. ۋاڭ ئوردىسى بىلەن قۇمۇل ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا بېرىلگەن زىياپەتلەر ھەر يىلى 4 - 5 قېتىمدىن ئاشاتتى. قۇمۇلدىن ئۆتكەنلىكى ئەمەلدار، مۇھىم ئەربابلارغا ۋاڭ ئۆزى زىياپەت بېرەتتى ھەم ئۇلارنى كۆپ سوۋغاتلار بىلەن يولغا سالاتتى. مېھمانلارنى رازى قىلارلىق كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شامەخسۇت يەنە ۋاڭ ئوردىسىدا مەخسۇس مۇسۇلمانچە بولمىغان ئاشخانىلارنى سېلىپ، خەنزۇ ئاشپەزلەرنى ئىشلەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىر قانچە يەردە باغلىرى بولۇپ، ھەر يىلى قۇمۇلدىكى خەنزۇ، خۇيزۇلارنىڭ ئاقساقاللىرى، چوڭ - كىچىك مۆتىۋەرلىرىگە مېۋە - چېۋىلەرنى ئەۋەتىپ تۇراتتى. لېكىن، شامەخسۇت ئۆز تەۋەلىكىدىكى پۇقرالارنى قاتتىق تېزگىنلەيدىغان بولۇپ، ئادەتتە سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشىنى سۈرۈشتۈرۈشىغا يول قويمايتتى.
شامەخسۇت تەۋەلىكىدە پۈتۈنلەي بىر ھاكىممۇتلەق پادىشاھ بولۇپ، يۈكسەك ھوقۇقتا ئىگە ئىدى. ئۇچ ۋاق تامىقى تولىمۇ مول بولۇپ، نۇرغۇن ئاشپەزلەر مەخسۇس خىزمىتىدە بولاتتى. نامازنىمۇ ئۆزىنىڭ ئايرىم مەسچىتىدە ئوقۇيتتى. ئۇ ھەر قېتىم سەپەرگە چىققاندا، ئۇنىڭغا ئاتاپ ھۆرمەت توپى ئېتىلىدىغان بولۇپ بىرىنچى پاي توپ ئۇنىڭ يولغا چىقماقچى بولغانلىقىنى، ئىككىنچى پاي توپ ئۇنىڭ يولغا چىققانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ۋاڭ يولغا چىقىپ بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە بىر پاي ھۆرمەت توپى ئېتىلاتتى. ۋاڭ قايتىپ كەلگەندە يەنە توپ ئېتىلاتتى. شامەخسۇت سىرتلارغا چىققاندا ھەشەمەتلىك مەپىگە (يەنى ئىككى چاقلىق ئات

ھارۋىسى) ئولتۇرىدىغان بولۇپ، مەيگە نەپىس پەردىلەر تارتىل-
غان، ئىككى چاقى پوتونلەي مىس بىلەن ئورالغانىدى. ئاتلىرىمۇ
ناھايىتى تاللانغان ئاتلار بولۇپ، چاپقان چاغدىمۇ سىلكىنمەي بىر
خىل ماڭاتتى.
شامەخسۇت ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شامال دارىپ قىلىپ يېرىم
پالەچ بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۇچۇن مەخسۇس دېدەك ئۇنىڭ خىز-
مىتىدە بولدى. قورال لانغان بەگلەر كېچە - كۈندۈز مۇھاپىزەتتە
تۇردى. ئىككى موللا كېچە - كۈندۈز دۇئا - تىلاۋەت قىلدى.
ئىككى تېۋىپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي جۇڭگوچە، غەربچە ھەر
خىل قىممەتلىك دورىلار بىلەن داۋالىدى. ئەمما، شۇنچە قىلغان
بولسىمۇ ۋاڭنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدا ئازراقمۇ ياخشىلىنىش
بولمىدى.
شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ داموللىسى قۇمۇلدىكى يەتتە
چوڭ مازاردا 1 دىن ئات، 1 دىن كالا، 5 تىن قوي سويدۇرۇپ،
2 دەندىن گۈرۈچ قاينىتىپ «نەزىر» بېرىپ، ۋاڭنىڭ تېزرەك
ساقىيىشى ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت ئۆتكۈزدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا
يەنە ۋاڭنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ نېرىكىر، ئاراتامدىكى قەبرىستانلى-
قىدا 15 تۇياقتىن قوي سويدۇرۇپ 3 كۈن نەزىر بەردى. يەنە
قۇمۇلدىكى داڭلىق خەنزۇ، خۇيزۇ تېۋىپلارنى چاقىرىپ كېلىپ
داۋالاتتى. ۋاڭغا چىرايلىق بىر قىزنى «نىكاھلاپ» بەردى. ۋاڭ-
نىڭ كۆيئوغلى يەنە لۈكچۈندىن تېۋىپلارنى ئەۋەتتى. بىراق،
يەنىلا پايدىسى بولمىدى.
شامەخسۇتنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاندا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەي-
جىسى ئامباردىكى ئاشلىق، رەخت، تاغلاردىكى مال - چارۋىلار
ۋە كەڭ قورا - جايلاردىن بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ، يوقسۇللارغا
تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارغا ئاللانىڭ ۋاڭنى بالا - قازادىن ساقلى-
شىنى تىلىتىش تەكلىپىنى بەردى. بىراق، شامەخسۇت بۇنى رەت
قىلىپ ئەرەبىستانغا بېرىپ «پەيغەمبەرنىڭ مەقبەرىسىدە دۇئا -

تىلاۋەت قىلىپ»، بالا ـ قازادىن ساقىت بولۇشنى تىلەشنى ئويلاپ قالدى. بىراق، كېسىلى زىيادە ئېغىر بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جىن شۇرېن بۇنى تەستىقلىمىدى.

شامەخسۇت 1930 ـ يىلى ئورما مەزگىلىدە ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبەيدۇللا جەمەتىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ رەسمىي تەيىنلىگەندىن كېيىنكى 233 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئەبەيدۇللا جەمەتىنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇنى 1864 ـ يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى چەك قىلىپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى ئەبەيدۇللا جەمەتى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى بولغان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئۆزئارا قوللاش، ئۆزئارا تايىنىش مۇناسىۋىتىدە بولۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا غايەت زور رول ئوينىغانىدى. قوزغىلاڭدىن كېيىن بولسا، ئەبەيدۇللا جەمەتى تارىختىكى بۇرۇنقى رولىنى يوقىتىپ، ئاستا ـ ئاستا چىڭ ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىگە يۈك بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە ۋاڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ پىلتىسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، بۇ پىلتە كۆپ قېتىم ئوت ئېلىپ جەمئىيەتنىڭ داۋالغۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

قوشۇمچە:

## قۇمۇل ۋاڭلىرى نەسەبنامىسى

**مۇھەممەدشاھخوجا**
(ھاكىمبەگ 1605—1668 ـ يىللار سەلتەنەتتە ئولتۇرغان).

**ئەبەيدۇللا**
(جاساق دارخان، 1668—1709 ـ يىللاردا سەلتەنەتتە ئولتۇرغان).

**گۇپابەگ**
(جاساق دارخان، 1709—1711ـيىللار سەلتەنەتتە ئولتۇرغان).

**ئىمىن**
(بېزى، 1711—1740ـيىللار سەلتەنەتتە ئولتۇرغان).

**يۇسۇپ**
(ئىنانچىخان دەرىجىلىك بېلى، 1740—1766 ـ يىللار سەلتەنەتتە ئولتۇرغان).

**ئىسھاق**
(ئىنانچىخان دەرىجىلىك بېلى، 1766—1780 ـ يىللار سەلتەنەتتە ئولتۇرغان).

**ئەردەشىر**
(ئىنانچىخان دەرىجىلىك بېلى، 1780—1813 ـ يىللار سەلتەنەتتە ئولتۇرغان).

**بېشىر — بېشىرنىڭ ئاغىچىسى مېھرىبانۇ**
(شاھزادە دەرىجىلىك ئىنانچىخان، 1813—1867 ـ يىللار سەلتەنەتتە ئولتۇرغان).

**مۇھەممەد**
(شاھزادە دەرىجىلىك ئىنانچىخان، 1867—1882 ـ يىللار سەلتەنەتتە ئولتۇرغان).

**شامەخسۇت (كۇيئوغۇل)**
(ئالىي شاھزادە دەرىجىلىك ئىنانچىخان، 1882—1930 ـ يىللار سەلتەنەتتە ئولتۇر-
غان).

## ئىزاھ:

① شىنجاڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى تۈزگەن «قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1962 - يىلى شاپىگراپ نۇسخىسى 12 - بەت.

② ئەبەيدۇللا جەمەتىدىكى ئۆۋەيس بوۋاي ساقلىغان. ئۇ ھازىر قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزىسى 2 - كەنت 2 - مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق.

③ «چىڭ شېنزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 176 - جىلد كاڭشىنىڭ 35 - يىلى 9 - ئاي.

④ «شىمالدىكى قۇملۇق دالىلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 29 - جىلد، 11 -، 12 - بەتلەر، كاڭشىنىڭ 35 - يىلى 9 - ئاي، ۋۇخېنىڭ خانغا سۇنغان مەكتۇپى.

⑤ «شىمالدىكى قۇملۇق دالىلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 34 - جىلد، 14 - بەت، كاڭشىنىڭ 35 - يىلى 12 - ئاي.

⑥ «چىڭ شېنزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 178 - جىلد، كاڭشىنىڭ 35 - يىلى 12 - ئاي.

⑦ «چىڭ شېنزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 179 - جىلد، كاڭشىنىڭ 36 - يىلى 1 - ئاي.

⑧ «قۇمۇل تەزكىرىسى» نىڭ 51 - تومى.

⑨ چىڭ شېنزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 180 - جىلد، كاڭشىنىڭ 36 - يىلى 2 - ئاي.

⑩⑫ «چىڭ شېنزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 181 - جىلد، كاڭشىنىڭ 36 - يىلى 3 - ئاي.

⑪ «چىڭ شېنزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 181 - جىلد كاڭشىنىڭ 30 - يىلى 3 - ئاي.

⑬ «چىڭ شېنزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 182 - جىلد، كاڭشىنىڭ 36 - يىلى (كەبىسە يىلى) 3 - ئاي.

⑭ «چىڭ شېنزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 185 - جىلد، كاڭشىنىڭ 36 - يىلى 10 - ئاي.

⑱⑮ «بۈيۈك چىڭنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش خاتىرىسى» قۇمۇل.

⑯ «قۇمۇل ۋاڭنىڭ سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىقى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1 ـ قىسىم 2 ـ بەت.

⑰ «چىڭ شېڭزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 237 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 48 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

⑲ «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 210 ـ جىلد، قۇمۇل مۇسۇلمانلىرى.

⑳ «چىڭ شېڭزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 250 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 51 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

㉑ «چىڭ شېڭزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 263 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 54 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

㉒ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، دەسلەپكى تۈزۈلگەن 1 ـ، 17 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 54 ـ يىلى يازدا جېبسۇن دامبا خوتۇقتۇغا يەتكۈزۈلگەن خان يارلىقى.

㉓ «چىڭ شېڭزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 263 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 54 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

㉔ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، دەسلەپكى تۈزۈلگەن 1 ـ، 16 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 54 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

㉕ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، دەسلەپكى تۈزۈلگەن 2 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 54 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

㉖ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، دەسلەپكى تۈزۈلگەن 2 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 54 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

㉗ «چىڭ شېڭزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 263 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 54 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

㉘ «چىڭ شېڭزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 269 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 55 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

㉙ «چىڭ شېڭزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 286 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 58 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

㉚ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 4 ـ جىلد، يۇڭجېڭ.

نىڭ 1 - يىلى 2 - ئاي.

㉛ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 53 - جىلد، يوڭ-
جېڭنىڭ 5 - يىلى 2 - ئاي.

㉞㉝㉜ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 115 - جىلد، يوڭجېڭنىڭ 10 - يىلى، 2 - ئاي.

㉟ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 115 - جىلد، 10 - يىلى 2 - ئاي.

㊱ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 555 - جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23 - يىلى 1 - ئاي.

㊲ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 556 - جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23 - يىلى 2 - ئاي.

㊳ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 556 - جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23 - يىلى 7 - ئاي.

㊴ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 575 - جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23 - يىلى 11 - ئاي.

㊵ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 585 - جىلد، چيەنلوڭنىڭ 24 - يىلى 4 - ئاي.

㊶ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 591 - جىلد، چيەنلوڭنىڭ 24 - يىلى كەبىسە 6 - ئاي.

㊷ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 593 - جىلد، چيەنلوڭنىڭ 24 - يىلى 7 - ئاي.

㊸ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 596 - جىلد، چيەنلوڭنىڭ 24 - يىلى 10 - ئاي.

㊹ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 599 - جىلد، چيەنلوڭنىڭ 24 - يىلى 10 - ئاي.

㊺ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 607 - جىلد، چيەنلوڭنىڭ 25 - يىلى 2 - ئاي.

㊻ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 608 - جىلد، چيەنلوڭنىڭ 25 - يىلى 3 - ئاي.

㊼ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 608 - جىلد، چيەنلوڭنىڭ 25 - يىلى 3 - ئاي.

⑱ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 609 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى 3 ـ ئاي.
⑲ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 609 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى 3 ـ ئاي.
⑳ « «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 649 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى 11 ـ ئاي.
㉑ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 678 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 28 ـ يىلى 1 ـ ئاي.
㉒ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 678 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 28 ـ يىلى 1 ـ ئاي.
㉓ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 731 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى كەبىسە 2 ـ ئاي.
㉔ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 733 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى 3 ـ ئاي.
㉕ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 737 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى 5 ـ ئاي.
㉖㉗ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 775 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 31 ـ يىلى 2 ـ ئاي.
㉘ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 921 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 37 ـ يىلى 11 ـ ئاي.
㉙ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 923 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 37 ـ يىلى 12 ـ ئاي.
㉛㉚ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 1119 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 45 ـ يىلى 11 ـ ئاي.
㉜㉝ ئابدۇللا ھامىد: «ئون ئەۋلاد قومۇل ۋاڭى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە 1986 ـ يىللىق 1 ـ سانى، 1960 ـ يىلىدىكى « ‹قومۇل ۋاڭلىرى› توغرىسىدا سۆھبەت خاتىرىسى» دىن نەقىل ئېلىنغان.
㉞ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 1448 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 59 ـ يىلى 3 ـ ئاي.
㉟ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 1359 ـ جىلد،

چيەنلۇڭنىڭ 55 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

⑯ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1448 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 59 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

⑰ «چىڭ رېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 267 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 18 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

⑱ «چىڭ شۈەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 114 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 7 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

⑲⑳ «چىڭ شۈەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 175 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 10 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

㉑㉒ «چىڭ شۈەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 181 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 10 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

㉓ «چىڭ شۈەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 203 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 11 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

㉔ «چىڭ شۈەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 228 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 12 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

㉕ جوڭفاڭ: «قۇمۇل تەزكىرىسى» 51 ـ جىلد.

㉖ «چىڭ ۋېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 306 ـ جىلد، شيەنفېڭنىڭ 10 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

㉗ «چىڭ مۇزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 112 ـ جىلد، تۇڭجىنىڭ 3 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

㉘ «چىڭ مۇزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 119 ـ جىلد، تۇڭجىنىڭ 3 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

㉙㉚㉛ ئابدۇللا ھامىد: «ئون ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە 1986 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

㉜ «چىڭ مۇزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 201 ـ جىلد، تۇڭجىنىڭ 6 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

㉝ «تۇھپىكار ليۇ جىنتاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» 15 ـ جىلد.

㉞ «شەنشى، گەنسۇ مۇسۇلمان توپىلاڭچىلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 219 ـ جىلد.

⑧⑤ «چىڭ مۇزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 255 ـ جىلد، تۇڭجىنىڭ 8 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

⑧⑥ «چىڭ مۇزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 359 ـ جىلد، تۇڭجىنىڭ 12 ـ يىلى 11 ـ ئاي.

⑧⑦ «چىڭ مۇزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 361 ـ جىلد، تۇڭجىنىڭ 13 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

⑧⑧ «چىڭ مۇزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 366 ـ جىلد، تۇڭجىنىڭ 13 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

⑧⑨ «چىڭ دېزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 16 ـ جىلد، گۇاڭشۈينىڭ 1 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

⑨⓪ «چىڭ دېزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 65 ـ جىلد، گۇاڭشۈينىڭ 4 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

⑨① «چىڭ دېزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 149 ـ جىلد، گۇاڭشۈينىڭ 8 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

⑨② «چىڭ دېزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 125 ـ جىلد، گۇاڭشۈينىڭ 6 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

⑨③ «چىڭ دېزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 164 ـ جىلد، گۇاڭشۈينىڭ 9 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

⑨④ «چىڭ دېزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 211 ـ جىلد، گۇاڭشۈينىڭ 11 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

⑨⑤ «چىڭ دېزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 357 ـ جىلد، گۇاڭشۈينىڭ 20 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

⑨⑥ «چىڭ دېزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 387 ـ جىلد، گۇاڭشۈينىڭ 22 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

⑨⑦ «چىڭ دېزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 540 ـ جىلد، گۇاڭشۈينىڭ 30 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

⑨⑧ «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى»، 65 ـ جىلد، شۈەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

⑨⑨ ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر»، 1 ـ جىلد، «قۇمۇل ۋاڭىنى ئاستانىگە سالامغا بېرىشتا ئىچكىرىدىن يول ئېلىشقا بۇيرۇغانلىق ھەققىدە».

# ئىككىنچى باب قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇيغۇر جەمەتلىرىنىڭ تارقىلىشى

## § 1 . مەمۇرىي ئاپپاراتلار

ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، چىڭ هۆكۈمىتى قۇمۇلدا ئايماق - خوشۇن تۈزۈمىنى يولغا قويدى. «شىمالدىكى قۇملۇق دالىلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئۇ ( ئەبەيدۇللا ) نىڭغا قاراشلىق قۇۋملار قەبىلىلەر بويىچە خوشۇنغا ئايرىلىپ، تارخانبەگ ئەبەيدۇللاغا بىرىنچى دەرىجىلىك قەبىلە سەردارلىق مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىنىپ تەمىنات، مۆھۈر بېرىلدى. يەنە ئوغلى گۇپابەگ، بەيدۇبەگ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن ئىككىنچى دەرىجىلىك قەبىلە سەردارلىق مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىنىپ، خوشۇننىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە بۇيرۇلدى. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، ۋاسساللار مەھكىمىسى ئىككى نەپەر سىپاھىنى ئەبەيدۇللانىڭ خوشۇن ئايرىشىغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. يەنە ئىلتىماسقا ئاساسەن ئەبەيدۇللانىڭ ئوغلى گۇپا بەگنىڭ 100 ئادەم بىلەن سۇجۇ ئايمىقىدا تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىندى. خان ئالىيلىرى بۇ ئىشتا مۇسۇلمانلاردىن قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاپ باش قىلىپ، يەرلىكتىكىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇش... قا قوشۇلدى. ئەبەيدۇللاغا قۇمۇل دىيارىنى باشقۇرىدىغان مۆھۈر تارتۇق قىلدى، كاتاۋۇل بورسانبىشىنى خوشۇن ئايرىشقا ئەۋەتىپ... يەنە ئۇنىڭ بايراق بېرىش

ئىلتىماسىغا ئاساسەن... ئۇنىڭ قىزىل رەڭلىك بايراق ئىشلىتىشىگە قوشۇلدى»①. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوشۇن تۈزۈمىنى كاڭشىنىڭ 36 - يىلى (1697 - يىلى) تەسىس قىلىشقا باشلاپ، ئىككىنچى يىلى تاماملىدى. خوشۇن ئەمەللىرىدىن «موڭغۇللاردىكىگە ئوخشاش خوشۇننى باشقۇرىدىغان زەنگى، جارا ئېرچىن، ياردەمچى ئەمىر، چەۋەندازلار بېشى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلدى»②.

ئايماق - خوشۇن تۈزۈمى چىڭ سۇلالىسى سەككىز قوشۇن تۈزۈمىنىڭ تەشكىللىنىش پىرىنسىپىغا ئاساسەن موڭغۇللار رايونىدا يولغا قويغان بىر يۇرۇش ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى بولۇپ، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىدىن بىرى «جاساق» لىققا تەيىنلىنىپ، پۈتۈن خوشۇن ئىشىغا مەسئۇل بولاتتى. ئۇرۇش بولغاندا، ئۇ مەزكۇر خوشۇندىكى قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى. تىنچ چاغلاردا خوشۇننىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا يەنە زۇزان تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ياردەمچى ئەمىر خوشۇندىكى 150 ئادەمنى باشقۇراتتى. ھەر 4 — 6 زۇزانغا بىر جارا ئېرچىن باشچىلىق قىلاتتى. زوزاننىڭ تۆۋىنىدە يەنە ھەر 10 ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ بىر «ئونبېشى» قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدار ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى قۇمۇل رايونىدا تۆۋەندىكى ئۈچ سەۋەب تۈپەيلىدىن خوشۇن تۈزۈمىنى يولغا قويغان. بىرىنچىدىن، قۇمۇل چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان چاغدا، جۇڭغار موڭغۇللىرى تېخى ئەل بولمىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر قاچان چېگراغا پاراكەندىچىلىك سېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. ئايماق - خوشۇن تۈزۈمى ھەربىي ئىشلار بىلەن مەمۇرىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈم بولۇپ، بۇ خىل تەشكىلىي شەكىل ئۇرۇش شارائىتىدا تېز ئىنكاس قايتۇرۇشقا قولايلىق ئىدى. ئىككىنچىدىن، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى موڭ-

غوللارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن چوڭ جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۈچىنچىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسى يېتەرسىز بولغاچقا، «مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى موڭغوللارنىڭكى بىلەن پەرقلەنمەيدۇ» دەپ قارىغانىدى③. بۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى پەقەتلا بىلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قۇمۇلدا خوشۇن تۈزۈمى ئاستىدا يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ باۋجيا تۈزۈمىمۇ يولغا قويۇلغان. «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دە «قۇمۇل، تۇرپانلارنى تەكشۈرگەندە، ھەر ئىككىلىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى ئۆرنەك قىلىپ، ئون ئائىلىگە بىر ئونبېشى قويۇپ، چارلىغۇچىلارنى بېكىتىپتۇ» ④ دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئۈچ ئايماق خاتىرىلىرى» دىمۇ قۇمۇلدا «ئون ئائىلىگە بىردىن ئونبېشى تەيىنلەنگەن» ⑤ دەپ خاتىرىلەنگەن. باۋجيا تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى پەقەت قۇمۇل ۋاڭىغىلا تەمىنات بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ تەميناتىنى ئۈستىگە ئالمىغان. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» دە «ئىلگىرى يۇسۇپ، ئىمىن خوجىلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەر خىزمەتكار بولغانلىقتىن، ئەمەلدارلىققا تەيىنلەنسىمۇ تەمىنات بېرىلمىگەن» ⑥ دەپ خاتىرىلەنگەن. يۇسۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىلگىرى مەنسەپكە تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلارغا ھېچقانداق ھەق بېرىلمىگەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ «ئالباتلىرى (چاكارلىرى) بولۇپ، ۋاڭ «نېمىگە بۇيرۇسا شۇ ئىشقا مېڭىپ ۋاڭىنىڭ دېگىنىنى قىلاتتى» ⑦، «1759 ـ يىلىدىن كېيىنلا ئاندىن مۇھىم بەگلەرگە ئاز ـ تولا يەر، يانچىلار بېرىلىدىغان بولدى. لېكىن، ئادەتتىكى كىچىك بەگلەرگە بولسا، يەنىلا

ھېچنەرسە بېرىلمىدى»⑧.
ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدىغان بولغاچقا، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، «قۇرئان» ئۇلارنىڭ بارلىق ھەرىكىتىدىكى ئەڭ ئالىي مىزانىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. خوشۇن تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي ماس كېلىشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا، خوشۇن تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جەريانىدا چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئەبەيدۇللا جەمەتى بۇ تۈزۈمنى ئۇزلۇكسىز تەڭشەپ تۇردى. 18 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا كەلگەندە قۇمۇلدا «ئەمەل - مەنسەپلەر ئايرىپ تەس قىلىندى»⑨. بۇ بۇ ۋاقىتتىكى خوشۇن تۈزۈمىنىڭ ئەسلى مەنىدىكى خوشۇن تۈزۈمى بولماي قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.
قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا يۈرگۈزۈلگەن خوشۇن تۈزۈمىدە گەرچە تۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تۈزۈم ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە ساقلانغان بولۇپ، بۇنىڭغا «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دىن ئىسپات تاپقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا «شيەنفېڭنىڭ 9 - يىلى قۇمۇل جاساقلىقى ئۆز تەۋەسىدىكى خوشۇن ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان بەگلەرنى تولۇقلاپ بېرىشنى ئۆتۈندى. تۆت يىل ئىچىدە ئۈچ قېتىم ئىلتىماس سۇنغان بولسىمۇ تا ھازىرغىچە بېجىرىلمىدى» ⑩ دېيىلگەن. 1864 - يىلى شىنجاڭدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭ قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئەسلى بار بولغان ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى ئۇزۇل - كېسىل دېگۇدەك بەربات بولدى.
چىڭ سۇلالىسى خوشۇن تۈزۈمىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ماس كەلمەيدىغانلىقى خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن بولۇپ، 1759 - يىلى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن

كېيىنلا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا خوشۇن تۈزۈمىنى يولغا قويماستىن، بەلكى بەگلىك تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدى. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى قۇمۇل رايونىدىمۇ يېڭى بىر ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىنى تۇرغۇزدى. بۇ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى شامەخسۇت مەزگىلىگە كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ يۈكسەك مۇكەممەل باسقۇچقا يەتتى.

ئەمدى بىز شامەخسۇت ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى — چىنۋاڭ.

چىنۋاڭ تۆۋىنىدە كېڭىشىپ سىياسەت بەلگىلەيدىغان ئورگان تەسىس قىلىنغان، بۇ ئورگان 1 چوڭ تەيجى، 1 كىچىك تەيجى، 2 مۇشاۋۇر، 1 ئەئلەم ئاخۇنۇم، 1 خەنزۇ ئۇستازدىن تەركىب تاپقان. بۇ ئالتە كىشى ۋاڭ بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمرانلىق يادروسىنى شەكىللەندۈرۈپ ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ئىشلاردا ۋاڭ ئۇلارنى يىغىپ كېڭەشكەن ۋە قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن ئاخىرىدا ئۆزى تەستىقلىغان.

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورگىنى چوڭ - كىچىك تەيجى مەھكىمىسى بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «تەيجى» لىك ئەمىلى ئىسھاق ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردىلا تەسىس قىلىنغان بولۇپ⑪، ئۇ چاغدا تەيجىلىكنى بىرلا كىشى ئۆتىگەنىكەن. شامەخسۇت دەۋرىگە كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ، چوڭ - كىچىك تەيجىلەر بارلىققا كەلگەن ھەم ئۆز مەھكىمىسى بولغان.

چوڭ تەيجى مەھكىمىسى ئاساسلىقى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىچكى - تاشقى ئىشلىرى، خەزىنە، ئاشلىق ئامبارلىرى، دېھقانچىلىق، سۇ ئىنشائاتلىرى، قوراللىق مۇھاپىزەتچىلىرىنى باشقۇرغان. ئۇ تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقان:

چوڭ تەيجى 1 كىشى بولۇپ، ۋاڭ جەمەتىنىڭ يېقىن

ئورۇق ـ تۇغقانلىرىدىن تەيىنلەنگەن، ئادەتتە ئۇلار كۆپىنچە كىچىك ئەمەلدارلىقتىن ئاستا ـ ئاستا ئۆسۈپ چىققان، ئۇزۇن يىل ۋاڭغا ئەگىشىپ ۋاڭنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنلەردىن بولغان.

باش مىرزا 1 كىشى بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئىشلىرى ۋە ئوردىنىڭ ھۆججەت ئالاقىلىرىنى پۈتۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان قول ئاستىدا 4 مىرزا بولغان.

باش ھېسابچى 1 كىشى بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە كىرىم ـ چىقىم ھېساباتىغا مەسئۇل بولغان قول ئاستىدا 1 نەپەر ھېسابچى بولغان.

باش تىلماچ (تۇڭچى) 1 كىشى بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئالاقە ۋە تەرجىمانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. قول ئاستىدىكى 2 چوڭ تىلماچ سورۇنلاردىكى تەرجىمىگە، تۆت كىچىك تىلماچ ئادەتتىكى تەرجىمە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. يەنە مېھمان كۈتىدىغان 2 كىشى ۋاڭ ئوردىسىغا كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ۋە مېھمانلارنىڭ ياتاق ـ تاماقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.

ئىشىك ئاغىسى 2 كىشى بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ خادىملىرىنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.

خەزىنىچى 1 كىشى بولۇپ، بۇ ئەمەلنى چوڭ تەيجى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. ئۇ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە قىممەتلىك بۇيۇملار خەزىنىسىنى باشقۇرغان.

ئامبارچى 1 كىشى بولۇپ، بۇ ئەمەلنى ۋاڭنىڭ يېنىدىكى مۇشاۋۇردىن 1 سى قوشۇمچە ئۆتىگەن قول ئاستىدا يەنە 1 نەپەر غوجىدار، بىر نەپەر ھېسابچى بولغان.

مىراب 4 كىشى بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭلىقى تەۋەسىدىكى

چوڭ ـ كىچىك 66 ئۆستەڭنى باشقۇرغان.
قۇرمال 2 كىشى بولۇپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغان.
دىخان 2 كىشى بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق پۇقرالارنىڭ ۋاڭغا تېرىقچىلىق قىلىپ بېرىش ئىشلىرىنى باشقۇرغان.
دورغا 2 كىشى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرغان.
ياساۋۇل بەگ 1 نەپەر بولۇپ، قول ئاستىدا 40 نەپەر ئادەم بولغان مەخسۇس ۋاڭنى قوغداشقا مەسئۇل بولغان.
مۇھاپىزەتچى بەگ 1 نەپەر بولۇپ، قول ئاستىدا 40 نەپەر مۇھاپىزەتچى بولغان، ۋاڭ ئوردىسىنى قوغداشقا ۋە ئوردىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولغان.
قوراللىق قوشۇنلارنىڭ سەردارى 1 نەپەر بولۇپ، 1 ئەترەت قورۇقچى قوشۇنغا ۋە 1 ئەترەت ئاتلىق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغان. قورۇقچى قوشۇن ۋاڭ ئوردىسى ۋە مۇسۇلمانلار شەھەرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا مەسئۇل بولغان، ئاتلىق قوشۇن تاغلىق رايونلارغا مەسئۇل بولغان.
كىچىك تەيجى مەھكىمىسى شەرىئەت، دىن ئىشلىرى، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەمىناتى ۋە خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇ تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقان:
كىچىك تەيجى 1 كىشى بولۇپ، كىچىك تەيجى مەھكىمىسىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.
باش مىرزا 1 نەپەر بولۇپ، قول ئاستىدا يەنە 4 نەپەر مىرزا بولغان، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئالاقە ۋە هۆكۈمەت ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.
تىلماچ 4 كىشى بولۇپ، كىچىك تەيجى مەھكىمىسىنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.
كۆتكۈچىلەر بېشى 1 نەپەر بولۇپ، كىچىك تەيجى مەھكىمە-

سىنىڭ مېھمانلارنى كۈتۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.
ياساۋۇل 13 نەپەر بولۇپ، كىچىك تەيجى مەھكىمىسى تەرەپىدىن سىرتتىكى ئىشلارنى بېجىرىشكە ئەۋەتىلگەن ھەم خەۋەر يەتكۈزۈش، نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش، باج - ئىجارە سۈيلەش، سېلىق يىغىش، «گۇناھكارلار» نى تۇتۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولغان.
قازى 1 كىشى بولۇپ، ئادەتتە بۇ ئەمەلنى كىچىك تەيجى قوشۇمچە ئۆتىگەن، قول ئاستىدا يەنە 2 نەپەر سوراقچى، 1 مەخسۇس پۈتۈكچى، 1 تەھقىقلىگۈچى بولغان.
ئامبارچى 1 كىشى بولغان.
ھېساباتچى 3 كىشى بولغان.
غەللىچى 4 كىشى بولغان، ئاشلىق ئېلىش ۋە بېرىشكە مەسئۇل بولغان.
غىزا دورغىسى 2 كىشى بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىدىكى 6 ئاشخانىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئىشلىرىنى باشقۇرغان.
ئاشپەزلەر باشلىقى 2 كىشى بولغان.
چاكار، دېدەك، چاپارمەنلەرنى باشقۇرغۇچى 2 كىشى بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىدىكى چاكار، دېدەك ۋە چاپارمەنلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان.
مىراخور 2 كىشى بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىدىكىلەرنىڭ سىرتلارغا چىققاندا ئىشلىتىدىغان ئات، ھارۋىلىرىنى باشقۇرغان.
گۈلچى 1 نەپەر بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ گۈللىرىگە مەسئۇل بولغان.
ئىشىك باقار 2 نەپەر بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىغا كىرىپ چىققانلارنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى باشقۇرغان.
ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ يەرلىك ئورگانلىرى بىۋاسىتە ۋاڭ ۋە تەيجىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.
قۇمۇل مەمۇرىي جەھەتتىن شەھەر ئەتراپى رايونى، 5 شە-

ھەر، ئارا تۈرۈك، قوراي قاتارلىق رايونلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر مەمۇرىي رايونغا بىردىن «ئۈچبېگى» ياكى «قازى» قويۇلغان. ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر قانچە كىچىك رايوننى باشقۇرغان، شەھەر ئەتراپى رايونى تەۋەلىكىدە ئاقيەر، دۆ ۋە جىن، كونا شەھەر، راھەتباغ، قاراتال، بوغاز قاتارلىق 6 رايون بولغان. ئارا تۈرۈك رايونى تەۋەلىكىدىمۇ توخۇلا، نېرىنكىر، باي، تۆر كۆل، ئاداق، نوم قاتارلىق 6 رايون بولغان 5 شەھەر رايونى تەۋەلىكىدە سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارا دۆۋە قاتارلىق 5 رايون بولغان. قوراي رايونى تەۋەلىكىدە ئېدىر، قاراموقچى، ئاراتام، خوتۇنتام، شۇ پۇل، قوراي، تاراتى، تۆمۈرتى، باغداش قاتارلىق 10 رايون بولغان.

ھەر بىر رايوندا 1 دىن «دورغا» تەسىس قىلىنغان، ئۇ رايون باشلىقىغا تەڭ بولۇپ، پۈتكۈل رايوننىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان. قول ئاستىدىكى 1 نەپەر «قورمال» ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرغان. 1 نەپەر «مۆھتەسىب» دىن ئىشلىرىنى باشقۇرغان. بەزى رايونلاردا يەنە 1 دىن «خاتىپ» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، نىكاھ، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىنى باشقۇرغان يەنە بىر نەچچە «دېھقان» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق يەرلەرنىڭ ئەمگىكىنى ھەمدە ئاھالە ۋە يىللىقچىلارنى باشقۇرغان. يەنە بەزى جايلاردا «چارۋا دورغىسى» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەخسۇس ۋاڭ ئوردىسىنىڭ چارۋىلىرى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى باشقۇرغان. ھەربىر «چارۋا دورغىسى» تەخمىنەن20 ئۆيۈر چارۋىنى باشقۇرغان بولۇپ ، ھەر ئۆيۈردا 500 تۇياقتىن 1000 تۇياققىچە چارۋا بولغان. رايونلارغا قاراشلىق ھەرقايسى كەنتلەرنى «دورغا» ئەۋەتكەن ئاقساقلار باشقۇرغان.

## 2 § . ئۇيغۇر جەمەتلىرىنىڭ تارقىلىشى

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قەبىلىلەرنىڭ قالدۇق ئىزنالىرى بولسىمۇ، لېكىن هازىر مۇكەممەل قەبىلىنى تېپىش تەس بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى جەمەت - گۇرۇھ بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ جەمەت - گۇرۇھلارنىڭ بەزىلىرى ئاتا - ئەجدادىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان بولسا، بەزىلىرى ئاتا - ئەجدادىنىڭ كەسپىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. يەنە بەزىلىرى بولسا ئاتا - ئەجدادىنىڭ مەلۇم ئالاھىدە بەلگىسى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇ ئادەتتە لەقەم مەنىسىدە كەلگەن. هازىر بار بولغان دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى جەمەتلەرنىڭ نامى ھەمدە ئۇلارنىڭ تارقىلىشى تۆۋەندىكىچە:

I دېهقانچىلىق رايونلىرى

1. قۇمۇل شەھەر ئەتراپى يېزىسى:
   (1) گۇدەگە جەمەتى
2. قۇمۇل راكىتا دېهقانچىلىق مەيدانى:
   (1) توقۇم جەمەتى
   (2) توكۇر جەمەتى
   (3) كولدۇر جەمەتى
   (4) چىلتەن جەمەتى
   (5) چىلان جەمەتى
3. قۇمۇل شەھىرى قارا تال يېزىسى:
   (1) چومەن جەمەتى
   (2) كۆيۈك جەمەتى
   (3) شتاما جەمەتى
   (4) پىلىك جەمەتى
4. قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسى:

(1) شاما جەمەتى
(2) ساي جەمەتى
(3) مالىك جەمەتى
(4) لوقمان جەمەتى
(5) قوشقاچ جەمەتى
(6) شور جەمەتى
(7) ئۇلان جەمەت

5. قۇمۇل شەھىرى قارا دۆۋە يېزىسى:
(1) يەكتا جەمەتى
(2) شاخاڭ جەمەتى
(3) بۇلاقچى جەمەتى
(4) كۆكلەر جەمەتى

## Ⅱ چارۋىچىلىق رايونلىرى

1. قۇمۇل شەھىرى نارىن يېزىسى:
(1) ياغلاق جەمەتى
(2) شاجەمەتى
(3) شاماجەمەتى

2. قۇمۇل شەھىرى ئاقتاش يېزىسى:
(1) شالاجەمەتى
(2) تۇڭگان جەمەتى
(3) قالماق جەمەتى
(4) شاجەمەتى
(5) مانجۇ جەمەتى
(6) شامايدى جەمەتى
(7) گوشۇڭ جەمەتى
(8) جاسۇي جەمەتى
(9) قار ياغدى جەمەتى

(10) لىپىر جەمەتى
(11) چا جۇشۇ جەمەتى
3. قۇمۇل شەھىرى غەربىي تاغ يېزىسى:
(1) چەپەك جەمەتى
(2) غوجى جەمەتى
(3) چۆمۈش جەمەتى
(4) كىۋەك جەمەتى
(5) ئاخۇن جەمەتى
(6) تاغار جەمەتى
(7) قىزىل پوتا جەمەتى
(8) كۆكلىگەك جەمەتى
(9) بەرەم جەمەتى
4. قۇمۇل شەھىرى شۇپۇل يېزىسى:
(1) قارا باش جەمەتى
(2) ئاقساقال جەمەتى
(3) چوڭ باش جەمەتى
(4) كۇچۇك جەمەتى
(5) يونەن جەمەتى
(6) جاگنەپ جەمەتى
(7) سېسىن جەمەتى
(8) جوپا جەمەتى
5. ئارا تۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى:
(1) خان جەمەتى

بۇ جەمەتىنىڭ نامى ھەققىدە ئۈچ خىل قاراش بار. بىر خىلى، «خان» بۇ جەمەتىنىڭ يەتتىنچى بوۋىسىنىڭ ئىسمى دېگەن قاراش. يەنە بىر خىلى، ناھايىتى قەدىم زامانلاردا بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى خەنزۇچە بىلمەيدىغان بولۇپ، پەقەت بۇ جەمەتىنىڭ ئەجدادىلا ئاز ـ تولا خەنزۇچە ئۇققانلىقتىن كېيىن

كىشىلەر بۇ جەمەتنى «خان» ( 汉 ) دەپ ئاتىغان دېگەن قاراش. ئۈچىنچى خىلى بولسا، بۇ جەمەت «خان» ئەۋلادىدىن بولغان دېگەن قاراش.

(2) موللا جەمەتى

ئېيتىلىشىچە، بۇ جەمەتنىڭ ئەجدادى موللا بولغانىكەن. شۇڭا، بۇ جەمەت «موللا» جەمەتى دەپ ئاتالغان.

(3) كۆك جەمەتى

(4) چىلتەن جەمەتى

ئېيتىلىشىچە بۇ جەمەتتىكىلەر قۇمۇلدىن كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، كەلگەن چاغدا 40 كىشى ئىكەن.

(5) يەكتا جەمەتى

(6) مارجان جەمەتى

بۇ ھەقتىمۇ ئۈچ خىل قاراش مەۋجۇت. بىرىنچى خىلى، بۇ جەمەتنىڭ ئادىمى ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقتىن «مارجان» دېگەن سۆز بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈنچە ـ مارجاندەك كۆپ ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن دېگەن قاراش. ئىككىنچى خىلى، ئۇلار قەدىمكى چاغلاردىكى «مارجان» ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئەۋلادى بولغان دېگەن قاراش. ئۈچىنچى خىلى، بۇ جەمەتنىڭ ئەجدادى تۇرپاندىن كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، يېڭى كەلگەن چېغىدا دائىم ئوتتۇرىسىغا بىر تال، چۆرىسىگە قاتارى قىلىپ مارجان تۇتۇلغان بىر خىل بۆك كىيىۋالغانلىقتىن كېيىن كىشىلەر بۇ جەمەتنى مارجان دەپ ئاتىغان دېگەن قاراش.

(7) قىزىل مۇنچاق جەمەتى

(8) كۆكلەر جەمەتى

6. قۇمۇل شەھىرى قوراي چارۋىچىلىق مەيدانى:

(1) پورا جەمەتى

7. ئاراتۇرۇك ناھىيىسى نېرىنكىر چارۋىچىلىق مەيدانى:

(1) قىزىل مۇنچاق جەمەتى

بۇ جەمەت ئارا تۇرۇك ھەربىي ئات فىرمىسىدىمۇ بار. ئىرىند-كىر چارۋىچىلىق مەيدانى ئەتراپىدىكى جايلاردا بۇ ھەقتە مۇنداق گەپلەر تارقالغان! ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىلگىرى ئەمەلدار بول-غان بولۇپ، قىزىل مۇنچاق قادالغان قالپاقنى كىيگەنلىكتىن مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

(2) قارا بىلەك جەمەتى

(3) تەتۇر ئۆتۈك جەمەتى

(4) كاناي جەمەتى

8. ئارا تۇرۇك ناھىيىسى تۇر كۆل چارۋىچىلىق مەيدانى:

(1) قوتۇر جەمەتى

شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە «قوتۇر» بىر خىل تېرە كېسىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قويلىرى دائىم مۇشۇ كېسەلگە گىرىپ-تار بولۇپ تۇرغاچقا، بۇ جەمەتمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

(2) تېكە جەمەتى

يەرلىك چارۋىچىلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلارنىڭ ئەجدادىنىڭ ئۇزۇن ساقىلى بولۇپ، بۇ ساقال تېكىنىڭ ساقىلىغا ئوخشىغاچ-قا، بۇ جەمەت «تېكە» دېگەن نام بىلەن ئاتالغانىكەن.

(3) تۇلكە جەمەتى

(4) پورا جەمەتى

(5) ھىنخو جەمەتى

«ھىنخو» خەنزۇچىدىكى « 很好 » نىڭ ئاھاڭ تەرجىمى-سى. ئېيتىلىشىچە، بۇ جەمەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بوۋىسىنىڭ ئىچكىرىدىن كەلگەن بىر خەنزۇ دوستى بولۇپ، ئۇ دوستى دائىم ئۇنى ماختاپ خەنزۇچە « 很好 » (خېنخاۋ) دەيدىكەن، كېيىن كىشىلەر بارا ـ بارا بۇ جەمەتنى «خېنخاۋ» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ-تۇ. بۇ جەمەت ئەسلى قوراينىڭ جەنۇبىي تاغ باغرىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭى تاغنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇللار-نى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، بۇ جەمەتتىن 30 ئائىلىلىك كىشىنى

تۇر كۆلگە ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانىكەن.

(6) موزاي جەمەتى

ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى جەمەتلەر مۇناسىۋىتى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭكىدىن ئېنىقراق، يەنە كېلىپ تۇر كۆل چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ جەمەت مۇناسىۋىتى باشقا چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭكىدىن ئېنىقراق بولغان. تۇر كۆل چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياشنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ قايسى جەمەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا باشقىلار مەنسۇپ بولغان جەمەتلەرنىڭ نامىنىمۇ بىلىدۇ. ھازىرغىچە تۇر كۆل چارۋىچىلىق مەيدانىدا ئادەتتە بىر جەمەتتىكىلەر تويلاشمايدۇ ۋە ئۇمۇمەن بىر جەمەتتىكىلەر تۇغقان سانىلىپ، چوڭ ئىشلاردا، مەسىلەن تۇغقانلارنى كۇتۇۋالغان، ئۆلۈملۈك بولغان، ئۆي سالغان چاغلاردا ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ياردەم قىلىشىدۇ. يەنە ئوخشاش بىر جەمەتتىكىلەر ئوخشاش بولمىغان چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقالغان. مەسىلەن، پورا جەمەتى قۇمۇل شەھىرى قوراي چارۋىچىلىق مەيدانىدىمۇ ئارا تۇرۇك چارۋىچىلىق مەيدانىدىمۇ بار. قىزىل مۇنچاق جەمەتى ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسىدىمۇ، ئاراتۇرۇك نېرىنكىر چارۋىچىلىق مەيدانىدىمۇ بار. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى جەمەتلەر چارۋىچىلىق رايونلىرىغىمۇ تارقالغان. مەسىلەن، قۇمۇل راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى چىلتەن جەمەتى ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسىدىمۇ بار. قاراتال ۋە راھەتباغ يېزىسىدىكى شاما جەمەتى يېرىم دېھقانچىلىق يېرىم چارۋىچىلىق رايونى بولغان نارىندىمۇ بار. قارا دۆۋە يېزىسىدىكى كۆكلەر جەمەتى ئارا تۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسىدىمۇ بار. ئوخشاش بىر جەمەت ئۆزلىرى تۇرغان جاينىڭ جۇغراپىيىۋى مۇھىتى، تەبىئىي شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئوخشىمىغان ئىگىلىك شەكلى — دېھقانچىلىق ياكى چارۋىچىلىقنى تاللىۋالغان.

## ئىزاھ:

①③ «شىمالدىكى قوملۇق دالىلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 46 ـ جىلد، 9 ـ، 10 ـ بەتلەر، كاڭشىنىڭ 36 ـ يىلى 10 ـ ئاي، كېڭەش ۋەزىرىنىڭ جاۋابى.

② «ۋاسساللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 15 ـ جىلد.

④⑨ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 638 ـ جىلد، چيەنلوڭنىڭ 26 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

⑤ خېنىڭ: «ئوچ ئايماق خاتىرىلىرى»، قۇمۇل.

⑥ «جوڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، رەسمىي نۇسخا 75 ـ جىلد، چيەنلوڭنىڭ 24 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

⑦ 71: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم»، 6 ـ جىلد، غەربىي چېگرادا بولغان ئىشلارنىڭ ئاخىرى، ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى.

⑧ «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىقى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1 ـ قىسىم 15 ـ بەت.

⑩ «چىڭ مۇزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، تۇڭجىنىڭ 2 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

⑪ ئابدۇللا ھامىد: «ئون ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە 1986 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

# ئۈچىنچى باب قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى ھۆ-كۈمرانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىك

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى تەتقىق قىلى-غاندا ئالدى بىلەن دۇچ كېلىدىغان مەسىلە ئۇلاردىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ فېئودال زېمىندارلار ئىگىلىكى ياكى فېئودال ئىگى-دارلار ئىگىلىكى ئىكەنلىكىنى بېكىتىش ھېسابلىنىدۇ. تەكشۈ-رۈش ۋە تەتقىقات ئارقىلىق، بىز دەسلەپكى قەدەمدە تىپىك فېئو-دال ئىگىدارلار جەمئىيىتىدە ھۆكۈمرانلار ئەمگەكتىن ئىبارەت تەبىئىي شەكىلگە تايىنىپ يانچىلارنىڭ ئېشىنچا ئەمگىكىنى ئېكس-پىلاتاتسىيە قىلىدۇ، ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈ-چۈن ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا مىراس زېمىنىدىن بىر قىسىم يەرنى ئاجرىتىپ، يانچىلارغا تەقسىملەپ بېرىدۇ. يانچىلار بولسا شۇ ئارقىلىق ئۆز ھاياتلىقىنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە ئەمگەك كۈچىگە خاس بولغان قايتا ئىشلەپچىقىرىشنى داۋام قىلدۇرىدۇ. بۇ خىل ئىگىدارلار تۈزۈمىدىكى يەر بېرىش - ئېلىش مۇناسىۋىتى نەتىجى-سىدە يانچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلارغا بولغان جىسمانىي بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى روياپقا چىقىدۇ دېگەن قاراشقا كەلدۇق. قۇمۇل ۋا-ڭىنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئەنە شۇ مۇناسى-ۋەتلەر بىلەن بەزى جەھەتتە ئوخشىسا بەزى جەھەتتىن پەرقلىنى-دۇ. ئوخشايدىغىنى ئىگىدارلار ۋە قۇمۇل ۋاڭى بىردەك ئۆزىگە تەۋە پۇقرالارنى ھەقسىز ئەمگەككە سالىدىغان يەرگە ئىگە بولغان، ئەمما قۇمۇل ۋاڭى ئىگە بولۇپ تۇرغان بۇ خىلدىكى يەر ئىگىدارلار ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەرنىڭ پۈتكۈل يەرلەرنىڭ كۆلۈمىدە ئىگە-لىگەن نىسبىتىگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا ئاز بولغان. ئوخشىماي-

دىغىنى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يەنە بىر قىسىم يېرى تەقسىملەپ بېرىش شەكلى بىلەن ئاۋام پۇقرالارنىڭ تېرىشىغا بۆلۈپ بېرىلمىگەن، بەلكى زېمىندارلارغا ئوخشاش تېرىقچى پۇقرالارغا ئىجارىگە بېرىلگەن ھەم بەلگىلىك مىقداردا ماددىي بۇيۇم ئارقىلىق يەر ئىجارىسى ئېلىنغان. تىپىك فېئودال ئىگىدارلار تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتتە يانچىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا پەقەت ھۆكۈمرانلار بۆلۈپ بەرگەن بىر قىسىم يەرلەرلا بولىدۇ. يانچىلار بۇ خىل يەرلەرنى ئىشلىتىش جەھەتتە بەلگىلىك ھوقۇقلارغا ئىگە بولسىمۇ، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولمايدۇ. يەنە كېلىپ باشقىلارنىڭ يېرىنى خالىغانچە ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيالمايدۇ. ھالبۇكى، قۇمۇل ۋاڭىغا تەۋە پۇقرالارنىڭ بىر قىسمى ئۆزىگە تەئەللۇق تېرىلغۇ يەرلەرگە ۋە بۇ يەرلەرنىڭ بەلگىلىك ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، ئەمما بۇ يەرلەرنى ئۆز ئارا ئېلىپ - ساتالمىغان، لېكىن ۋاڭ ئوردىسىغا سېتىپ بېرەلىگەن؛ يېرى يوق ياكى ئازغىنە يەرگە ئىگە بولغانلار بولسا ئىجارىكەش (ئورتاقچى) سالاھىيىتىدە قۇمۇل ۋاڭى، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە باشقا زېمىندارلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغان. ئۇلار ئىجارە يەرنىڭ ئىگىسىگە بەلگىلەنگەن مىقداردىكى يەر ئىجارىسىنى تاپشۇرسىلا يەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئېرىشەلىگەن. ئاۋام پۇقرالار يېرىنىڭ بار - يوقلۇقى ياكى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئىجارە يېرىنى تېرىغان - تېرىمىغانلىقىغا قارىماستىن، بىردەك ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تۈرلۈك ھاشار - ئالۋىڭىغا قاتناشقان. قۇمۇل ۋاڭى يولغا قويغان ھاشار ئارقىلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە تايىنىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادتىن ھالقىغان كۈچ — ھاكىمىيەت ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان. يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىك كۆپ مىقداردا يانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئال-

سىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئاللىقاچان فېئودال زېمىندارلار ئىگىلىكىگە قەدەم قويۇپ بولغان.

## §1 . جۇغراپىيىلىك مۇھىت

قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ تەۋەلىكى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇمۇل شەھىرى ۋە ئارا تۈرۈك ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ تەۋەلىك شەرقىي مېرىدىئان 91°08′—96°25′، شىمالىي كەڭلىك 40°43′—44°29′ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

تەڭرىتاغ تىزمىسى قۇمۇل ۋاڭلىقىنى ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تۇرىدۇ. تاغنىڭ جەنۇبى ئويمانلىق بولۇپ، تۆت ئەتراپى تاغ تىزمىلىرى بىلەن ئورىلىپ تۇرغاچقا، نەم ھاۋا ئېقىمى ئاسانلىقچە كىرەلمەيدۇ. بۇ يەرنىڭ كېلىماتى روشەن ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرى، نەم ئىسسىق، تروپىك بەلۋاغ رايونىغا تەۋە بولۇپ، يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسى يېتەرلىك، قۇياشنىڭ يىللىق يورۇتۇش ئومۇمىي مىقدارى چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ؛ يەنە بىرى تېپىك چۆل قۇرۇقلۇق كېلىماتىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 34—38 مىللىمېتىر كېلىدۇ.

ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا لاتقىلارنىڭ تىنىشىدىن ھاسىل بولغان يانتۇ شەكىللىك تۈزلەڭلىك بولۇپ، تۈزلەڭلىكنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى شىمالدىن جەنۇبقا 1500 مېتىردىن 200 مېتىرغىچە تۆۋەنلەپ بارىدۇ. بۇ يەرنىڭ يەر شەكلى تۈز، تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ بۇغداي، قوناق، چۈجگۈن، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە، قوغۇن ـ تاۋۇز قاتارلىقلار ئىنتايىن ئوخشايدۇ. شۇڭا،

بۇ يەر ۋاڭلىقنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونى بولغان. ئويمانلىق تەۋەسىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا سۇ باشلاپ سۇغىرىشتىن باشقا چارە بولمىغان. ئۆستەڭ ئارقىلىق باشلاپ كېلىنىدىغان سۇ ئاساسەن تەڭرىتاغنىڭ قارلىرىدىن ئېرىگەن سۇلار ۋە بۇلاق سۇلىرىنى مەنبە قىلغاچقا، ئۆستەڭ ۋە كارىز تەڭرىتاغ ۋادىسىدىن كېلىدىغان يامغۇر - قار سۇلىرى ۋە يەر ئاستى سۇلىرىدىن پايدىلىنىشتىكى ئاساسلىق سۇغىرىش ۋاسىتىسى بولۇپ قالغان.

تەڭرىتاغ تىزمىسى ۋە ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز، قاتمۇقات تاغلار بىلەن ئورالغان. پۈتكۈل يەر شەكلى ئۈچ تاغ ئارىسىدا، ئىككى ئويمانلىق ئۈچ جىلغا شەكلىدە. ئۈچ تاغنىڭ بىرى تەڭرىتاغ تىزمىسى (نەنسەن تاغلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 — 4888 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە. تىك چوققا ۋە داۋانلار گىرەلىشىپ كەتكەن، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 200 مىللىمېتىردىن يۇقىرى، نەچچە ئونلىغان تاغ جىلغىلىرى قاتار - قاتار كەتكەن ھالەتتە، تاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى تارام - تارام ئېقىنلار مۇشۇ ئېگىزلىكتىن سىرغىپ باشلىنىدۇ. بۇ يەرنىڭ سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپلىرى مول بولۇپ، كەم تېپىلىدىغان يايلاق ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىسى، قارلىق تاغ بولۇپ بۇ تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ تارماق تاغلىرىدىن بىرى، تەڭرىتاغ تىزمىسى بىلەن پاراللېل ھالەتتە، ئەڭ ئېگىز جايىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3962 مېتىر كېلىدۇ، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 2000 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 85 مىللىمېتىر كېلىدۇ. ئۆسۈملۈك بىلەن قاپلىنىش ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس، قاپلىنىش نىسبىتى 20% ئەتراپىدا، قىشلاق قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ؛ ئۈچىنچىسى شىمالدىكى ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئۈچى بولۇپ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئانچە يۇقىرى ئەمەس،

ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى يوق دېگۈدەك، قىش ۋە ئەتىياز پەسلى-
دە تۆگە بېقىشقىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئىككى ئويمانلىق تۇر كۆل
ئويمانلىقى ۋە نوم ئويمانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تۇر كۆل ئويمانلى-
قىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 102.1 مىللىمېتىر
ئەتراپىدا بولۇپ، داڭلىق ئەتىيازلىق ۋە كۈزلۈك يايلاق ھېسابلى-
نىدۇ. نوم ئويمانلىقىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 5.
11 مىللىمېتىر بولۇپ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا كەڭ
كەتكەن ئەلۋەك ئوتلاق بولغاچقا ئازادلىقتىن كېيىن ئارا تۇرۇك-
تىكى ھەربىي ئات فېرمىسى بىر مەھەل مۇشۇ جايدا تەسىس
قىلىنغان. ھازىر ئاساسلىق دېھقانچىلىق بازىلىرىدىن بىرى بو-
لۇپ قالدى. ئۈچ جىلغا تۇخۇلا، ئاداق، باي جىلغىلىرىنى كۆر-
سىتىدۇ. تۇخۇلا جىلغىسىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدا-
رى 85 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، داڭلىق ئەتىيازلىق ۋە
كۈزلۈك يايلاق ھېسابلىنىدۇ؛ ئاداق جىلغىسىنىڭ يىللىق
ھۆل - يېغىن مىقدارى 60 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، كۆپ
قىسمى يېرىم چۆللۈك بەلۋاغقا مەنسۇپ، قىشلىق ئۆسۈملۈك
يېپىنچىلىرى بولغاچقا، قىشلاق قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ؛ باي
جىلغىسىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 40 مىللىمېتىر
ئەتراپىدا بولۇپ، كۆپ قىسىم جايلىرى يېرىم چۆللۈك بەلۋاغقا
مەنسۇپ، شۇڭا بۇ جايمۇ قىشلاق قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئۈچ تاغ ئارىسىدا ئىككى ئويمانلىق بولغان بۇ رايوننىڭ نوم
ئويمانلىقىدىن باشقا جايلىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئاساسەن ئېگىز،
قىرورسىز مەزگىلى قىسقا، ھاۋاسى سوغۇق بولغاچقا دېھقانچىلىق
زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، ئەكسىچە
چارۋىچىلىققا تولىمۇ باپ كېلىدۇ. شۇڭا، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ چار-
ۋىچىلىق ئىشلىرىمۇ ئاساسەن مۇشۇ جايلارغا مەركەزلەشكەن.

## §2 . دېھقانچىلىق

قۇمۇل ۋاڭنىڭ ئاتا مىراس تەۋەلىكىدىكى يەرلەر ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن: بىر قىسمى ئەبەيدۇللا جەمەتى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېرى بولۇپ، بۇ يەرلەر ۋە بۇ يەرلەردىكى ئۇيغۇرلار ئەبەيدۇللا جەمەتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە ئىدى، يەنە بىر قىسمى، مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇمۇلدا تەسىس قىلغان ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يەرلەر بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تېرىۋاتقان يەرلەر، مەھبۇسلار تېرىيدىغان يەرلەر، مۇسۇلمانلار ۋە ئىچكىرىدىن كۆچۈپ چىققان خەنزۇ، خۇيزۇ كۆچمەنلىرى تېرىۋاتقان يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ئىككى خىل يەرنىڭ ئېنىق پاسىلى يوق بولۇپ، بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. قۇمۇل ناھىيىسىگە (مەھكىمىسىگە) تەۋە يەرلەر ۋە ئۇنىڭدىكى پۇقرالار مەزكۇر ئەسەرنىڭ مۇھاكىمە دائىرىسىگە مەنسۇپ بولمىغاچقا بۇ ھەقتە ئارتۇق توختىلىپ يۈرمەيمىز. تۆۋەندە نوقتىلىق قىلىپ ئەبەيدۇللا جەمەتى باشقۇرۇۋاتقان يەرلەردىكى سىنىپىي ئەھۋاللار، ھەر قايسى سىنىپلارنىڭ نىسبىتى، ئىجارە شەكلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

### 1 . سىنىپىي تەركىبلەر

ئەبەيدۇللا جەمەتىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئاھالىلەر ئوخشاشمىغان سىنىپىي تەركىبلەرگە تەۋە بولغان، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئۇلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار دەپ ئىككى چوڭ سىنىپقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

#### (1) ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار

بۇ خىل سىنىپقا ۋاڭ جەمەتى، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار،

دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلار ۋە فېئودال زېمىندارلار كىرىدۇ.

① ۋاڭ جەمەتى

ۋاڭ جەمەتى ئەڭ چوڭ يەر ئىگىسى بولۇپ، ئۇلار ئىگىلىگەن يەرلەرنىڭ كۆلىمى ھەر قايسى مەزگىللەردە ئۆزگىرىپ تۇرغان «قۇمۇل مەھكىمىسىگە قاراشلىق يېزىلارنىڭ تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭى بېشىر سىياسىي جەھەتتىكى سۇر - ھەيۋىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشكەن ھازىرقى ۋاڭ شامەخسۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھەر يىلى بوز يەر ئېچىپ، قانۇن - تۈزۈمنى قاتتىق قوللۇق بىلەن يۈرگۈزگەچكە ئاھالىنىڭ قورساق غېمى تۈگىدى. شەھەرنىڭ غەربىي ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇللارنىڭ مېيىنلاق دېگەن يېرىگىچە كېرەكلىك ئاشلىق (قۇمۇلدىن) توشۇلىدۇ»①. بۇ ئەھۋال ۋاڭ جەمەتىگە قاراشلىق يەرلەرنىڭ سانىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بەزى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شامەخسۇت ۋاڭ ھۆكۈم سۈرگەن دەسلەپكى مەزگىللەردىكى يەرلەرنىڭ سانى ھەققىدە «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى، ئورگانلار (2)» بۆلىكىدە ئېنىق ھالدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بۇ جاي (قۇمۇلنى كۆرسىتىدۇ — نەقىل ئالغۇچىدىن) نىڭ مۇنبەت تۇپرىقىنىڭ كۆپ قىسمى ۋاڭغا قارايدۇ... تېرىلغۇ يېرى 3 تۈمەن» شامەخسۇت ۋاڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمى كېڭىيىپ 34 مىڭ 200 مودىن ئاشقان②. ۋاڭ جەمەتىگە قاراشلىق يەرلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىدە ئاساسەن مۇنداق ئۈچ سەۋەب بار ئىدى. بىرىنچىدىن بوز يەرلەر كۆپلەپ ئېچىلغان (ئادەتتە پۇقرالارنىڭ ئۆز ئالدىغا بوز يەر ئېچىشى مەنئىي قىلىناتتى)، ئىككىنچىدىن، پۇقرالارنىڭ يەرلىرى سېتىۋېلىنغان (پۇقرالار ئادەتتە يەرلىرىنى ئۆز ئارا ئېلىپ - ساتسا بولمايتتى، سېتىپ بېرىش توغرا كەلسىمۇ پەقەت ۋاڭ جەمەتىگىلا سېتىپ بېرىشكە بولاتتى)، ئۈچىنچى-

دىن، ھاكىمىيەت ۋاستىسىگە تايىنىپ، تۈرلۈك ناملار بىلەن يۇقىرالاردىن تارتىۋېلىنغان. قۇمۇل ۋاڭى ئۆز تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ فېئودال بولۇپ، ۋاڭ جەمەتى ئەڭ چوڭ تەييارتاپ سىنىپ ئىدى.

② ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە دىنىي زاتلار

18 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرى «ئۇيغۇر ۋاڭىدىنىڭ قول ئاستىدىكى بېزى، تەيجى قاتارلىق مەنسەپلەر ئاتىدىن بالىغا قالاتتى. بىر قىسىم چوڭ بەگلەرنىڭ مەنسەپلىرى ئۇيغۇر ۋاڭى تەرىپىدىن ‹ئاتا مىراس› لىققا ياكى ‹ئۆتۈنۈپ بېرىش› كە بۇيرۇلاتتى. ئادەتتىكى بەگلەرنى ئۇيغۇر ۋاڭى بىۋاستە ۋەزىپىگە قويىدىغان بولۇپ، يۆتكەشكە ياكى قالدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى»③. 18 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قول ئاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئاتا مىراسلىق ئىمتىيازى بىكار قىلىندى. قۇمۇل ۋاڭى ئەمەلدارلارنى خالىغانچە ئىشقا قويۇپ ۋە ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە قاراپ، مۇئەييەن مىقداردا يەر ئىنئام قىلىپ بەردى. مەسچىتلەرنىڭ ۋاڭ ئىنئام قىلىپ بەرگەن يەر، چارۋىلىرىمۇ، شۇنداقلا دىنىي مۆرىتلار ئىئانە قىلغان يەر ـ چارۋىلىرىمۇ بولدى. بۇ يەرلەر ۋە چارۋىلار نامدا مەسچىت ـ خانىقالارغا تەۋە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولاتتى. ۋاڭ جەمەتىدىكى ھەر قايسى ئەمەلدارلار ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلار ئىمتىيازلىق سىنىپقا مەنسۇپ بولۇپ، ئادەتتە ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ئاۋام پۇقرالار ياكى دىنىي مۇرىتلار ھەقسىز تېرىپ بېرەتتى.

③ زېمىندارلار

زېمىندارلار كۆپىنچە 40 مودىن كۆپرەك يەرگە ئىگە بولغان، ئۇلار ئاساسەن مەلۇم نەسەپ ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىدى. بىر بولسا ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ۋاڭ جەمەتىگە تۇغقان كېلەتتى.

تى. ئۇلارنىڭ يەرلىرى ۋالى ئوردىسى تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغان بولۇپ، ۋاقتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ۋالى ئوردىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىن چىقىپ كەتكەنىدى؛ يەنە بىر بولسا ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ۋالى ئوردىسىدا مەنسەپ تۇتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەرلىرى ۋالى ئوردىسىنىڭ ئىنئام قىلىشى ياكى ئۆز ئىمتىيازىغا تايىنىپ تارتىۋېلىشى ئارقىلىق كەلگەنىدى. ئادەتتىكى نامرات پۇقرانىڭ زېمىندار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى تەس ئىدى. شۇڭا، بۇ خىلدىكى زېمىندارلار يوقىنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئۇلار ئاساسەن يەرلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئارقىلىق باشقىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ ياشايتتى. شۇڭا، ئۇلارمۇ ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ بىر ئەزاسى ھېسابلىناتتى.

### (2) ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار

#### ① ئىجارىكەش دېھقانلار

ئىجارىكەش دېھقانلار يېزا نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېرى يوق ياكى ئازلا يېرى بولغان . شۇڭا ئۇلار قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ياكى باشقا ئەمەلدارلارنىڭ، زېمىندارلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىش ئارقىلىق ھايات كەچۈرگەن، ئۇلار ئىجارىگە ئالغان يەرلەر ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ساندىكى يەر ئىجارىسىنى تۆلىگەندىن سىرت، يەنە قۇمۇل ۋاڭى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئەمەلدارلار ئۈچۈن تۈرلۈك ھاشار مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيتتى. ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى يوقىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئادەتتە كۆپىنچىسىنىڭ كەتمەن، ئورغاق دېگەندەك ئۇششاق سايمانلىرىلا بولاتتى. سۆرەم كالىسى، ساپان، ھارۋا دېگەندەك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئاساسەن بولمايتتى. ھەر يىلى چوڭراق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى لازىم قىلىدىغان ۋاقىتتا، ئۇلار ئاۋال ئاشۇ سايمانلارنىڭ ئىگىلىرىگە ئىشلەپ بېرىپ، ئاندىن بۇ قوراللارنى ئىشلىتىۋېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشەتتى. ئىجارىكەش دېھقانلار جەم-

ئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەر بولۇپ، ھەمىشە يېرىم ئاچ - يېرىم توق كۈن كەچۈرەتتى. بەزىلىرى كوچىلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرسە، يەنە بەزىلىرى ئىلاجىسىز ۋاڭ ئوردىسى ياكى باشقا پۇقرالارغا يىللىقچى ياكى مەدىكار بولاتتى.

② تېرىقچى دېھقانلار

تېرىقچى دېھقانلار ئادەتتە 10 ـ 20 مو يەرگە ئىگە بولغان، ئاساسەن ئۆز ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداپ كېتەلەيدىغان. ئۇلار بىر قەدەر تولۇق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا ئىگە بولۇپ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئادەتتە ئۇلار ئاز - تولا يەر ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيتتى. شۇنداقلا ئانچە - مۇنچە يەر ئىجارە بېرىپ قوياتتى. ئەمما، مەيلى ئىجارىگە ئالسۇن ياكى ئىجارىگە بەرسۇن سانى ئادەتتە كۆپ ئەمەس ئىدى.

③ يىللىقچى ۋە مەدىكارلار

يىللىقچى ۋە مەدىكارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بولمىغاچقا، باشقىلارغا ئىشلەپ بېرىش ئارقىلىق ھايات كەچۈرگەن. ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلار، زېمىندارلار دائىم يىللىقچى ۋە مەدىكار ياللاپ ئىشلىتىدىغان بولۇپ، ئەڭ كۆپ ياللايدىغىنى يەنىلا قومۇل ۋاڭى ئىدى. قومۇل ۋاڭىغا بىۋاستە قاراشلىق يەرلەرگە كۆپىنچە 200 مونى بىر بىرلىك قىلغان ھالدا «مۇقىم يىللىقچىدىن 3 ى، مەدىكاردىن 2 سى ئىشلەيتتى»④.

## 2. ھەر قايسى سىنىپلارنىڭ نىسبىتى

قومۇل ۋاڭىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ھەر قايسى جايلاردا ئۆزئارا پەرقلىق بولغان، تۆۋەندە بىر قەدەر ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە بولغان قومۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسى (يۇقىرى مەھەللە) كەنتى ۋە قومۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزىسى مەگەش كەنتى 1 ـ، 3 ـ مەھەللىسىنى مىسال كەلتۈرىمىز.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى پالۋانتۇر يېزىسى يۇقىرى مەھەللە كەنتىدە 51 تۈتۈن بولۇپ، دورغا 1 نەپەر، ئىگىلىگەن يېرى 40 مودىن ئارتۇق بولغان؛ زېمىندار 1 ئائىلە، تېرىلغۇ يېرى 45 مو بولغان، تېرىقچى دېھقان 15 ئائىلە، ئىگىلىگەن يېرى 15 دىن 18 موغىچە بولغان. ئىجارىكەش دېھقان 38 ئائىلە، ئىگىدارچىلىقىدىكى يېرى 14 موغا يەتمىگەن، بۇلاردىن 8 ئائىلىنىڭ 1 مومۇ يېرى بولمىغان. 1 ـ جەدۋەلگە قاراڭ:

1 ـ جەدۋەل: 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى قومۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسى (يۇقىرى مەھەللە) كەنتىدىكى يەرلەرنىڭ ئىگىلىنىش ئەھۋالى

| سىنىپلار | تۈتۈن سانى | ئىگىلىگەن يېرى | سىنىپلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|
| ئەمەلدارلار | 1 | 40 | 1.96% |
| زېمىندارلار | 1 | 45 | 1.96% |
| تېرىقچى دېھقانلار | 11 | 20—15 | 21.56% |
| ئىجارىكەش دېھقانلار | 38 | 14—0 | 74.51% |

يۇقىرى مەھەللە كەنتى يەر ئىگىلەش بىر قەدەر تارقاق بولغان جايغا مەنسۇپ بولۇپ، يېرى يوق ياكى يېرى ئاز ئىجارىكەش دېھقانلار پۈتكۈل كەنتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 74.51 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بۇ خىل يەر ئىگىلەش ئەھۋالى قومۇل ۋاڭى تەۋەسىدىكى كۆپ قىسىم جايلاردا مەۋجۇت بولغان.

ئەمدى بىز يۇقىرى مەھەللە كەنتى تەۋەسىدىكى ئىجارىكەش دېھقانلار ۋە تېرىقچى دېھقانلارنىڭ قومۇل ۋاڭى ياكى باشقا چوڭ زېمىندارلاردىن يەر ئىجارىگە ئېلىپ تېرىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقايلى:

| | | |
|---|---|---|
| ئىجارە يەر | 10 — 20 مو | 1 — 9 مو |
| ئىجارىچى تۈتۈن | 12 تۈتۈن | 26 تۈتۈن |
| ئىجارىگە ئالغۇچى | تېرىقچى دېھقان 2 تۈتۈن | ئىجارىكەش دېھقان 36 تۈتۈن |

ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ كۆپلەپ يەر ئىجارە ئېلىپ تېرىيالماسلىقىدىكى سەۋەب ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ كەملىكىدىن بولۇپمۇ ساپان، كالا، هارۋا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ يوقلۇقىدىن ئىدى. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدىغان يېرىنى چەكلەپ قويانتى.

ئەمدى بىز يەنە يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق قىلىش نىسبەتەن مەركەزلەشكەن شەھەر ئىچى يېزىسى مەگەش كەنتى 1-، 3-مەھەللىسىنى مىسال كەلتۈرىمىز. مەزكۇر كەنتنىڭ 1-، 3-مەھەللىسىدە شامەخسۇت ۋاڭ هۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى 23 ئائىلىلىك نوپۇس بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە زېمىندارلار 3 ئائىلە، ۋاڭ جەمەتىگە تۇغقان كېلىدىغانلار 5 ئائىلە، تېرىقچى دېھقان 1 ئائىلە، ئىجارىكەش دېھقان 10 ئائىلە، قول هۈنەرۋەنلەر 4 ئائىلە بولغان. 2 ـ جەدۋەلگە قاراڭ:

2 ـ جەدۋەل: 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى قۇمۇل شەھىرى ئىچى يېزىسى مەگەش كەنتىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئىگىلىنىش ئەھۋالى

| سىنىپلار | ئۆتۈن سانى | ئىگىلىگەن يېرى | سىنىپلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى |
| --- | --- | --- | --- |
| ئەمەلدارلار ۋە ۋالىي جەمەتىنىڭ تۇغقانلىرى | 5 | 40 مودىن كۆپ | 21.7% |
| زېمىندارلار | 3 | 43—42 مو | 13% |
| تېرىقچى دېھقانلار | 1 | 17 مو | 4.3% |
| ئىجارىكەش دېھقانلار | 10 | 14—0 مو | 43.4% |
| قول ھۈنەرۋەنلەر | 4 | 6—0 مو | 17.3% |

بۇ جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەزكۇر كەنتتە يەر ئىگىلەش نىسبەتەن مەركەزلەشكەن، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ھادىسىسى ئېغىر بولغان. مەگەش كەنتى 1 ـ، 3 ـ مەھەللىسى شەھەرگە يېقىن بولغاچقا ئەمەلدارلار ۋە ۋالىي جەمەتىگە تۇغقان كېلىدىغانلارنىڭ سانى ئومۇمىي نوپۇس سانىدا كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن يېرىمۇ كۆپ بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ كۆپ بولغان، چۈنكى بۇ جاي قۇمۇل شەھىرىگە يېقىن، تاۋار ئىگىلىكى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولغاچقا ئۇلار يەردىن قول ئۈزۈپ چىقالىغان. مەگەش كەنتى 1 ـ، 3 ـ مەھەللىسىنىڭ ئەھۋالى شەھەرگە يېقىن جايلاردىكى يەر ئىگىلەش ئەھۋالىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

## 3. يەر ئىجارىسىنىڭ شەكىللىرى

ئومۇمەن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئالغۇچى دېھقانلار ۋاڭ ئوردىسىغا بەلگىلەنگەن مىقداردىكى يەر ئىجارىسى تاپشۇرغان. ۋاڭ جەمەتىگە قاراشلىق بولغانلىكى ئۇيغۇرلار ۋاڭ ئوردىسى ئۇچۇن تۇرلۇك هاشار مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۇستىگە ئالغان. تۆۋەندە ئايرىم ـ ئايرىم هالدا بۇ ئىككى خىل ئىجارە شەكلى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

(1) بەلگىلەنگەن مىقداردىكى ماددىي مەهسۇلات بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى.

قۇمۇل ۋاڭىغا تەۋە يەرلەر ۋاڭ ئۇچۇن بىۋاسىتە تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان يەرلەر ۋە «ئاۋام» نىڭ تېرىقچىلىق قىلىشىغا ئىجارىگە بېرىلىدىغان يەرلەر، دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. قۇمۇل ۋاڭى لياۋجياۋەن ۋە دۆۋەجىن ئەتراپىدا 9900 مو يەرنى ئىجارىگە بەرگەن. خوتۇنتام ۋە شونىلقا (تەڭرىتاغ ۋادىسىدىكى جىلغىلاردىن بىرى) دىكى تېرىلغۇ يەرلەر تاغ سۇيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەرگە تەۋە بولۇپ، بىر مو يەردىن ئېلىنىدىغان يەر ئىجارىسىنى بىر پاتمان، دەپ هېسابلىغاندا تەخمىنەن 150 مو يەر بولىدۇ. باي ۋە كوڭكۇي جىلغىسىدا 1200 مو يەر ئىجارىگە بېرىلگەن؛ توغۇچى يېزىسىنىڭ ئايتام دېگەن يېرىدىكى ئېتىزلاردىن 180 مو يەر ئىجارىگە بېرىلگەن. ئۇرۇمچىنىڭ جەنۇبىي دۆڭلۇك (نەنلىياڭ) دېگەن يېرىدە 150 مو يەر ئىجارىگە بېرىلگەن؛ پىچاننىڭ لۇكچۇن يېزىسىدا 3000 مو يەر ئىجارىگە بېرىلگەن. قۇمۇل ۋاڭىغا قاراشلىق يەرلەردىن ئىجارىگە بېرىلگەن يەر 14 مىڭ 980 مو بولغان. هەر خىل يەرلەردىن يېغىۋېلىنىدىغان يەر ئىجارىسىنىڭ مىقدارى دائىم هەر قايسى يەرلەرنىڭ مۇنبەتلىك دەرىجىسى ۋە سۇغىرىش شارائىتىغا قاراپ بەلگىلەنگەن. قۇمۇل ۋاڭى لوجاۋەن ۋە دۆۋەجىندە بەلگىلەپ بەرگەن يەر ئىجارىسى مۇنداق بولغان: تاغ سۇيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەرلەرنىڭ هەر موسىغا

1 كۈرە ئاشلىق ئېلىنغان، بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا 2 كۈرە ئاشلىق ئېلىنغان. قۇمۇل ۋاڭى- نىڭ ساقا قارا مۇقچىدىكى تاغلىق يېرى 400 مو بولۇپ، ھەر يىلى يىغىۋالىدىغان يەر ئىجارىسى بۇغدايدىن 40 قاپ. قوناقتىن 20 قاپ ئاشلىق بولغان مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا يىللىق ئىجارە ھەققى بۇغداينىڭ 1 كۈرە، قوناقنىڭ يېرىم كۈرە بولغان. ئۇ- رۇمچى جەنۇبىي دۆڭلۈكتىكى يەرلەرنىڭ ھەر موسىنىڭ ئىجارە ھەققى 0.8 كۈرە بولغان⑤. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يەرلىرى خەنزۇلار ۋە تۇڭگانلارنىڭ تېرىشىغىمۇ ئىجارىگە بېرىلگەن. بولۇپمۇ قۇمۇل- نىڭ شەھەر ئەتراپى يېزىسىدىكى يەرلەرنىڭ ئىجارە ھەققى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان. مەسىلەن، مىنگونىڭ 18 ـ يىلى (1929 ـ يىلى) شەندۇڭدىن كەلگەن خەنزۇ جاڭ يۈخې شامەخسۇتنىڭ 7 مو يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ سەي تېرىغان، ھەر مو يەرنىڭ يەر ئىجارىسى 7 باغلام ئۇنچە بولۇپ، ئەتىياز ۋاقتىتىكى بۇغداينىڭ بازار نەرقى بويىچە پۇلغا سۇندۇرۇپ تاپشۇرغان.

قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تەۋەلىكىدە سۇنى باشقۇرۇش ھوقۇقى قۇ- مۇل ۋاڭىغا مەنسۇپ بولغان، مەيلى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغانلار ياكى تېرىقچى دېھقان، زېمىندارلار بولسۇن، تاغ، بۇلاق سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ يەر سۇغارغانلا بولسا سۇ بېجى تاپشۇرۇش شەرت ئىدى. سۇ بېجى ئىككى خىلغا بۆلۈن- گەن بولۇپ، بىر خىلى «ئالتۇن ساڭ» سۇ بېجى دەپ ئاتىلاتتى. يەنە بىرى «ئۇنۇك» سۇ بېجى دەپ ئاتىلاتتى. «ئالتۇن ساڭ» سۇ بېجى كەنتلەرگە قاراپ ئېلىناتتى، چوڭ كەنتلەر ھەر يىلى 3 قاپ ئاشلىق تاپشۇراتتى، كىچىكرەك كەنتلەر ھەر يىلى 5 كۈرە ئاشلىق تاپشۇراتتى. «ئۇنۇك» سۇ بېجى يەرنىڭ مو سانىغا قاراپ ئېلىنىدىغان بولۇپ ھەر مو يەردىن ھەر يىلى يېرىم كۈرە بۇغ- داي، 1 كۈرە قارا ئاشلىق ئېلىناتتى. سۇغىرىش ۋاستىلىرى يېتەرلىك بولغان جايلار ئادەتتە «ئالتۇن ساڭ» بېجى تاپشۇراتتى؛

سۇغىرىش ئەھۋالى چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان جايلار «ئۇنۇك» بې-
جى تاپشۇراتتى.
پۇقرالار ئۆز يەرلىرىنى بالدۇرراق سۇغىرىۋېلىش ئۈچۈن مىرابلارغا پۇل ـ پۇچەك پارا بېرەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ چىقىمى سۇ بېجىدىن ئېشىپ كېتىدىغان بولغاچقا، سۇ بېجىنىڭ سىرتىدىكى يەنە بىر قات باج ھېسابلىناتتى. مىرابلار قولىدىكى ھوقۇقتا تايىنىپ يېزىلاردا دېگىنىنى قىلاتتى. بەزىدە ئۇلار باي — غوجىلاردىنمۇ ئاشۇرۇۋېتەتتى. مەسىلەن، ئارا تۇرۇكتە ئابدىنىياز ئىسىملىك بىر مىراب بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭغا «ئىككىنچى ۋاڭ غوجام» دەپ لەقەم قويۇپ قويغان.
قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئىجارە ھەققىنى يىغىش ۋاقتى مۇنداق ئىدى: «11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن، ھەر قايسى ئائىلە-لەر بۇغداي بېجىنى شاڭيوغا تاپشۇراتتى. ئاندىن يامۇل ئامبىرىغا توشۇلاتتى»، «ئىجارە ھەققىنىڭ ئۇندىن ئىككى قىسمى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كېتەتتى. شاڭيۇنىڭ ئالىدىغىنى ھەر بىر ئائىلىدىن 5 كۈرە دان ئىدى»⑥.
قۇمۇل ۋاڭىنىڭ چوڭ ـ كىچىك 16 مېۋىلىك بېغى بولۇپ، چوڭ باغلارنىڭ كۆلىمى 100 موغا يەتكەن؛ كىچىكلىرىمۇ 1 ـ 2 مو كەلگەن. باغلاردا ئۈزۈم، ياڭاق، ئۈرۈك، شاپتۇل، چىلان، نەشپۈت، ئانار، ئالۇچا، ئالما قاتارلىق مېۋىلەر ئۆستۈرۈل-گەن. باغلار باغۋەنلەرگە ئىجارىگە بېرىلگەن بولۇپ، باغۋەن سۇ-غىرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولاتتى. باغلارنىڭ ئىجارە ھەققى مۇئەييەن مىقداردىكى مېۋە ـ چېۋىنى ئىجارە ھەققى ئورنىدا تاپشۇرۇش ۋە بەلگىلىك مىقداردىكى پۇل بىلەن ئىجارە ھەققىنى تۆلەش قاتارلىق ئىككى خىل ئىدى. ۋاڭ ئوردىسىغا تاپشۇرۇلغان مېۋە ـ چېۋىلەر ئاساسەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىستېمالىغا سەرپ قىلىناتتى. ئادەتتە باغۋەنلەر ھەممىشە ئىككى شەكىل بىرىكىپ كەتكەن شەكىلدە ئىجارە ھەققى تاپشۇراتتى، بەزىلىرى يولسا

ئىككى خىل شەكىلنىڭ بىرىدە ئىجارە ھەققى تاپشۇرۇراتتى. باغۋەنلەر ھەمىشە باغلاردىكى بوش يەرلەرگە ئانچە ـ مۇنچە ئاشلىق تېرىپ، ئائىلىسىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى قامدايتتى.

(2) ھاشار بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى

ئومۇمەن قۇمۇل ۋاڭىغا قاراشلىق پۇقرالار مەيلى زېمىندار، تېرىقچى دېھقان ياكى ئىجارىكەش دېھقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋاڭنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارىغا ئېرىشكەن تۇغقانلىرى ۋە ئەمەلدارلار بولمىسا، بىردەك قۇمۇل ۋاڭى ئۈچۈن تۈرلۈك ھاشار مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتىگەن.

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بىۋاسىتە تېرىلىدىغان يەرلىرى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھەممىلا جايلاردا بار بولۇپ، شەھەر ئەتراپىدىلا 10 مىڭ مو، نومدا 400 مو، ئېدىر، باغداش قاتارلىق جايلاردا 300 مو كېلەتتى؛ ئاستانە يېزىسىنىڭ سەندۇخوزا ئەتراپىدا 135 قاپ ئۇرۇق چاچقۇدەك يەر بولۇپ، ھەر مو يەرگە بىر كۇرە ئۇرۇقلۇق ئاشلىق چېچىلىدۇ دەپ ھېسابلىغاندىمۇ، تەخمىنەن 1350 مو كېلىدۇ. شۇ يېزىنىڭ 12 ـ كارىز رايونىدىكى يەرنىڭ مو سانى ئېنىق ئەمەس. پەقەت ھەر يىلى 700 قاپ ئاشلىق ھوسۇل ئېلىنىدىغانلىقىلا مەلۇم. ناۋادا ھەر بىر مودىن يېرىم قاپ ئاشلىق ئېلىنىدۇ دەپ ھېسابلىغاندا تەخمىنەن 1400 مو يەر بولۇپ چىقىدۇ؛ ۋاڭنىڭ ئاستانە يېزىسىنىڭ باشقا جايلىرىدا يەنە 500 مو تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى؛ يەنە شەھەر ئىچى يېزىسىدا 440 مو، مەركىزىي راھەتباغدا 300 مو، تۆۋەنكى راھەتباغدا 80 مو، ئاراتامدا 100 مو، ساقا قارامۇقچىدا 80 مو، قارا دۆۋىدە 60 مو، دۆۋەجىندا 100 مو، تاراتىدا 80 مو، لوجاۋەندە 100 مو، ئىككى گۇمبەزدە 130 مو يېرى بار ئىدى. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ بىۋاسىتە تېرىلىدىغان يەرلىرى 16 مىڭ 450 مو بولۇپ، بۇ يەرلەرنى ئاۋام پۇقرالار ۋاڭ ئوردىسى ئۈچۈن ھەقسىز تېرىپ بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بۇ

يەرلىرىنى ۋالق ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلار ئۇرۇق چېچىشتىن ھو-
سۇل يىغىۋالغۇچە ئاۋام پۇقرانى تەشكىللەپ تېرىغۇزاتتى. پۇقرا-
لار ھەر ئايدا 3 كۈندىن 5 كۈنگىچە ھاشارغا ئىشلەيتتى. بەزىدە
7 كۈنمۇ ئىشلەيتتى. ئىشقىلىپ ھاشار زادىلا تۈگىمەيتتى. ھەتتا
ياڭ زېڭشىنمۇ: «بۇ ۋالڭو ولىلىقىدىن كۆپلەپ دورغىلارنى ئىشقا
قويۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئىش تېخىمۇ يوغىناپ،
بۇ دورغىلار ئاۋام پۇقرالارغا ئۈستىلەپ ھاشار بەلگىلىگەن ۋە بۇ
سەۋەبتىن ئەھۋال تېخىمۇ يامانلاشقان. ئاۋام پۇقرالار ئەتىيازلىق
تېرىلغۇ پەيتى كەلگەندە جەزمەن ئالدى بىلەن ۋاڭنىڭ ھاشار
يېرىگە ئىشلىگەن. بۇ يەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىلا ئاندىن
ئۆز ئېتىزىغا ئىشلىگەن. كۈزلۈك يىغىم مەزگىلىدىمۇ، جەزمەن
ئالدى بىلەن ۋاڭنىڭ ھاشار يېرىگە ئىشلەپ بولۇپ، ئاندىن ئۆزى-
نىڭ ھوسۇلىنى يىغىۋالغان. باشقا ھاشار ـ سەيسىلەر تېخىمۇ
نۇرغۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرت كاتتىلىرى يېڭىدىن يېڭى
باج ـ سېلىقلارنى قوشۇۋالغاچقا ئەھۋال چىدىغۇسىز دەرىجىگە
بېرىپ يەتكەن. ئاۋامنىڭ بۇنىڭغا نەپرىتى ناھايىتى كۈچلۈك»
دېگەن⑦.

دېھقانچىلىق ئىشلىرى پەسىل خاراكتېرى كۈچلۈك پائالى-
يەت ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئايدىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ
ئاز ـ كۆپلۈكى ئوخشاشمايدۇ. قۇمۇل ۋاڭىغا تەۋە يەرلەرنىڭ
مۇقىم ھاشار ۋاقتى يوق ئىدى. ھاشار ئىشىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە
قاراپ بەلگىلىنەتتى، ۋاڭغا قاراشلىق ئاۋام پۇقرالار جەزمەن ۋاڭ
ئوردىسىنىڭ يېرىدىكى قىلىشقا تېگىشلىك دېھقانچىلىق ئىشلىرى-
نى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆز ئېتىزىغا ياكى ئىجارە ئالغان
يېرىگە ئىشلىيەلەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەمىشە تېرىقچىلىقنىڭ
پەسلى ئۆتۈپ كېتىپ، مەھسۇلات مىقدارى ئازىيىپ كېتەتتى.
ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يېرىگە ھاشارغا ئىشلەشتە پۇقرالار دېھقانچىلىق
سايمانلىرى، ئۇرۇق ـ تۈلۈك قاتارلىقلارنى ئۆزلىرى تەييارلايتى.

تى. ۋاڭ ئوردىسى ئەسلىدە بەلگىلەپ بەرگەن ھاشارغا كېرەكلىك ساپان، ھارۋا، كالا، ئات قاتارلىق دېھقانچىلىق ۋاسىتىلىرىنى يەرلىك ئەمەلدارلار ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋالغانلىقتىن، بۇلارنى ئاشۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بار ئائىلىلەر ئۆيلىرىدىن ئە-كېلىپ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھاشار ئەمگىكىگە ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولاتتى. پالۋانتۇر يېزىسى يۇقىرى مەھەللە كەنتىدىكى سوپى يۇسۇپ ئىسىملىك بوۋاينىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، شامەخسۇت ۋاڭ زامانىسىدا ھەر يىلقى كۈزلۈك يىغىم ۋە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ پەيتى يېتىپ كەلگەندە دورغىلار پۈتۈن كەنتتىكى ئەمگەكچىلەرنى كەنتتىن 3 ـ 4 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ۋاڭ ئوردىسىغا قاراش-لىق ھاشار يەرگە ئىشلەشكە سالغان، كۈندۈزى تولۇق ئىشلىسە-مۇ ئاخشىمى ئۆيگە قايتۇرمىغان، ھاشارچىلار ئاي دالادىلا يېتىپ تاڭ ئاتقۇزۇشقا مەجبۇر بولغان. ئورما مەزگىلى كەلگەندە كېچە ـ كۈندۈز نۆۋەتلىشىپ ھاشار يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇغان، يېرىم كېچىلەردە بوران چىقىپ باشاقلارنى تۆكۈۋېتىشتىن ئەنسى-رەپ ئورما ئورۇشنى بىردەممۇ توختاتمىغان. تاكى ۋاڭلىق يەر-نىڭ ھاشارلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆيلىرىگە قايتىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆزلىرىنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلغان.

يەنە شۇ كەنتتىكى سۇلىيەندى بوۋاينىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ھەر قېتىم تېرىلغۇ ۋاقتى كەلگەندە دورغىلار كىشىلەرنى ھاشارغا تەشكىللەپ، بارالمىغۇچىلار ياكى ھورۇنلۇق قىلغۇچىلار بولسا دەرھاللا ئۇلارنى يەرگە ياتقۇزۇپ بىر ئادەم بېشىدىن، ئىككى ئادەم ئىككى پۇتىدىن بېسىپ تۆت سوڭ كەڭلىكتىكى، ئىككى سوڭ قېلىنلىقتىكى پالاق بىلەن تاكى تېرىسى گۆشىدىن ئاجراپ سۆڭىكى كۆرۈنگىچە ئۇرغان.

قومۇل ۋاڭىغا قاراشلىق پۇقرالار يەنە باشقا بىر خىل ھاشار مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان:

ۋاڭ ئوردىسى ھەر قېتىم سېپىل سوقۇش، ئۆستەڭ قې-

زىش، ۋاڭ قەبرىستانلىقىنى رېمونت قىلىش، يول ياساش، ئىمارەت، ئوردا، باغ بىنا قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى باشلىغاندا جايلاردىكى دورغىلار پۇقرالارنى توپلاپ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئاپىرىپ بېرەتتى. ئاندىن ئۇلار ھەر خىل ھاشار ئەمگەكلىرىگە سېلىناتتى. مەسىلەن، 1923 - يىلى قومۇل ۋاڭى ئورۇكلۇك يېزىسىدا چوڭ ئۆستەڭ چاپقۇزغاندا، قومۇل ئەتراپىدىكى 5 يېزىسىدىن سايمان ۋە ئوزۇقنى ئۆزى بىلەن بىلەن ئالغاچ كەلگەن 4000 كىشىنى ئىشقا سالغان. ۋاڭ ئوردىسى ئۇلارغا ھېچقانداق ھەق بەرمىگەن. ھاشارچىلار تاڭ سەھەردىن كەچ كىرگىچە ئىشلەپ، قورۇق زاغرىنى سوغوق سۇغا چىلاپ يېگەن، ئاخشىمى داق يەردە ياتقان، ئاغرىپ قالسىمۇ داۋاملىق ئەمگەككە سېلىنغان. قومۇل ۋاڭى 40 نەچچە ئىش بېشىنى نازارەتچىلىككە ئەۋەتىپ، ھەرىكىتى سەل - پەل ئاستا بولۇپ قالغانلارنى قامچىلاتقۇزغان. شۇ قېتىم ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 300 نەچچە ئادەم جاپالىق تۇرمۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي ئىش ئورنىدا جان ئۈزگەن. ۋاڭنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىسى، باغداشتىكى كۆركەم قەسىر - ئايۋانلىرى، ھەيۋەتلىك قەبرىستانلىقى، ئېسىل مېۋىلىك باغلىرى بىردەك ئاۋام پۇقرالارنىڭ قانلىق كۆز يېشى ۋە جىسمى بىلەن پۈتۈپ چىققان.

قومۇل ۋاڭىنىڭ قول ئاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار يوقىرىنى دوراپ ئۆزلىرىگە ھەشەمەتلىك ئايۋان - ساراي ۋە مېۋىلىك باغ ياساتقۇزغان، بۇنىڭغىمۇ ئوخشاشلا ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئاۋام پۇقرالارنى ئىشلەتكەنىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەلەمدار - قەلەمدار، بەگ - سىپاھلىرى كەلگەندە ۋە ماڭغاندا، چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي تەمىناتى ۋە باشقا ماددىي بويۇملىرى توشۇلغاندا، ۋاڭ ئوردىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار كەلگەندە ۋە كەتكەندە، بىردەك يەرلىك پۇقرالار ئادەم، يەم - بوغۇز چىقىراتتى، ئات،

ھارۋىسى بارلار ئات - ھارۋىلارنى تەييارلاپ ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى ھەل قىلىپ، ھەقسىز ھاشارغا ئىشلەيتتى.

شەھەر ئىچى يېزىسى، ئىككى گۈمبەز، ياغۇرچاق قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق پۇقرالاردىن دائىم 60 تىن ئادەم نۆۋەت بىلەن ھەر 5 كۈندە بىر ئالمىشىپ مەخسۇس ۋاڭ ئوردىسىدىكى قارا ئىشلارغا قارىشىپ بېرەتتى. بۇنىڭغىمۇ ئوخشاشلا ھەق بېرىلمەيتتى. يەنە تېخى ئوزۇق - تۈلۈكنى ئۇلار ئۆزلىرى تەييارلايتتى.

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھاشار ئەمگەكلىرى ھەممىلا ئىشتا بار ئىدى. «ھەتتا يەر سۈپۈرۈشكىچە ئاۋام پۇقرالار ئىشقا سېلىناتتى»⑧. ۋاڭ ئوردىسىغا كېرەكلىك ئوتۇنىمۇ ھەر يىلى كۈزدە 5 يېزىنىڭ پۇقرالىرى قۇرۇق دەرەخلەردىن يېرىپ تەييارلاپ ئارىتام يېزىسىدىن ۋاڭ ئوردىسىغا يۆتكەپ كېلەتتى. ئات ھارۋىلىرى بار پۇقرالار، ھەر يىلى كۈزدە ۋاڭ ئوردىسىغا تۆگە قومىلىقى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئات ھارۋىلىرى يوق پۇقرالار، ئوتۇن كەسلەپ كېلىپ تاپشۇراتتى⑨. ۋاڭ ئوردىسىغا يېقىن جايلاردىكى پۇقرالار، دائىم ھاشار سۈپىتىدە كېسەك قۇياتتى ۋە كېسەك توشۇيتتى. قارا دۆۋە يېزىسىدىكى پۇقرالار، «ھەر يىلى ئادەم چىقىرىپ سەنداۋلىڭدىكى ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق كۆمۈرلۈكتە ئالتە ئاي كۆمۈر قازاتتى»⑩.

ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق پۇقرالار، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يەرلىرىدە ۋە ھەر قايسى يەرلىك كاتتىۋاشلارنىڭ ئېتىزلىرىدا تۈرلۈك ھاشا، ئەمگەكلىرىگە قاتنىشىپ، «ئاشلىق تېرىپ ۋە ھوسۇلنى يىغىپ بەرگەن» دىن سىرت، يەنە ۋاڭ ئوردىسى ۋە ھەرقايسى كاتتىۋاشلارنىڭ ئۆيلىرىدە «مالاي» لىق قىلاتتى. «ھەر ئايدا ھەر بىر ئائىلىلىكنىڭ ئۆز ئىشىنى قىلالايدىغان ۋاقتى 6 — 7 كۈندىن ئاشمايتتى. قالغان ۋاقىتتا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ۋاڭ ئوردىسى ۋە ھەرقايسى كاتتىۋاشلارنىڭ سەيسە - ھاشارلىرىغا ئىشلەيتتى. خوتۇن - قىزلارمۇ نۆۋەتلىشىپ ھاشارغا باراتتى»⑪.

## 4. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى

قۇمۇل ۋادىسىنىڭ تەۋەسىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن بولغان بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئىشلەپچىقىرىش بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى تۇر جەھەتتە ئاز بولۇپلا قالماي، يەنە بەكلا قالاق ھالەتتە بولغان. تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق قوراللىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

(1) ساپان

بۇ ئەڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولغان، ئەمما ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ ئەگرى شەكىللىك ساپانلىرىدىن پەرقلىق، ئەكسىچە ئىككى كالا جۈپ بولۇپ سۆرەيدىغان، ئاددىيلا شەكىلدە بولۇپ، ئادەتتە نامرات دېھقانلارنىڭ ساپىنى بولمىغان.

(2) كەتمەن

بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان بىر خىل قورالى بولۇپ، ئاساسەن يەر چېپىش، توپا ئاغدۇرۇش، توپا ئۇسۇش، ئېرىق چېپىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلگەن. گورجەك قۇمۇلغىمۇ تارقالغان بولسىمۇ ئاساسەن خەنزۇلار ۋە خۇيزۇلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئاز ئىشلەتكەن.

(3) تۇلۇق

بۇ ئۇنچە ئېرىدىغان بىر خىل قورال بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر مېتىر، دىئامېتىرى 15 سانتىمېتىر كېلىدۇ. مەركۇر قورال ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلمىگەن، چارۋىچىلىق ياكى يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يېقىن جايلاردا خامان ئالغاندا، ئۇنچە ئاتقا بەزىدە ئىشەككە چەيلەتكۈزۈلگەن. ھەممىشە ئۈچ ئات (ئىشەك) بىر قىلىپ چېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ بولسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا ئادەم خامانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئات ياكى ئە-

شەكنى خامان بويلاپ ئايلاندۇرۇۋېرىدۇ. ئات (ئېشەك) نىڭ تۇ-ۋىقىنىڭ يانجىشى بىلەن دانلار چەيلىنىپ پوستىدىن ئاجرايدۇ.

(4) هارۋا

ئاساسەن ياغاچتىن ياسىلىدۇ، چاقى ئېگىز، كۆپىنچە ئىككى چاقلىق بولىدۇ. بۇ ئاساسەن قاتناش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن، ئادەتتىكى دېھقانلاردا بولمىغان، ئۇلار هارۋا كېرەك بولۇپ قال-غاندا هەمىشە باشقىلارغا ياردەملىشىپ بېرىش ئارقىلىق ۋاقىتىنچە ئىشلىتىۋېلىش هوقۇقىغا ئىگە بولغان.

(5) ياغاچ ئارا

زىرائەتلەرنى يىغىشتا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، هارۋىغا ئۇنچە باسقاندا ۋە خامان ئۆرۈگەندە ئىشلىتىلگەن.

(6) كۈرەك

خامان يىغىشتا، بولۇپمۇ چەش بولغان دانلارنى شامالدا سو-رۇشتا ئىشلىتىلگەن.

(7) تىرنا

ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رايونىدىكى تىرنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما كۆپىنچە ياغاچ چىشلىق بولىدۇ. ياغاچ چىشلىرىنىڭ ئۇ-زۇنلۇقى تەخمىنەن 4 سۇڭ، سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىر، كەڭلىكى 0.6 مېتىر كېلىدۇ. كۆپىنچە ئاغدۇرۇلغان يەرلەرنى تارتىپ تۈزلەشكە ئىشلىتىلگەن.

(8) ئورغاق

زىرائەتلەرنى ئورۇشتا ئىشلىتىلگەن

ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتتا ئىجارىكەش دېھقانلاردا بىر نەچچە ئۇششاق دېھقانچىلىق قوراللا، مەسىلەن كەتمەن دېگەندەكلەرلا بولغان، پەقەت تېرىقچى دېھقانلار ۋە زېمىندارلاردىلا بىر قەدەر تولۇق دېھقانچىلىق سايمانلىرى بولغان.

## § 3 . چارۋىچىلىق

ۋالى ئوردىسىنىڭ چارۋىچىلىقى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، ۋالىنىڭ تەۋەلىكىدىكى يايلاق 26 مىليون 998 مىڭ 300 مو بولغان. ⑫ مۆلچەرلىنىشىچە قومۇل ۋالىسىنىڭ بىۋاستە ئىگىدارچىلىقىدىكى چارۋا مال 150 مىڭ تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئات 5500، كالا 7200 تۇياق، تۆگە 7200، قالغانلىرى قوي بولغان بۇنىڭغا چارۋىچىلىق رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، باي چارۋىدارلار، ئوتتۇراھال چارۋىدارلار، كەمبەغەل چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلىرىنى قوشقاندا قومۇل ۋالىلىقى تەۋەسىدىكى يايلاقلاردا ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 200 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا مال بولغان. ۋالى ئوردىسىغا قاراشلىق چارۋىلارغا مەخسۇس تامغا بېسىلغان: شۇپۇل ئەتراپىدىكى ئاتلارغا 8 بەلگىسى، قويلارغا 3 بەلگىسى، باغداش تەۋەسىدىكى ئاتلارغا ɑe بەلگىسى (ئاتنىڭ ساغرىسىغا) ۋە ∅ بەلگىسى (ئاتنىڭ ئالدى مۆرىسىگە)، قويلارغىمۇ ∅ بەلگىسى (ئاتنىڭ مۆرىسىگە بېسىلىدىغان تامغا بىلەن ئوخشاش) قويۇلغان.

قومۇل ۋالىسىنىڭ چارۋىلىرىنى ئاساسەن كىمنىڭ باقىدىغانلىقى توغرىسىدا ئومۇمەن ئىككى تۈرلۈك قاراش مەۋجۇت. بەزىلەر ۋالى جەمەتىگە قاراشلىق 150 مىڭ چارۋىنى «ئاساسەن سۈرگۈنگە ھۆكۈم قىلىنغانلار باقاتتى» دەيدۇ⑬. يەنە بەزىلەر بولسا چارۋا باقىدىغانلار «ئاساسەن پۇقرالاردىن نۆۋەتلىشىپ ھاشارغا چىقىدىغانلار ياكى مۇئتىزىم يىللىقچى، مەدىكارلار ئىدى» دەيدۇ⑭. ئالدىنقى قاراشنى ياپونىيىلىك رى يېچياڭ ئەڭ ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇنى ئۇنىڭ «ئىلى خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن تەپسىلىي كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئىمد-

نوپ ئېلاخون «سۈرگۈن ۋە نوم» ناملىق ماقالىسىدە⑮ بۇ ئەھۋالنى تىلغا ئالمىغان، ئۇنىڭ بۇ ماقالىسىدە قۇمۇلدىكى سۈرگۈن جازاسىنىڭ ئىجادچىسى بېشىر ۋاڭ ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا سۈرگۈن قىلىنىدىغانلار بارىدىغان جاي ھازىرقى قۇمۇل ئايرۇدرومىغا يېقىن كېلىدىغان يەردە ئىدى. بۇ جايغا سۈرگۈن قىلىنغانلىكى كىشى بورسۇق تۇتۇپ، تېرىسىدىن جۇۋا تىكىشى كېرەك ئىدى. ئىشقىلىپ 10 جۇۋىنى تەييارلاپ بولغۇچە ئۇلارنىڭ سۈرگۈن مۇددىتى توشۇپ قالاتتى. بۇ سۈرگۈن ئورنىنىڭ ئۆيلىرى 1913 - يىلىدىكى چوڭ يەر تەۋرەشتە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، نازارەتچىلەر ۋە مەھبۇسلار بىراقلا تامنىڭ ئاستىدا قالغان. كېيىن سۈرگۈن ئورنى نوم ۋە شىڭشىڭشىيالارغا ئۆزگەرتىلگەن. نومغا سۈرگۈن قىلىنغانلار، ئاساسەن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان، شىڭشىڭشىياغا پالانغانلار، ئاساسەن ماددىي ئەشيالارنى توشۇشقا سېلىنغان. بۇ ئەھۋاللار توغرىسىدا خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ئېنىق مەلۇماتلار بار⑯. ئىمىنوپ ئېلاخۇن قۇمۇل ۋاڭلىقىدىكى سۈرگۈنگە دائىر تارىخقا بەكلا پىششىق بولۇپ، ھېچقاچان سۈرگۈنگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ چارۋىسىنى باقىدىغانلىقىنى تىلغا ئالمىغان. بىز تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، نەچچە ئون بوۋاينى (ئۇلارنىڭ ھەممىسى 70 تىن ئاشقانلار) زىيارەت قىلغاندۇق، ئۇلار رى يېچياڭ ئېيتقان ئەھۋالنى بىردەك ئىنكار قىلدى. رى يېچياڭ 1907 - يىلى 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قۇمۇلغا كەلگەن بولۇپ، قۇمۇلدا ئىككى ھەپتىلا تۇرغان، كەلگەن ۋە يانغاندا بەكلا ئالدىراشلىقىدىن چارۋىچىلىق رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرمىگەن. شۇڭا، خاتىرىسى توغرا بولماي قالغان بولسا كېرەك.

ئىككىنچى خىل قاراشنىمۇ ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىرىنچىدىن، بىرەر رايون ئاھالىسىنىڭ دېھقان-

چىلىق ياكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىنى، ئاساسەن شۇ رايوننىڭ تەبىئىي شارائىتى بەلگىلەيدۇ. تەڭرىتاغ بويلىرى ۋە ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ يەر شەكلى ئېگىز ۋە سوغۇق بولۇپ، زىرائەت تېرىشقا ماس كەلمەيدۇ. ئەكسىچە چارۋا بېقىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇ جاي يىراق قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋالدا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ھېچقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەن. بۇنى تەڭرىتاغ رايونىدىكى تاغ - جىلغىلاردا بايقالغان چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە تۇرمۇشىغا ئائىت زور مىقداردىكى قىياتاش رەسىملىرى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ⑰. ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىشى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ئاھالىلىرى مۇقىم بىر رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ. دېمەك، مەيلى قايسى مىللەت ياكى ھاكىمىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەڭرىتاغ ۋادىسىنىڭ تاغلىق رايونىغا كېلىدىكەن چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەك ئىدى، بولمىسا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى. چىڭ سۇلالىسى ئەبەيدۇللا جەمەتىگە ئوتۇغات ئىنئام قىلغاندىن تارتىپلا ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلار ۋە چارۋىچىلىق قىلىدىغانلار بار ئىدى. شۇنداق بولغانىكەن دەسلەپتە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، كېيىنچە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجى يۈزىسىدىنلا ئاندىن «پۇقرالار چارۋا بېقىش ھاشىرىغا ئەۋەتىلىدىغان» ياكى يىللىقچى - مەدىكارلار مال باقتۇرۇشقا سېلىنىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولغان. ئىككىنچىدىن، بىز قومۇل تەۋەسىدىكى چارۋىچىلىق رايونىدا بىر ئايدىن كۆپرەك تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆپلىگەن بوۋايلارنى زىيارەت قىلدۇق. ئۇلار ھېچقاچان پۇقرالارنىڭ چارۋا بېقىش ھاشىرىغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى كۆرمىگەن ياكى ئاڭلىمىغانلىقىنى ئېيتتى. يېرىدىن ئايرىلىپ قالغان دېھقانلار ياكى ياقا يۇرتلاردىن تىرىكچىلىك ئۈچۈن قومۇلغا كېلىپ قالغان مۇساپىرلارنىڭ بەزى-

لىرى قۇمۇل ۋاڭىغا يىللىقچى مەدىكار بولۇپ چارۋا باققان. ئەمما، بۇ ئەھۋال قىسمەنلىككە مەنسۇپ بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسىم چارۋىچىلار ئەۋلادتىن ئەۋلاد چارۋا بېقىپ كەلگەن ياكى ۋاڭ ئوردىسىغا چارۋىچى بولۇپ كەلگەن. ئۇچىنچىدىن، «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىقى» ناملىق ماقالىدە «قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار» ۋە مەزكۇر ماتېرىيال ئاساسلانغان ئېپتىدائىي ماتېرىياللار ئاساس قىلىنغان⑱. بىز «قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار» نى كۆرۈپ چىقىش جەريانىدا، ئۇنىڭدىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەھۋالغا دائىر بىرەر خاتىرىنى ئۇچراتمىدۇق. شۇنداق بولغانىكەن بۇ ماقالە ئەينى ۋاقىتتا ئەھۋالنى بىلگۈچىلەر تەمىن ئەتكەن ئېپتىدائىي ماتېرىياللارنىلا ئاساس قىلغان. «قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار» تۈزۈلگەندە بۇ ماتېرىياللار ئىشلىتىلمىگەن، ئېھتىمال بۇ ماتېرىياللار دېگەندەك توغرا بولۇپ كەتمىگەچكە مەقسەتلىك ھالدا قىسقارتىۋېتىلگەن بولسا كېرەك. شۇڭا، بىز بۇ مەسىلىنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك دەپ قارايمىز: قۇمۇل ۋاڭىغا مال بېقىپ بېرىدىغانلار ئاساسەن مۇقىم ئۇيغۇر چارۋىچىلار بولۇپ، ۋاڭ جەمەتىنىڭ چارۋىچىلىقى راۋاجلانغاندا، بەزىدە يۇقىرىلار ياكى يىللىقچى ــ مەدىكارلار چارۋا بېقىشقا سېلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما بۇنداقلارنىڭ سانى كۆپ بولمىغان. يۇقىرىقى ماقالىدە «ئادەتتە يىلقا باقىدىغان يىللىقچىلار ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئالمىشاتتى» ⑲دېيىلگەن بىز مۇشۇ ئەھۋالنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يىلقىلىرىنى باققان پېشقەدەملەردىن نەچچىنى تاپتۇق ۋە ئەھۋال ئىگىلىدۇق. باغداش رايونىدا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يىلقىلىرىنى باققان بىر قانچە كىشى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى يارى ياقۇپ، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ھوشۇرئاخۇن ئىكەن. ئۇلار مەخسۇس ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاتلىرىنى

باققان بولۇپ، ھەر يىلى تېرىلغۇ ياكى يىغىم پەيتى كەلگەندە ئاتلارنى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا سالغان. دېھقانچىلىق تۈگىگەندىن كېيىن ئاتلارنى يەنە يايلاققا قايتۇرۇپ كەتكەن. باغداش رايونىدا يەنە توخسۇن ئىسىملىك بىر بوۋاي بولۇپ، مەخسۇس ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يورغا ئاتلىرى (مەخسۇس ۋاڭ جەمەتىدىكىلەر مىنىدىغان ئاتلار، بۇ خىل ئاتلارنىڭ ھەرىكەتلىرى پۇختا، چېپىشى سىلىق) نى باققانىكەن. بۇ ئۇچەيلەن بىردەك ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئاتلىرىنى باققان بولۇپ، ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئالمىشىدىغان يىللىقچىلاردىن ئەمەس ئىكەن. يەنە نېرىنكىر، شۇپۇل ۋە تۇر كۆل رايونلىرىدىمۇ بىر قانچە يىلقا باققۇچىنى زىيارەت قىلدۇق. ئۇلارمۇ ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يىلقىلىرىنى باققانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئاتلىرىنى باقىدىغانلار ئارىسىدا يىللىقچى ۋە مەدىكارلارمۇ بار ئىكەن، ئەمما ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئالمىشىدىغان مۇقىم قائىدە يوق ئىكەن. ناۋادا يىللىقچى داۋاملىق يىلقا بېقىشنى خالىمىسا ۋاڭ ئوردىسىدىن ئىستېپا سورىسا ياكى باشقا چارۋا بېقىشنى تەلەپ قىلسا بولىدىكەن.

نامرات چارۋىچىلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ چارۋىلىرىنى باققان بولۇپ، ۋاڭ جەمەتىنىڭ چارۋىلىرى ئادەتتە توپلارغا ئايرىپ بېقىلاتتى. ھەر بىر توپ قوي پادىسىدا 500—1000 غىچە قوي، ھەر بىر يىلقا توپىدا 100—500 ئات، ھەر بىر توپ تۆگە پادىسىدا 8—10 تۆگە، ھەر بىر توپ كالا پادىسىدا تەخمىنەن 100 كالا بولاتتى. ئادەتتە كەمبەغەل چارۋىچى ئائىلىلەر ۋاڭ ئوردىسىغا بىر توپ پادا بېقىپ بېرەتتى (چوڭراق ئائىلىلەر ئىككى توپتىن كۆپ پادا بېقىپ بېرىشى كېرەك ئىدى).

نامرات چارۋىچىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا چارۋا ماللار يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئادەتتە بىرەرىنىڭ بىرەر - يېرىم تۇياقتىن

قويى ياكى ئېتى بولاتتى. نامرات چارۋىچىلار دائىم تاغ جىلغىلە-
رىدا بىر نەچچە مودىن قاقاس يەر ئاچاتتى. تاغلىق رايوننىڭ يەر
شەكلى ئېگىز، هاۋاسى سوغۇق بولغاچقا، ئارپا دېگەندەك نەرسى-
لەرنى تېرىپ ئوزۇق قىلاتتى. نامرات چارۋىچىلار ئائىلىسىدىكى
ئۇششاق - چوڭ ھەممەيلەن ۋاڭ ئوردىسى ئۈچۈن چارۋا بېقىپ
بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ جاپالىق بو-
لۇپ، ئارپا، بۇغداي كېپىكى قاتارلىقلارنى ئوزۇقلۇق قىلاتتى.
ئۇلار رەسمىي رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيەلمىگەچكە،
چارۋىلارنىڭ تېرىلىرىنى كىيىملىك قىلىپ قىشنى ئۆتكۈزەتتى.
قىشتا تېرىلەرنىڭ يۇڭلىرىنى ئىچىگە ئۆرۈپ كىيىۋالسا، يازادا
تېشىغا ئۆرۈپ كىيىۋالاتتى. ياز كۈنلىرى تېرە كىيىملەرنىڭ
تىكىلگەن جايلىرى بەكلا قاتتىق بولغاچقا بەدىنىنى غاجاپ قىزار-
تىۋېتەتتى. بولۇپمۇ ۋاڭ ئوردىسىغا ھاشارغا بارغاندا ياكى مال
- ۋارانلارنى يايلاقتىن يايلاققا يۆتكىگەن ۋاقىتلاردا يولنىڭ ئۇزاق-
لىقى سەۋەبلىك بۇ خىل جاپالار تېخىمۇ چىدىغۇسىز بولاتتى.
نامرات چارۋىچىلارنىڭ ئايىغى بولمىغاچقا، تېرىدىن چورۇق تى-
كىپ كىيىۋالاتتى. (بۇ خىل چورۇق قارىماققا ئاياغقا ئوخشاپ
كېتىدۇ. يەنى قوي، كالا تېرىلىرى پۈتىنىڭ شەكلىگە كەلتۈرۈ-
لۈپ تاپان ۋە ئوشۇق تەرەپتىن تۆشۈك تېشىپ قويۇلىدۇ. كىيى-
گەندە يىپ بىلەن چىگىۋالىدۇ) نامرات چارۋىچىلار بىر پادا قوينى
باقسا ۋاڭ ئوردىسى ئۇلارغا ھەر يىلىغا ساناپ بىر چارۋىچى
يىللىقچىنىڭ بىر يىللىق ئىش ھەققىنى بېرەتتى.

ۋاڭ ئوردىسى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چوڭ - كىچىك
كاتتىلار يىللىقچى ۋە مەدىكار يىاللاپ مال بىاقتىۇراتتى. يىل-
لىقچى - مەدىكارلار قۇمۇلدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە ياقا
يۇرتلاردىن كەلگەنلەر بولۇپ، تۇرمۇشتا يۆلەنچۈكسىز قالغانلىقى-
دىن باشقىلارنىڭ ماللىرىنى بېقىپ بېرىش ئارقىلىق ھايات كەچۈ-
رۈشكە مەجبۇر بولغانلار ئىدى. ئۇلار چارۋىچىلىق رايونىنىڭ

نوپۇس نىسبىتىدە ناھايىتى ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلاتتى. يىللىقچىلار يىل - يىللاپ باشقىلارنىڭ ماللىرىنى باقاتتى. مەدىكارلار بولسا قەرەلسىز ئىدى، ئادەتتە بىرەر يىل ياكى يېرىم يىل ئىشلەپ كېتىپ قالاتتى. يىللىقچى - مەدىكارلار يىل بويى جاپالىق ئىشلەيتتى. يىللىق ئىش ھەققىگە تەخمىنەن 2 پاتمان بۇغداي، قىشلىقى 7 پارچە قوي تېرىسى، يازدا 5 پارچە كاناپ (بىر پارچە كاناپنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئادەتتە بىر ئىشتان تىكىشكە يارايتتى). 1 جۈپ چورۇق بېرىلەتتى. يىللىقچى - مەدىكارلارنىڭ ئەمگەك ھەققى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن بولۇپ، ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىنەتتى.

ئوتتۇراھال چارۋىچىلارمۇ ئادەتتە ۋالىڭ ئوردىسى ياكى چوڭ - كىچىك يۇرت كاتتىلىرىغا مال بېقىپ بېرەتتى. ئەمما، باقىدىغان مېلى ئادەتتە بىر توپلا بولاتتى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بەلگىلىك ھەق ئالاتتى. (ئادەتتە بىر يىللىقچى ياكى مەدىكارنىڭ بىر يىللىق ئىش ھەققىگە توغرا كېلەتتى)، ئۇلارنىڭ ئادەتتە 200 — 300 تۇياقتىن چارۋىسى، تاغلىق رايونلاردا ئون نەچچە مودىن تېرىلغۇ يېرى بولاتتى. تۇرمۇش ئەھۋالى يامان ئەمەس بولۇپ، گۆش، سۈت، قايماق، ئۇن، گۈرۈچ يېيەلەيتتى. ھەمىشە تېرىدىن كىيىم كېيەتتى. ئارىلاپ كاناپتىنمۇ كىيىم كىيەتتى. ئاپەت بولغاندا تۇرمۇش ئەھۋالى نامرات چارۋىچىلارنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالاتتى.

چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چوڭ - كىچىك كاتتىلارنىڭ كۆپىنچە بىرەر - ئىككى توپتىن قويى، ئايرىملىرىنىڭ بىرەر ئۈيۈر يىلقىسى، بىرەر پادا كالىسى ياكى تۆگىسى بولاتتى. يەنە ئادەتتە 10 — 20 مودىن يېرى بولاتتى، بۇ يەرلەر كۆپىنچە مۇنبەت، سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان يەرلەر ئىدى. مال - چارۋىلىرىنى كۆپىنچە نامرات چارۋىچىلار ياكى

ئوتتۇراھال چارۋىچىلار بېقىپ بېرەتتى. يەرلىرىنى باشقىلارغا ئىجارىگە بېرەتتى ياكى باشقىلارغا تېرىغۇزاتتى. چارۋىدارلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى چارۋا ماللار ۋە يەرلەرنىڭ سانى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئەمەلدار تۆرىلەرنىڭكىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. خوددى زېمىندارلارغا ئوخشاشلا ئۇلارنىڭمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرى كۆپىنچە ئەمەل تۇتقانلار ياكى ۋاڭ جەمەتىگە تۇغقان كېلىدىغانلار ئىدى. كەمبەغەل چارۋىچى ياكى ئوتتۇراھال چارۋىچىدىن چوڭ چارۋىدارغا كۆتۈرۈلۈش تولىمۇ مۇشكۇل ئىش ئىدى. چارۋىدارلارنىڭ چارۋا ـ ماللىرىنى ئادەتتــە ياللانغان يىللىقچى ـ مەدىكارلار باقاتتى. ئەمەلدار ـ تۆرىلەر ۋە چارۋىدارلارنىڭ تۇرمۇشى باياشاتچىلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان بولۇپ، يېمەكلىكى دائىم سۈت، قايماق، گۆش ئىدى، پولو، نېرىن بولسا ئاساسلىق تامىقى ئىدى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىمۇ كۆپ بولۇپ، قىشتا ھەرخىل رەڭدە تاشلانغان قاما كىيىملەرنى كىيسە، يازدا ھەرخىل رەختلەردىن تىكىلگەن تۈرلۈك كىيىملەرنى كىيەتتى. ئۇلارنىڭ ئاق ئۆيلىرىمۇ باشقىچە ياسىداق ۋە ئازادە ئىدى.

شامەخسۇت ۋاڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يۇقىرىقىدەك سىنىپلار بولغان. شۇيۇل يېزىسىدىكى تەكشۈرۈش ماتېرىيالىمىزغا ئاساسەن، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھەر قايسى سىنىپلارنىڭ نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتىنى تەخمىنىي ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى شۇيۇل يېزىسىدا 40 تۈتۈن بولۇپ، بۇلاردىن سالى مەتنىياز دېگەن كىشى دورغا، شانىياز دېگەن كىشى قورمال، ئەبەيدۇللا دېگەن كىشى مۆھتەسىپ بولغان. مۇشۇ 3 ئائىلە ئىگىدارچىلىق قىلغان چارۋا 500 — 1000 تۇياق، يەر نەچچە 10 مو بولغان، چارۋىداردىن ئىككى ئائىلە بولۇپ پولات ئىسىملىك بىرەيلەننىڭ 500 قويى، 100 ئېتى، 60 تۆگىسى، 30 نەچچە كالىسى، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە 30 نەچچە مو يېرى بار بولغان.

توخسمەت ئىسىملىك يەنە بىرەيلەننىڭ چارۋا ماللىرى ۋە يېرى پولات باينىڭكىگە تەڭ كېلىپ قالغان. ئوتتۇراھال چارۋىچىلاردىن 7 ئائىلىلىك بولۇپ، ھەربىر ئائىلىنىڭ 200 — 300 دىن قويى، باشقا چارۋىلىرىدىنمۇ ئون نەچچىدىن بار بولغان. نامرات چارۋىچىلار 24 ئائىلە بولۇپ بىرەر 100 چىدىن چارۋىسى بولغان. يىللىقچىلار 4 ئائىلە بولۇپ 10 — 20 مىدىن چارۋىغا ئىگە بولغان. بۇلاردىن بىرى ھېچنېمىسى يوقلا گاداي بولۇپ، بىر تۇياق قويىمۇ بولمىغان. يۇقىرىقى ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكىچە جەدۋەللەشتۈرۈشكە بولىدۇ:

### 3 - جەدۋەل: 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىكى قۇمۇل شەھىرى شۇپۇل يېزىسىدىكى چارۋا - ماللارنىڭ ئىگىلىنىش ئەھۋالى

| سىنىپلار | تۈتۈن سانى | ئىگىلىگەن چارۋىسى | ھەر قايسى سىنىپلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|
| ئەمەلدارلار | 3 | 1000—500 | 7.5% |
| چارۋىدارلار | 2 | 500 دىن ئارتۇق | 5% |
| ئوتتۇراھال چارۋىچىلار | 7 | 300—200 | 17.5% |
| نامرات چارۋىچىلار | 24 | 100 ئەتراپىدا | 60% |
| يىللىقچىلار | 4 | 30 ئەتراپىدا | 10% |

يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھەربىر كەنتتە بىر قىسىم كىشىلەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. چارۋىچىلىق بى-

لەن شۇغۇللىنىدىغان ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبە-
تى توغرىسىدا بىز باغداش رايونىدا مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ
بارغانىدۇق. بۇ ھەقتىكى سان - سىپىرلار شۇپۇل يېزىسىنىڭكى-
گە ئوخشاپ كەتكەچكە بۇ يەردە قايتا تىلغا ئېلىنمىدى.

قۇمۇل ۋاڭى ئۆزىگە قاراشلىق پۇقرالارنى ھەرخىل شەكىل-
لەردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. ئومۇمەن قۇمۇل ۋاڭى ياكى
يۇرت كاتتىلىرىنىڭ چارۋىلىرىنى باقىدىغانلار مال ئىگىسىگە
«تۆمۈر چارۋا سانىقى» بويىچە مال بېقىپ بېرەتتى. بۇنىڭدا ۋاڭ
ياكى كاتتىلارنىڭ چارۋا ماللىرىنىڭ سانى مۇقىم بولاتتى، ھەر-
قانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئازىيىپ كەتسە بولمايتتى، ئاندىن مۇ-
شۇ ئاساسىي سان بويىچە، ھەربىر ساغلىق ھەر يىلى بىرنى
قوزىلىشى، ھەربىر ئىنەك ھەر ئۈچ يىلدا بىردىن موزايلىشى،
ھەربىر بايتال ھەر يىلى بىردىن تايلىشى كېرەك ئىدى. بۇ
بەلگىلەنگەن كۆپىيىش ئۆلچىمى بولۇپ، مۇشۇ سانغا يەتكۈزەلمە-
گەنلەر كېمىنى تۆلەيتتى ياكى بولمىسا «ھۇرۇنلۇق قىلىپ ياخ-
شى باقمىغان» دېگەن باھانە بىلەن قاقتى - سوقتى قىلىناتتى
ياكى قاتتىق پالاققا بېسىلاتتى. ھەر قېتىم جۇت - شىۋىرغان
بولغان ياكى ئاپەت يۈز بەرگەندە چارۋىلار قىرىلىپ كەتسىمۇ،
ۋاڭ ئوردىسى بۇنداق ئەھۋاللار بىلەن ھېچقاچان ھېسابلىشىپ
ئولتۇرمايتتى. كېمەيگەن چارۋا سانى چارۋىچىغا ئارتىلاتتى. ئۆز-
لىرىنىڭ چارۋىسى تۆلەمگە يېتىشمىسە ئۆي - ۋاقى، يېرى، مال
- بىساتى بىلەن تۆلەيتتى. بۇمۇ يەتمىسە ۋاڭ ئوردىسى ياكى
كاتتىلارنىڭ ئۆيلىرىگە قۇللۇققا تۇتۇلاتتى. مەسىلەن، ئارا تۇ-
رۇك ناھىيىسىنىڭ تۇر كۆل يېزىسى 1 - مەھەللىسىدىكى تۆلەك
توختى ئىسىملىك بوۋاينىڭ ئالتە قېرىندىشى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ
200 تۇياقتىن كۆپرەك قويىنى باققان، بىر يىلى جۇت - شىۋىر-
غان بولۇپ، پۈتۈن قويلار سوغۇق ھەم ئاچلىقتىن ئۆلگەن. ئاخىر
بۇ ئالتە قېرىنداش ئۆزلىرىنىڭ ھەممە چارۋىسى، ئۆي - ۋاقى،

يېرى، مال ـ بىساتىنى پۈلغا سۇندۇرۇپ تۆلەپمۇ يەنە 40 نەچچە قوينىڭ ئورنىنى قىلالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ ئوردىسى ئۇلار-نىڭ چوڭىنى تۇتۇپ كېتىپ ئەمگەككە سالغان. 7 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئاتىسى تۈگەپ كەتكەن. ئانىسى ئوغلىنى قو-يۇپ بېرىشىنى تىلەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ۋاڭ ئوردى-سىدىكىلەر: «قەرز تېخى تۈگىمىگەنىدى. بوپتۇ، سېنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئوغلۇڭنى قايتۇرۇپ بېرەيلى» دېگەن. يەنە قۇمۇل شە-ھىرىنىڭ نارىن دېگەن يېرىدە ئۈچ ئائىلە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قويى-نى باققان. بۇلار سوپاخۇن، ئىمىن، نىزىنۋاقى دېگەن كىشىلەر بولۇپ، بىر يىلى ئاپەت سەۋەبىدىن پۈتۈن قوبلار قىرىلىپ كەت-كەن. ئۇلار بۇنى تۆلىيەلمەيدىغان بولغاچقا بالا ـ ۋاقىسىنى ئېلىپ خوتەنگە قېچىپ كەتكەن ۋە شۇ يەردە يىللىقچىلىق قىل-غان. جاپانىمۇ ھارغىچە تارتقان. بۇلاردىن نىزىنۋاقى ئائىلىسىدى-كىلەر ئاچارچىلىق دەستىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. سوپاخۇن ۋە ئى-مىن ئائىلىسىدىكىلەر ئازادلىقتىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەل-گەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ياكى يۇرت كاتتىلىرى-نىڭ چارۋىلىرىنى باققۇچى چارۋىچىلار باققان چارۋىسىنىڭ ئوخ-شىماسلىقىغا قاراپ، ھەر يىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا يۇڭ ياكى سېرىق ماي تاپشۇراتتى.

قۇمۇل ۋاڭلىقى تەۋەسىدىكى تاغ ـ دەريالار، يايلاقلار پۈتۈن-لەي ۋاڭ جەمەتىگە مەنسۇپ ئىدى. چارۋا باققانلىكى كىشى (نام-رات چارۋىچىلار، ئوتتۇراھال چارۋىچىلار ۋە چارۋىدارلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تۆۋەندىكىدەك باجلارنى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى:

1) قوي بېجى. ئادەتتە 100 قويدىن 3 قوي ئېلىنغان.

2) ئوقۇر بېجى. 100 قويدىن 1 قوي، باشقا چارۋىلاردىن قوي ھېسابى بويىچە سۇندۇرۇلۇپ ئېلىنغان. 1 كالا 6 قويغا،

( ئۈچ ياشتىن كىچىك غونانلار ئۈچ قويغا باراۋەر قىلىنغان) 1 ئات ۋە 1 تۆگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 5 تىن قويغا سۇندۇرۇلغان.

3) يۇڭ بېجى. ھەر بىر قوي يىلدا ئىككى قېتىم قىرقىلىدۇ دەپ بەلگىلىنىپ، ھەر تۇياق ئېرىكتىن 3 جىڭ، ساغلىقتىن 2 جىڭ، پاقلاندىن يېرىم جىڭ يۇڭ ئېلىنغان (بۇنى باشقا ھايۋانلارنىڭ يۇڭلىرى بىلەن تولدۇرۇشقا بولمىغان)، تۆگىدىن 5 جىڭ يۇڭ ئېلىنغان.

4) سېرىق ماي بېجى. ئىنىكى بارلىكى كىشى سېرىق ماي ئۇيۇتۇپ، يىلدا بىر ئىنەك ھېسابىغا 15 جىڭ سېرىق ماي تاپشۇرغان.

5) تېرە بېجى. ھەر 100 قويدىن يىلىغا 10 پارچە تېرە ئېلىنغان ئاندىن 100 قوي بىر بىرلىك قىلىنىپ ھەر 100 قويغا يەنە ئىككىدىن تېرە قوشۇپ ئېلىنغان.

ئومۇمەن، چارۋىچىلىق رايونىدىكى بارلىق چارۋىچىلار (ئەمەلدارلاردىن باشقىلار)، بىردەك قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تۈرلۈك ھاشار ئەمگەكلىرىگە قاتنىشىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار ھەر يىلى ۋاڭ ئوردىسىغا 160 تال لەرە (چوڭ لىم ياغاچ)، 320 تال لىم، 2400 تال بادرا (ۋاسا ياغاچ) تەمىنلەپ بېرەتتى. چارۋىچىلار يەنە ئوتۇن كەسلەپ ۋاڭ ئوردىسىغا ئاپىرىپ بېرەتتى. چارۋىدارلار دائىم يۇلىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرماستىن، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا سوۋغات كىرگۈزۈپ ھاشاردىن قۇتۇلىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت چارۋىچى پۇقرالارنىڭ زىممىسىگە چۈشەتتى.

ھەرقايسى تاغلىق رايونلاردىكى چارۋىچىلار يەنە تاغقا كەلگەن ۋە كەتكەن ۋاڭ ئوردىسى ئەمەلدارلىرى ۋە چىڭ سۇلالىسى ئەمەل-

دارلىرىنى تـۇرلۇك لازىمـەتلىكلـەر بىلـەن تـەمىنلەشكە مەج-بۇر ئىدى.

## § 4 . سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە كانچىلىق

### 1 . سودا

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلنىڭ «قاچا - قۇچىلىرى، جۇڭگو (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنى كۆرسىتىدۇ — نەقىل ئالغۇچىدىن) غا سېتىلاتتى⑳. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ شايى - دۇردۇنلىرى، تۆمۈر جابدۇقلىرى، چايلىرىمۇ قۇمۇلدى-كى «كەم بولسا بولمايدىغان تـۇرمـۇش لازىمـەتلىكـلىرى ئى-دى»㉑. قۇمۇل ئاساسەن تارتۇق شەكلى ئارقىلىق مىڭ سۇلالى-سىدىن بۇ بۇيۇملارغا ئېرىشەتتى. تارتۇق — سىياسىي جەھەتتى-كى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگەندىن سىرت، يەنە سودا خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى كۆپلەپ ئىچكىرى جايلارغا بېرىپ سودا قىلىدىغان بولۇپ، «گەنسۇدىكى خېشى ئەتراپلىرى ئۇلارنىڭ سودا قىلىدىغان ۋە ئولتۇراقلىشىپ قالىدى-غان ئاساسلىق جايلىرىدىن ئىدى»㉒. 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە «سۇجۇدا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللى-لەر شەكىللەندى. ئۇلار مەخسۇس سودا ئىشى بىلەن ئىچكىرىگە كېلىپ ماكانلىشىپ قالغانلار ئىدى»㉓.

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەردارى ئەبەيدۇللا 1697 - يىلى چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، كاڭشى خاننى خۇرسەن قىلى-غان بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسى ئۇنى سىياسىي جەھەتتىن ئەتىۋار-لىغاندىن سىرت، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ جىق ئىلتىپاتقا ئېرىش-تۈرگەن بولۇپ، ئەبەيدۇللا سۇجۇغا بېرىپ سودا قىلىشقا ئىجا-زەت سورىغاندا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مەردلىك بىلەن رۇخ-

سەت قىلغانىدى. «شۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى گەنسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سودا قىلىشتا مۇھىم رولۇك يول خەتلىرىنى كۆرسەتسىلا سودا پائالىيىتى چەكلەنمىدى»㉔. بۇ خىل كەڭچە-لىك سىياستى قۇمۇلغا زور پايدا ئېلىپ كەلدى.

كاڭشىنىڭ 54 ـ يىلى (1715 ـ يىلى) جۇڭغار موڭغۇللى-رى «مۇڭغۇل سودىگەرلىرىنى قۇمۇللۇقلار ئۆتكۈزمىدى» دې-گەن سەۋەب بىلەن قوشۇن باشلاپ قۇمۇلغا تېگىش قىلدى㉕. بۇ ئەھۋال قۇمۇلدىكى يەرلىك كاتتىۋاشلارنىڭ موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان سودىسىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرى-تىپ ئۆز مەنپەئىتىگە ئىشلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قۇمۇل — شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىشتىكى ئىشىك بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئەۋج ئالغان يىللاردا، ئىچكىرىدىن خەنزۇ، مۇسۇلمان سودىگەرلىرى سىرتقا كەمدىن ـ كەم چىقاتتى، سىرتقى رايونلارنىڭ سودىگەرلىرى بولسا، جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن ئاسانلىقچە ئوتتۇرا تۈز-لەڭلىك رايونىغا كىرەلمەيتتى. قۇمۇل رايونى بۇ جەھەتتە پەۋقۇل-ئاددە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە بولغاچقا، كۆپلىگەن ئۇي-غۇر سودىگەرلىرى مال يۆتكەش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىچكىرى جايلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىدا كۆۋ-رۈكلۈك رول ئوينىدى. ئەمما، سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن «قۇمۇلدىن تۇرپانغا ماڭغان سودىگەرلەر» نى جۇڭغارلار «ئۆتكۈزمەيتتى»㉖، مۇشۇ سەۋەبلىك قۇمۇل رايونىنىڭ سودا ئىشلىرى ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرىدى.

چىڭ سۇلالىسى يولغا قويغان پۇتكۇل سودا سىياستى ئوب-يېكتىپ جەھەتتە قۇمۇلنىڭ سودا ئىشلىرىغا نىسبەتەن قوغداش رولىنى ئوينىدى. جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ئىچكىرى جايلارغا كېلىپ سودا قىلىشىغا قارىتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى نۇرغۇن چەكلىمىلەرنى قويغانىدى. مەسىلەن، جۇڭغار موڭغۇللىرى سو-

جۇغا كېلىپ سودا قىلىش يولىدا قۇمۇلدا چارۋا ماللىرىنى سېتىشنى تەلەپ قىلغاندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «بۇ ئەھۋال بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن ئەمەس»، دەپ قاراپ [27] «ئۇرۇق، ئاجىز ماللارنى قۇمۇل تەۋەسىدە سېتىشقا بولمايدۇ»، دەپ ئېنىق بەلگىلىمە چىقارغانىدى[28]. كېيىن چىڭ سۇلالىسى بۇ سىياسەتنى بەزىدە يولغا قويۇپ، بەزىدە ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسىمۇ، بۇ سىياسەت ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرمىدى. بۇ ھال قۇمۇلنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە پايدىلىق بولدى.

چىڭ سۇلالىسى قوقەند سودىگەرلىرىنىڭ سودا دائىرىسىگە چەك قويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇمۇل، تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا قاتارلىق جايلاردا سودا قىلىشىنى مەنئىي قىلغانىدى[29]. «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ قوقەند سودىگەرلىرىنىڭ قۇمۇل، تۇرپان، قارا شەھەر قاتارلىق جايلار بىلەن سودا مۇناسىۋىتىدە بولغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ»[30]. بۇ خىل ئەھۋالمۇ قۇمۇلنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە پايدىلىق بولدى.

چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار موڭغۇللىرى بىلەن تىركىشىپ تۇرغان مەزگىلدە قۇمۇل، بارىكۆل ئەتراپلىرىدا زور ساندا قوشۇن تۇرغۇزغان بولغاچقا، قوشۇننىڭ تەمىنات ئېھتىياجى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. «قاراۋۇلخانىلاردىكى سەرۋاز ــ نۆكەرلەر يېقىنىدىكى بارىكۆل، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن ئوزۇق ــ تۈلۈك سېتىۋالسا كۆپ قولايلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى[31].

ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كەلگەن خەنزۇ پۇقرالىرى «ھەر قايسى ئۇيغۇر رايونىدا سودا ــ سېتىق قىلىشنى ئىزدىسىمۇ قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يول خېتى بولمىغاچقا ئۇ جايلارغا كىرەلمىدى»[32].

بۇ ئەھۋاللارمۇ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ سودا تەرەققىياتىغا

پايدىلىق بولدى.

1864 - يىلىدىكى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور قوزغىلىڭى قۇمۇلنىڭ سودا ئىشلىرىغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك زەربە بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قۇمۇلنىڭ «يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، شەھەر ئىچى قاتارلىق جاي- لارنى بەي (يەنخۇ) باندىتلىرى ئاياغ - ئاستى قىلىپ، خارابى- لىككە ئايلاندۇرۇپ قويدى» ㉝. ليۇرۇنداۋ بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرىلەرنى قالدۇرغان: «يەرلىك مۇسۇلمانلار ئۆز سودىگەرلى- رىنىڭ قەيەرلەرگە كېتىشكىنىنى بىلمەيلا قالدى. شەھەردىكى يايمىچى سودىگەرلەر ساپلا ئىچكىرىدىكى سەنشى، گەنسۇ، شەن- شى قاتارلىق جايلاردىن قوشۇنغا ئەگىشىپ چىققان كى- شىلەر ئىدى» ㉞.

ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ سودىسىنى ئېغىر بۇز- غۇنچىلىققا ئۇچراتقان بولسىمۇ، ليۇرۇنداۋ يازغان «سودىگەرلەر- نىڭ نەگە كېتىشكىنىنى بىلمەيلا قالدى»، دېگەن ئەھۋال تارىخىي پاكىتلارغا زادىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئىلگىرىكىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇرۇش مەزگى- لىدە خاراب بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىگىلىكى ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلگەن. 1907 - يىل 2 - ئايدا رى يېچياڭ قۇمۇلدىن ئۆتكەندە «قۇمۇلنىڭ سودا ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان بو- لۇپ، پۈتكۈل سودا ھوقۇقى ئاساسەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ قولىدا بولغان» ㉟. «مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى چوڭ - كىچىك خەنزۇ سودىگەرلىرىدىن 100 نەچچە ئائىلىلىك كىشى ئۆزلىرى باققان يىلاننى يۆتكەش ئۈچۈن گەنسۇنىڭ غەربىدە باش دۇكان ۋە تارماق دۇكان ئاچقان. يەنە ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇ سودىگەر- لىرىدىنمۇ 100 ئائىلىلىكتىن كۆپرەك كىشى بولغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن بۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە مال توشۇشقا باشلىغان. شۇنداقلا سىچۈەن قاتارلىق جايلاردىن يىپەك - دۇر-

دۇن ۋە چەرچىن ماللارنى يىغىپ قۇمۇلغا توشۇغان ھەمدە بۇ جايدىن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يۆتكىگەن»㊱. ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىككى خىلغا ئايرىلغان. بىر خىلى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىغا ۋاكالىتەن سودا قىلىدىغانلار، يەنە بىر خىلى خەلق ئارىسىدىكى خۇسۇسىي تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىچىك يايمىچىلار بولغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە باي سودىگەرلەرمۇ خېلى كۆپ بولغان، تۆۋەندە بۇ ھەقتە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

1) ۋاڭ ئوردىسىنىڭ سودىسى

ۋاڭ ئوردىسىدا مەخسۇس سودا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار بولغان، بازار بېگى كونىشەھەردىكى بازارلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان، سودا بېگى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ۋاڭ ئوردىسىنىڭ سودا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىمۇ سودا بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ سودا ئىشلىرىنىمۇ بېجىرىشىپ بەرگەن.

قۇمۇل ۋاڭى مۇستەھكەم ئىقتىسادىي كۈچكە تايىنىپ بىۋاسىتە سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ سودا ئىشلىرىغا سالغان مەبلىغى 6 مىليون 560 مىڭ سەر قەغەز پۇلغا يەتكەن بولۇپ، مەبلەغنى قول ئاستىدىكى سودىگەرلەرگە تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى سودا قىلىشقا ئەۋەتەتتى. ۋاڭ ئوردىسىدا نەچچە ئونلىغان سودىگەر بولۇپ، تىجارەت دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى. ۋاڭلىق تەۋەسىدە ۋاڭ ئوردىسى مەخسۇس قول ھۇنەرۋەنچىلىك كاسىپخانىلىرى تەسىس قىلغان بولۇپ، تېرە - يۇڭ بۇيۇملىرىنى ئىشلەيتتى. مەسىلەن، كۆرپە (پاقلان تېرىسى)، ئۆچكە تېرىسى قاتارلىقلاردىن كالتە جۇۋا، شالۋۇر، قولقاپ قاتارلىقلارنى ياساپ قۇمۇلدىكى دۇكانلارغا سالاتتى ياكى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئاپىرىپ ساتاتتى. ئالغان پايدىنى قۇمۇل ۋاڭى

بىلەن تىجارەتچىلەر تەڭ بۆلۈشەتتى. ۋاڭ ئوردىسى يەنە مەخسۇس ئۇزاق يولغا قاتنايدىغان سودىگەرلەرنى لەنجۇ، چېڭدۇ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغا مال سېتىۋېلىشقا ۋە ئالغان ماللىرىنى قومۇلغا ئەكېلىشكە ئەۋەتەتتى. بۇ ماللار قومۇلدىكى دۇكانلارغا سېلىناتتى ۋە ياكى باشقا سودىگەرلەرگە توپ باھادا سېتىلاتتى ياكى بولمىسا دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئاپىرىپ سېتىلاتتى. قو-مۇلنىڭ تۈرلۈك يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، جۈملىدىن قوي تېرىلى-رى، ئۈچەي بۇيۇملىرىنى چوڭ سودىگەرلەر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئىچكىرىگە ئاپىرىپ ساتاتتى. بۇنداق يۆتكەش سودىسىدىن ۋاڭ ئوردىسى كۆپلەپ پايدا ئالاتتى. ۋاڭ ئوردىسى يەنە مەخسۇس كىشى ئەۋەتىپ چەت ئەللەر بىلەن سودا قىلاتتى. ھىندىستان بىلەن سودا قىلىدىغان سودىگەرلەر ھىندىستاندىن ماددىي بۇيۇملارنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، بۇ نەرسىلەرنى ئالتايغا ئاپى-رىپ ئالتۇنغا تېگىشىپ كېلەتتى. موڭغۇلىيە بىلەن سودا قىلىدى-غان سودىگەرلەر ئاساسەن قومۇلنىڭ بۇغدىيىدىن چىققان ئۇننى موڭغۇلىيىگە ئاپىراتتى ۋە ئۇنى شايى ـ دۇردۇن، ھەر خىل رەخت ۋە كۆمۈشكە ئايرىۋاشلاپ كېلەتتى؛ روسىيە بىلەن سودا قىلىدىغان سودىگەرلەر چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى چىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ روسىيىنىڭ يېنىك سانائەت بۇيۇملىرىنى قومۇلغا ئەكېلىپ ساتاتتى، يەنە بىر قىسمىنى باشقا جايلارغا ئاپىرىپ ساتاتتى[37].

بۇ سودىگەرلەر ۋاڭ ئوردىسى تەمىنلىگەن مەبلەغكە تايىنىپ سودا قىلىدىغان بولۇپ، پايدىنى ۋاڭ ئوردىسى بىلەن نەق يېرىمى-دىن بۆلۈشەتتى.

2) خۇسۇسلار سودىسى

ۋاڭ ئوردىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە باشقا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى يەنە قومۇلدا ئۆز ئالدىغا دۇكانمۇ ئاچقان، ئادەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار كۈچلۈك ئىقتىسادىي ئاسا-

سىغا تايىنىپ، سودىگەرلەرنى ئۆز ۋن مەنزىلگە قاتناشقا ياللىۋال-
غان. ئادەتتىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى قومۇل ۋە باشقا قاتناش
ئېغىزلىرىدا دۇكان - يايما ئېچىپ سودا قىلغان، ئۇلار ئاساسەن
چوڭ سودىگەرلەر يۆتكەپ كەلگەن ماللارنى مال مەنبەسى قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىشلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج كىرىمى-
نىڭ بىر قىسمى قومۇل ناھىيىسىگە، يەنە بىر قىسمى قومۇل
ۋاڭىغا مەنسۇپ بولغان.

① قومۇل ناھىيىسى باج ئالىدىغان تۈرلەر

1884 - يىلىدىن ئىلگىرى قومۇل ناھىيىسى چېگرىدىن
ئۆتكەن سودىگەرلەردىن باج ئالغان بولۇپ، باج مىقدارى مۇنداق
بەلگىلەنگەن:

«ئىچكىرىدىن چىققان ياكى يولدىن ئۆتكەن سودىگەرلەرنىڭ
يۈكلىرىگە تۆمۈر ئۇلتاغلىق هارۋىدىن 3 سەر، ياغاچ ئۇلتاغلىق
هارۋىدىن 2 سەر كۈمۈش ئېلىنىدۇ»؛ «باركۆل، تۇرپانلارغا
قاتنايدىغان سودىگەرلەرنىڭ يۈكلىرىگە تۆمۈر ئۇلتاغلىق ياكى
ياغاچ ئۇلتاغلىق هارۋا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر هەر بىرىدىن 2
سەردىن كۈمۈش ئېلىنىدۇ»؛ «سودىگەرلەر قوۋۇقتىن كىرگەندە
هەر بىر ئادەم 4 تىزىق يارماق قوۋۇق بېجى تاپشۇرىدۇ»㊳.

1885 - يىلىدىن كېيىن قومۇلدا باج ئىدارىسى تەسىس
قىلىنغان. باج ئىدارىسى قومۇلدىن ئۆتىدىغان قاتناش ئۆتكەللى-
رىدە باج پونكىتى تەسىس قىلىپ، ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا توشۇل-
غان بۇيۇملاردىن 3% بويىچە بازار نەرخىدە باج ئالغان.

قومۇلنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ۋە قول سانائەت
بۇيۇملىرىدىنمۇ بازار نەرخىدە 3% باج ئېلىنغان. باج پۇلى هەر
يىلى ئوخشىمايدىغان بولۇپ، يەرلىك چوڭ بايلارنىڭ قول ئاستى-
دىكى دەللال - بېدىكلەر بۇ باجنى كۆتۈرە ئېلىۋالغان. ئومۇمەن
قومۇل سودىگەرلىرىنىڭ مېلى بىردەك مۇشۇ دەللال - بېدىكلەر-
نىڭ قوللىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇلار بۇنىڭدىن 2% رەسمىيەت هەققى

يىغىۋالغان. بېدىكلەرنىڭ باج نورمىسىدىن ئاشۇرۇپ يىغىۋالغان پۇلى ئۆز چۆنتىكىگە چۈشكەن.

باج ئىدارىسى يەنە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە بارلىق چارۋا سودىسىدىنمۇ باج ئالغان. باج نورمىسىنى چوڭ بايلار كۆتۈرگە ئېلىۋالىدىغان بولۇپ، كۆتۈرگە ئالغۇچى باج يىغىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، باج نورمىسىدىن ئاشۇرۇپ يىغىۋالغان قىسمى ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي ھېسابىغا مەنسۇپ بولغان. جىن شۇرېن زامانىسىدا باج ئىدارىسى بۇنى ئۆزگەرتىپ بىۋاستە باج ئېلىشنى يولغا قويغان.

② ۋاڭ ئوردىسى باج ئالىدىغان تۈرلەر

ۋاڭ ئوردىسى كونىشەھەردە بازار بېگى تەسىس قىلغان بولۇپ، مەخسۇس كونىشەھەردىكى دۇكان ـ يايمىلاردىن باج يىغىشقا مەسئۇل بولغان. ھەربىر سودىگەر باجغا يىلدا 1 ـ 2 سەر كۈمۈش پۇل تاپشۇرغان. ۋاڭ ئوردىسى يېڭى شەھەردىكى باج ئىشلىرىغا قول تىقالمىغان، بەلكى ئۇ قۇمۇل ناھىيىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان.

## 2. قول ھۈنەرۋەنچىلىك

قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋاڭ ئوردىسى قارىمىقىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە خۇسۇسىلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنگەن.

1) ۋاڭ ئوردىسى قارىمىقىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك

ۋاڭ ئوردىسى قارىمىقىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىستېمالى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ پايدىسىغا ماڭىدىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ.

① ۋاڭ ئوردىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك. بۇ خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساسەن كونىشەھەرگە

مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئاساسلىق تارماقلاردىن تىككۈچىلىك سايمىنى ياساش، تۆمۈر ۋە ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملىرىنى ياساش، كۆنچىلىك، موزدۇزلۇق، كىگىزچىلىك، ئويمىچىلىق، جۇۋازچىلىق، تۇگمەنچىلىك قاتارلىقلار بولغان. بۇ تارماقلار ئىشلەپ چىقارغان بارلىق بۇيۇملار ئاساسەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىستېمالىغا ئىشلىتىلگەن.

قول ھۇنەرۋەنلەر ئىككى خىلغا ئايرىلغان: بىر خىلى يىل بويى ۋاڭ ئوردىسىغا ئىشلەيدىغانلار بولۇپ، ئۇلار بىر ئۆمۈر ئەمگەك قىلسىمۇ ۋاڭ ئوردىسى ھەق بەرمەيتتى، پەقەت ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرار جاي مەسىلىسىنىلا ھەل قىلىپ بېرەتتى. يەنە بىر خىلى ھەر قايسى جايلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەن ۋاقىتلىق ھۇنەرۋەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇقىم سانى بولمايتتى. قايسى ۋاقىتتا، قانچىلىك ئەمگەك قىلىشى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ بەلگىلىنەتتى. ئۇلارنىڭ ئەمگە-كى بىردەك ھەقسىز ئەمگەك بولۇپ، ئوزۇق - تۈلۈكىنىمۇ ئۆز-لىرى ئالغاچ كېلەتتى. ۋاڭ ئوردىسى ئېھتىياجلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى كۆپىنچە مۇشۇلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن تەييارلىناتتى.

② ۋاڭ ئوردىسىنىڭ پايدىسىغا ماڭىدىغان قول ھۇنەرۋەنچى-لىك. بۇ خىلدىكى قول ھۇنەرۋەنچىلىك ئاساسەن تۇگمەنچىلىك، جۇۋازچىلىق ۋە كۆنچىلىك قاتارلىق تارماقلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئىككى خىل شەكىلدە باشقۇرۇلغان.

بىر خىلىدا، پۇقرالارغا ئىجارىگە بېرىلىدىغان بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسى بەلگىلىك نورمىدا ئىجارە ھەققى يىغىۋالاتتى. ۋاڭ ئور-دىسىنىڭ تۇگمەنلىرى ئاساسەن مۇشۇ خىل شەكىلدە باشقۇرۇلات-تى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ 18 تۇگمىنى بولۇپ، 2 تۇگمەن بىۋاستە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ خىزمىتىدە بولغاندىن سىرت، قالغان 16 تۇگ-مەن پۇقرالارغا ئىجارىگە بېرىلەتتى. ئىجارىگە ئالغۇچىلار ھەر يىلى ئاشلىق بىلەن بەلگىلەنگەن ئىجارە ھەققىنى تۆلەيتتى. ئۇ-

نىڭدىن باشقا، ۋاڭ ئوردىسى يەنە ئىجارىكەشلەرنى «تۆمۈر» غاز ۋە «تۆمۈر» توخۇ ۋاستىسى ئارقىلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. يەنى ۋاڭ ئوردىسى ھەر بىر تۈگمەن ئىجارە ئالغۇچىغا 5 تىن توخۇ ۋە 5 تىن غاز بېرەتتى. بۇ سان مەڭگۇ ئۆزگەرمەيدىغان-لىقتىن «تۆمۈر» غاز ۋە «تۆمۈر» توخۇ دەپ ئاتالغانىدى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھەر بىر توخۇ ۋە غاز ئون ئاي ساق تۇخۇم تۇغۇشى، ئىجارىكەش ئۆز ۋاقتىدا بەلگىلەنگەن تۇ-خۇملارنى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى㊴.

يەنە بىر خىلىدا ۋاڭ ئوردىسى مەبلەغ سېلىپ قول ھۈنەرۋەن-لەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن كەلگەن پايدا نەق يېرىمىدىن تەقسىملىنەتتى. مەسىلەن، مەزكۇر بابنىڭ سودا قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق كۆنچىلىك ئەنە شۇ جۈملىدىن ئىدى.

2) خۇسۇسلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكى

خۇسۇسلار ئىگىدارچىلىقىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تار-ماقلىرى تولۇق بولۇپ، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، كۈمۈش جاب-دۇقلارنى ياساش، كۆنچىلىك، تىككۈچىلىك، تامچىلىق قاتارلىق تارماقلار بولغان. بۇ كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى قول ھۈنەر-ۋەنلەرنىڭ خاس دۇكانلىرى بولغان، بەزىلىرى سىرتقا چىقىپ ئىش ئىزلىگەن، ئاز بىر قىسمى خاس ئىشلەپچىقىرىش بىلەنلا مەشغۇل بولغان ۋە مەھسۇلاتلىرىنى سودىگەرلەرگە توپ باھادا ئۆتكۈزگەن. كۆپ قىسمى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرگەن بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ چىقىرىپ، بىر تەرەپتىن ساتقان ياكى بولمىسا مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاستىلا دېھقان-چىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ كەلگەن.

قول ھۈنەرۋەنلەر ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھەر يىلى بەلگىلىك ھاشار مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىگەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئۇمۇمەن ناھايىتى جاپالىق بولغان. شۇڭا، «قۇمۇلدا

«سەيپۇڭ يالاڭ ئاياغ، موزدۇز يالىڭاياغ، دېگەن سۆز كەلىپ تار-قالغان» ⑩ .

## 3 . كانچىلىق

ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق كانلاردىن تارانچى كۆمۈر كېنى بولۇپ، بۇ كان چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى) قېزىلىشقا باشلىغان. دەسلەپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوموٗلدا تۇ-رۇشلۇق ئورگانلىرى باشقۇرغان بولۇپ، ئاساسەن قوموٗلدا تۇ-رۇشلۇق قوشۇن ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى قامداپ كەلگەن. 1884 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنىپ، قوموٗل خان ئامبىلى بىكار قىلىنغان ۋە قوموٗلدا تۇرۇشلۇق قوشۇن ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن، تارانچى كۆمۈر كېنى ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقىدىن شەخسىنىڭ ئىگىدارچىلىقى-غا ئۆتۈپ، جاۋ فامىلىلىك بىر خەنزۇ سودىگەرگە تەۋە بولغان. 1895 ـ يىلى شامەخسۇت ۋاڭ 3 مىڭ سەر كۈمۈشكە كاننى پۈتۈن ئەسلىھەلىرى بىلەن قوشۇپ سېتىۋالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تارانچى كۆمۈر كېنى قوموٗل ۋاڭىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى بولۇپ قالغان.

قوموٗل ۋاڭىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەزكۇر كۆمۈر كانىنىڭ كۆمۈر قېزىش ئۇسۇلى تولىمۇ ئىپتىدائىي ئىدى. بۇنىڭدا يەر يۈزىدىن كۆمۈر قاتلىمىغىچە بىر يانتۇ قۇدۇق قېزىلاتتى، كان ئىشچىسى كۆمۈرنى ئۆزى قېزىپ ئۆزى مۈرىسىگە ئارتىپ يەر يۈزىگە ئېلىپ چىقاتتى ياكى بولمىسا بىر تىك قۇدۇق كولىنىپ ئۇ كۆمۈر قاتلىمىغا تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئاندىن يەنە بىر تۈز تونېل كولىناتتى، كان ئىشچىسى كۆمۈرنى كولاپ قۇدۇق ئاغزىغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆمۈر ياغاچتىن ياسالغان چىغىرىق ئارقىلىق يەر يۈزىگە تارتىپ چىقىرىلاتتى. قوموٗل ۋاڭى كۆمۈر كانىغىلا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، كان ئىشچىلىرىنىڭ

ئۆلۈش ـ تىرىلىشى بىلەن زادىلا چاتىقى يوق ئىدى. كان ئىچىدە بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى بولمىغاچقا، قۇدۇق ئاستىدا پات ـ پاتلا گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ تۇراتتى. شامەخ- سۇت دەۋرىدە ئۈچ قېتىم چوڭ ھادىسە يۈز بەرگەن. بىرىنچى قېتىمدا 20 ئادەم ئۆلگەن؛ ئىككىنچى قېتىمدا 5 ئادەم ئۆلۈپ 3 ئادەم يارىلانغان؛ ئۈچىنچى قېتىمدا 3 ئادەم ئۆلۈپ 4 ئادەم ئېغىر يارىلانغان. يەنە كىچىك ھادىسىلەرمۇ ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ھەر يىلى قۇدۇق ئاستىدا ئۆلىدىغانلار چىقىپ تۇراتتى. ئۆلگۈچىلەرگە ۋاڭ ئوردىسى ھېچقانداق نەپىقە بەرمەيت- تى.

كان ئىشچىلىرى قارا دۈۋىدىن ئېلىپ كېلىنگەن پۇقرالار بولۇپ، ئەمگەك ۋاقتىدا ئەمەلدارلار ۋە قوراللىق ساقچىلار نازا- رەت قىلاتتى. كان ئىشچىلىرى ئىنتايىن ناچار شارائىتتا كۆمۈر قازاتتى ۋە كۆمۈر يۈدۈيتتى. يەيدىغىنى چۈجگۈن قوناق بىلەن سۆك ئارىلاشمىسىدىن ياسالغان جىگمىما بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتى- گەندىن كەچكىچە تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى، سەللا سۇسلۇق قىلسا قامچا يەيتتى. ئازاراقلا قارشىلىق كۆرسەتسە قاتتىق باستۇرۇلاتتى.

## ئىزاھ:

① «شىنجاڭ يېزىلىرىغا دائىر 29 تەزكىرە» نىڭ «قۇمۇل مەھكىمى- سىگە قاراشلىق يېزىلار تەزكىرىسى» قىسمى، لىيۇرۇنداۋ يازغان.

②④⑨⑩⑭⑲ «قۇمۇل ۋاڭنىڭ سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىقى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1 ـ قىسىم 20 ـ، 25 ـ، 28 ـ، 27 ـ، 29 ـ بەتلەر.

③㊲㊴ قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى تۈز- گەن «قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار» شاپاگراف

نۇسخىسى، 1962 ـ يىلى 46 ـ، 67 ـ، 71 ـ بەتلەر.

⑤ «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىقى» نىڭ 21 ـ بېتىدە «ئۇرۇمچىدىكى نەتلىياڭدا 150 مو تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى. بۇ يەرلەردىن يىلدا 20 پاتمان ئاشلىق يىغىۋېلىناتتى» دېيىلگەن. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا ھەربىر مو يەرنىڭ ئىجارىسى 0.8 كۈرە بولغان.

⑥⑬㉟ سەي جىنسوڭ، سەي يىڭ: «رى يېچياڭ ۋە ئۇنىڭ «ئىلى خاتىرىلىرى»»، «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» 1985 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑦ ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر»، 2 ـ جىلد، «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپ ئىسيان كۆتۈرۈشىنىڭ سەۋەبى، كېيىنچە مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش تەدبىرى ۋە ھازىرقى چارىلەر».

⑧⑪ چېن گېڭيا: «غەربىي شىمالنى تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى»، شاڭخەي شېنباۋ گېزىتخانىسى، مىنگونىڭ 25 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، 349 ـ بەتلەر.

⑫ ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك دېھقانچىلىق رايونلىرىنى ئايرىش كومىتېتى تۈزگەن «ئارا تۈرۈك ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئايرىلىشى»، (1984 ـ يىل 6 ـ ئاي) نىڭ 39 ـ بېتىدە «ئارا تۈرۈك ناھىيىسىدىكى «ھەر خىل يايلاقلار 8 مىليون 375 مىڭ مو چىقىدۇ» دېيىلگەن. قۇمۇل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق رايونلىرىنى ئايرىش كومىتېتى تۈزگەن «قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئايرىلىشى»، (1983 ـ يىلى) نىڭ 53 ـ بېتىدە «پۈتۈن ناھىيىدىكى يايلاقلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 18 مىليون 623 مىڭ 300 مو» دېيىلگەن. بۇ سانلارنى قوشساق 26 مىليون 998 مىڭ 300 مو بولىدۇ. ھازىر قىسمەن رايونلارنىڭ ئورمان ۋە يايلاقنى بۇزۇپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتكەنلىكى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن يايلاقلار كۆلىمى مەلۇم دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەن. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يايلاقلىرىنىڭ كۆلىمى بۇ سانلاردىن كۆپ بولغانلىقى ئېنىق.

⑮ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 15 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

⑯ خەلق قوشاقلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شامەخسۇتنىڭ زۇلمىتى، شىڭشىڭشىيانى كۆرسەتتى. ئىككى تال قامچا بېرىپ، دىڭگىرما-نى (دىڭگىرما ئەسلى خەنزۇچە سۆز، قۇمۇل شېۋىسىدە ئەسكى ئات دېگەن مەنىدە) ھەيدەتتى» (ئابدۇللا ئەھمەد: «قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدىكى خەلق قوشاقلىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان).

⑰ قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ساقا ئارا تام، تارانچى، باغداش، قوراي يېزىسى قىزىلىيار كەنتى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئاق-تاش، تاشۋېلىق، ئېۋىرغولدىكى ئۆرگەي، نېنىركىر، باي قاتارلىق جاي-لاردا كۆپلەپ قىياتاش رەسىملىرى بايقالدى. بۇ قىياتاش رەسىملىرىدە كۆپىنچە قوي، ئات، كالا قاتارلىقلار سىزىلغان بولۇپ، بەزىلىرىدە كەپە ـ چېدىرلار، بەزىلىرىدە يەنە مال بېقىۋاتقان ۋە ئوۋ ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەزكۇر رايونلارنىڭ ئىلگىرى چارۋى-چىلىق رايونى بولغانلىقىنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

⑱ «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلى-قى» دېگەن ماقالىنىڭ «ئىلاۋە» قىسمىغا قاراڭ.

⑳ لى چېڭشۇن: «قۇمۇل ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر»، «خانىدانلىقتىكى نادىر پۈتۈكلەر»، 40 ـ جىلد.

㉑ لۇۋېنجىنىڭ مەلۇماتنامىسى، «گوەنجوڭ پۈتۈكلىرى»، 12 ـ جىلد.

㉒㉓ فېڭ جياشېڭ، چېڭ سولو، مۇگۇاڭۋېن تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 3 ـ قىسىم 63 ـ، 263 ـ بەتلەر.

㉔ «چىڭ شېنزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 201 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 29 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

㉕ «چىڭ شېنزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 263 ـ جىلد،

كاڭشىنىڭ 54 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

㉖ «چىڭ شېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 263 ـ جىلد كاڭشىنىڭ 54 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

㉗ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 367 ـ جىلد، 21 ـ بەت.

㉘ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 416 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 17 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

㉙ چوقان ۋەلىخانوۋ: «رۇسلار ئوتتۇرا ئاسىيادا»، ئېنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى، لوندون، 1865 ـ يىلى 195 ـ، 196 ـ بەتلەر.

㉚ ساگۇچى تورۇ: «18 — 19 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 2 ـ قىسىم 433 ـ بەت.

㉛ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 513 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

㉜㉞ «شىنجاڭ يېزىلىرىغا دائىر 29 تەزكىرە» نىڭ «قۇمۇل مەھكىمىسىگە قاراشلىق يېزىلار تەزكىرىسى» قىسمى.

㉝ «غەرب يۇرۇشىدىن خاتىرىلەر»، «زوزۇڭتاڭ ھەققىدىكى تىلغا ئېلىنمىغان ئىشلار» غا پۈتۈلگەن، 259 ـ بەت.

㊱ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تارىخ تەزكىرە ئىشخانىسى تۈزگەن «يۈكسىلىۋاتقان قۇمۇل بوستانلىقى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 46 ـ بەت.

㊳ فاڭ جوڭ: «قۇمۇل تەزكىرىسى».

㊵ جاۋ ئېنرۇ: «قۇمۇل ۋاڭى، ئىسلام دىنى ۋە قۇمۇل تارىخىغا ئائىت تەكشۈرۈشلەر»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار» 15 ـ قىسىم.

# تۆتىنچى باب قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىسلام دىنى

## § 1 . نەسەبىسىز «خوجا» لار

«قۇمۇل ۋاڭلىرى شەجەرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا مۇھەممەد شاھ خوجا ئىلىدىن قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، قۇمۇلنىڭ يەرلىك سەردارلىرىدىن بولۇپ قالغان. بۇ پىكىرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى تەھقىقلەيدىغان باشقا مەنبەلەرگە ھازىرچە ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما، مۇھەممەد شاھ خوجا دېگەن كىشىنىڭ راستتىنلا ئۆتكەنلىكى ئېنىق. بۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەرنى دەلىل قىلىشقا بولىدۇ: (1) قۇمۇل ۋاڭلىرى شەجەرىسىدە بۇ ھەقتە خاتىرە بار. (2) بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرنى دەلىل ـ ئىسپات قىلىشقا بولىدۇ. (3) تاۋباۋلىيەن يازغان «شىنماۋ يىللىرىدىكى سەپەر خاتىرىلىرى» نىڭ 6 ـ جىلدىدا ئەبەيدۇللانىڭ ئاتىسى مۇھەممەدشاھ دېيىلگەن. مۇھەممەد شاھ خوجا ئىسلام دىنىغا تايىنىپ قۇمۇلدا مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىچە سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىقنى بەرپا قىلىپ چىققان.

مۇھەممەد شاھ خوجا ئىسلام دىنىغا تايىنىپ پۇت تىرەپ تۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەنلىكى ئېنىق. رىۋايەتلەردە ئۇ ئەرەبىستاندىن كەلگەن، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى دېيىلگەن. ئەمما، بۇ ئۇنىڭ ئۆز ئابرۇيىنى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە توقۇپ چىققان رىۋايىتى ئەلۋەتتە.

مۇھەممەد شاھ خوجا قۇمۇلنىڭ ھۆكۇمرانى بولغاندىن كې-
يىن، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالدى چوڭ قوۋۇقىغا بىر تاش ئابىدە
تىكلەتكۈزگەن. ئېيتىلىشىچە مەزكۇر تاش ئابىدە مۇشۇ ئەسىر-
نىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە ساقلىنىپ، كېيىن ئۇرۇش قالايمىقانچى-
لىقىدا يوقىلىپ كەتكەن① بولۇپ، مەزكۇر ئابىدىگە مۇنداق
سۆزلەر ئويۇلغان: «ئەمىنلىك ۋە ھىدايەتنى ھىمايە قىلغۇچى
باھادىر، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى، مۇھەممەد پەيغەمبەر
ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە سادىق بەگ مۇھەممەد شاھ خوجا غازى
باقىي ۋە پانىي ئالەمنىڭ مەئىشتى ئۈچۈن جان پىدا قىلغۇچى
ئۇلۇغلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەل-
لەللاھۇ ئەلەيھۇ ۋەسسالامغا ھەمدۇ سانا ئوقۇيدۇ.
«1018 ـ يىلى (توشقان يىلى) مەڭگۈلۈك غازى بولۇش
مۇقامىغا يەتتى»②.
«دىن لۇغىتى» دە خوجا سۆزى مۇنداق شەرھلىنىدۇ:
«خوجا ـ پارسچە ‹ئېسىلزادە›، ياكى ‹كاتتا تۆرە› دېگەن مەنى-
دە، ئىسلام دىنىدا ‹پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى› (بەزىلەر مۇھەممەد
پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى دېسە، بەزىلەر ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان
قاتارلىق ئۈچ خەلىپىنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارايدۇ) ياكى ئۆلىما-
لارنى ئاتاشتا ئىشلىتىلىدۇ»③. ئابىدە تېكستىدىكى «خوجا»
سۆزى شۈبھىسىزكى پەيغەمبەر ئەۋلادى دېگەن مەنىدە بولۇپ،
بۇنى باشقىچە چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئابىدىدە ئېنىق
قىلىپ مۇھەممەد شاھ «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى» دەپ
ئاتالغان. بۇ ھال ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئىپادى-
لەپ، ئۇنىڭ مۇرىتلار ئارىسىدىكى دىنىي داھىيلىق ئورنىنى
يۇقىرى كۆتۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىغان.
ئۇنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللامۇ ئاتىسىنىڭ جەندىسىگە ۋارىسلىق
قىلىپ داۋاملىق تۈردە ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى، دەپ يۈرگەن.
ئۇ چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، ئېھتىمال ھەربىي

جەمەتتە جۇڭغارلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە بولسا كېرەك، 1706 ـ يىلى مۇسۇلمان شەھىرى (خوتەن) نى قۇرۇپ چىققان. ئەبەيدۇللا ئۆز شەرىپىگە تۇرغۇزۇلغان تاش ئابىدىگە تۆۋەندىكى مەزمۇننى ئويدۇرغان: «ئاللانىڭ دىيانەتى بىلەن ھىدايەتكە مۇشەررەپ بولغان جەمشىد ئىبنى داراتەمجىن ئەبۇناسىر مۇھەممەد شاھ خوجا بەگنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا بەگ مەرھەمەتلىك ۋە شەۋكەتلىك ئاللا تائالانىڭ بۇ دىياردىن ئۆز شاپائىتىنى ئايىماسلىقىنى تىلەيدۇ.

ئالايىتەن شاھىنشاھ ھۇزۇرىدىن چىللاپ كەلگەن خىتاي ئۇستا مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە يۇرتىمىزنىڭ ھۆسنى ئاباد-لىقى ئۈچۈن مەزكۇر ئىمارەتلەرنى بىنا ۋە ئەشيا قىلىپ چىقتى. 1118 ـ يىلى (ھىجرىيە، مىلادىيە 1706 ـ يىلى) تاماملاندى» .④

بۇ ئابىدە ھازىر شىنجاڭ مۇزىيىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، مەزكۇر جەمەتنىڭ ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى، دەپ ئاتىۋالغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ.

كېيىنچە بۇ جەمەت قۇمۇلدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكىدەك ھەدىسىلا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى پەش قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى داۋاملىق «ئاق سۆڭەكلەر» ۋە ئېسىلزادىلەر ئۇرۇقىدىن دەپ ئاتىغان. ئۇلار ئـۆزلىرىنىڭ مـۇقـەددەس ۋە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان ئورنىنى بۇلغىۋالماسلىق ئۈچۈن، ۋاڭ جەمەتىدىن بولمىغان «قارا سۆڭەك» لەر بىلەن تويلاشمىغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى مۇھەممەد ۋاڭ ئۆلگەندە ۋارىسى بولمىغاچقا، بىشىر ۋاڭنىڭ ئاغىچىسى مېھرىبانۇ قىزنىغا تەگرىتاغلىرىدا تۇرۇۋاتقان ۋاڭ جەمەتىدىن بولمىش «ئاقسۆڭەك» يىگىت شامەخسۇتنى لايىق كۆرۈپ كۈيئوغۇل قىلىۋالغان ۋە ۋاڭلىق ئورنىغا ئولتۇرغۇزغان.

## § 2 . دىنىي ئاپپاراتلار

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە دىنىي ئورگانلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن. ئادەتتە دىنىي زاتلار ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولالىغان، ئۇلار ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ دائىرىسىدىكى دىنىي ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلغاندىن باشقا، يەنە بەزى مەمۇرىي ئىشلارغا قول تىقالىغان. جايلاردىكى مەسچىت - خانىقالارنىڭ ئاخۇنۇملىرىمۇ يەرلىكنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشالىغان ھەمدە يەرلىكنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ناۋادا مەجبۇرىي يوسۇندا ئايرىشقا توغرا كەلسە، دىنىي ئورگانلارنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا يانداش تەسىس قىلىنغان سىستېما ۋە ھەرقايسى چوڭ - كىچىك مەسچىتلەرگە سىڭىپ كەتكەن سىستېما، دەپ ئىككى سىستېمىغا ئايرىشقا بولىدۇ.

ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا يانداش تەسىس قىلىنغان دىنىي ئورگانلار ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق كىچىك تەيجى مەھكىمىسىدە بولۇپ، تۆۋەندىكىچە ئەمەللەر بولغان:

قازى — 2 كىشى، ھەرقايسى جايلاردىكى شەرىئەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.

مۇپتى — 3 كىشى، شەرىئەت قانۇنىغا ئاساسەن مىراس دەۋاسى ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغان.

سىدىر — 2 كىشى، ۋارىسسىز قالغان مىراسلارنى بىر ياقلىق قىلغان.

خاتىپ — 2 كىشى، تاغلىق رايونلاردىكى نىكاھ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.

مۆھتەسىب — 2 كىشى، دىنىي تۇرمۇش ۋە ناماز ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.

ۋاڭ ئوردىسى يەنى خەلق ئارىسىدىكى ئىشلارنى ۋە دىنغا

مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا 9 نەپەر ئاخۇننى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئادەتتە ئۇلار توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم، دىنىي تەرغىبات دېگەندەك ئىشلارنى يۈرگۈزۈشتۇرۇپ تۇرغان.

ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ياندىش تەسىس قىلىنغان ئورگانلاردىكى دىنىي خادىملاردىن، مۆھتەسىب دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل بولغان، بەزى رايونلاردا خاتىبلار مەخسۇس پۇقرالارنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلغان.


دىنىي ئىشلار ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان بولۇپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچى دىنىي زاتلار، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى باشقا ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىكتە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلىنى شەكىللەندۈرگەن.

مەسچىت سىستېمىسىدىكى دىنىي ئورگانلاردا ئەئلەم ئاخۇنۇم بارلىق دىنىي ئىشلارنى باشقۇرغان. ئەئلەم ئاخۇنۇم ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق يادروسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشتا مۇتلەق ۋاڭنىڭ سىزىقىدىن ۋە ئىرادىسىدىن نېرى بولمىغان. ۋاڭ ئەئلەم ئاخۇنۇم ئارقىلىق، مەسچىت سىستېمىسىدىكى پۈتكۈل دىنىي ئورگانلارنى كونترول قىلىپ تۇرغان.

قۇمۇلدا ئىككى چوڭ مەسچىت بولۇپ، بىرى كونا مەسچىت (كونا مەدرىس) دەپ ئاتىلاتتى. ئورنى قۇمۇل كونا شەھىرىدە بولۇپ، ئېردەشىر ۋاڭ زامانىسىدا سېلىنغانىدى. يەنە بىرى يېڭى مەسچىت (يېڭى مەدرىس) دەپ ئاتىلاتتى. ئورنى قۇمۇل يېڭى شەھىرىدە بولۇپ، شامەخسۇت ۋاڭ زامانىسىدا سېلىنغانىدى. ئۇلار قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار مەسچىتلىرى ئىچىدە چوڭلۇقى بىلەن بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى. بۇ مەسچىتلەردە زور باشقۇرۇش ئورگانلىرى بولۇپ، ئەئلەم ئاخۇنۇم ئىدارە قىلىپ تۇراتتى. ھەر


ئىككىلا مەسچىتنىڭ ئەئلەم ئاخۇنۇمى بىۋاسىتە قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا قوشۇمچە ئەئلەم ئاخۇنۇملۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. مەسچىت قارىمىقىدا دىنىي تەرغىباتقا مەسئۇل ئورگان، يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىس، قازىخانا، جامائەتنى تىزىملايدىغان ئورگان، مەسچىت مۈلكى خوجىلىقى، مەسچىت باشقۇرۇش ھېسابات ئورگىنى قاتارلىقلار بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا چوڭ ئاخۇنۇم، ئىككىنچى ئاخۇنۇم، ئۈچىنچى ئاخۇنۇم، تۆتىنچى ئاخۇنۇم، بەشىنچى ئاخۇنۇم، ئالتىنچى ئاخۇنۇم دېگەندەكناملار بىلەن ئاتىلىدىغانلار تۈرلۈك خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلاتتى.

4 - جەدۋەل: قۇمۇلدىكى ئىككى مەسچىتنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى⑤



ئوتتۇراھال ۋە كىچىك مەسچىتلەردە ئىمام، مەزىن، مۇتەۋەللى قاتارلىقلار بولاتتى. ئادەتتە ئوتتۇراھال مەسچىتلەردە ئۇنداقلار بىردىن بولاتتى، كىچىكرەك مەسچىتلەردە پەقەت ئىمام ۋە مەزىنلا بولۇپ، مەزىن قوشۇمچە بارلىق مالىيە ۋە باشقا ئىشلارغا مەسئۇل بولاتتى. ئادەتتە مەزىنلەر ئىپتىدائىي مەدرىسلەر، قارىيلار ۋە تالىپلارنى باشقۇراتتى؛ مۇتىۋەللى بولسا مالىيە ھېساباتى، يەر - مۈلۈك ھوقۇقى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىشلارغا مەسئۇل بولاتتى.

5 - جەدۋەل: ئوتتۇراھال ۋە كىچىك مەسچىتلەرنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ⑥



ۋالڭ ئوردىسىدىكى ئەئلەم ئاخۇنۇم بىۋاستە ۋالڭ تەرىپىدىن تەيىنلىنىدىغان بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭى ئۆز ئىرادىسى بويىچە ۋەزىپىسىدە قالدۇراتتى ياكى ئېلىپ تاشلايتتى. ئەئلەم ئاخۇنۇمنىڭ قول ئاستىدىكى ئىككى چوڭ مەسچىتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاخۇنۇملىرى ئادەتتە ئەئلەم ئاخۇنۇم تەرىپىدىن كۆرسىتىلەتتى ۋە ۋاڭنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇلاتتى. ئوتتۇراھالدىن چوڭراق مەسچىتلەردە ئادەتتە ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئاخۇنۇمدىن بىر قانچىسى بولۇپ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا چوڭ ئاخۇنۇمنىڭ كۈندىلىك ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشىغا ياردەملىشەتتى، ئەگەر چوڭ ئاخۇنۇم زۆرۈر ئىشلار تۈپەيلىدىن سىرتقا چىقىپ كەتسە ئورنىدا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرەتتى. قۇمۇلنىڭ 9 رايونىدىكى ئىمام، مەزىنلەرنى ئەئلەم ئاخۇنۇم ۋە ھەرقايسى رايونلاردا تۇرۇشلۇق چوڭ ئاخۇنۇملار بېكىتەتتى.

ئوتتۇراھال ۋە كىچىك مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى شۇ مەسچىتنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ، مەسچىت ئىچىدىكى بارلىق دىنىي پائالىيەتلەرگە، جۈملىدىن ناماز، دۇئا، قىرائەت، جۈمە نامىزى، تەبلىغ قاتارلىقلارغا، شۇنداقلا توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، پۇقرالار ئارىسىدىكى ماجىرالارنى كېلىشتۇرۇش، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىش، مەسچىتنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش دېگەندەك ئىشلارغا باشچىلىق قىلاتتى. مەزىن بولسا ئىمامنىڭ ياردەمچىسى ئورنىدا ئىمامغا ھەمدەملىشىپ دىنىي ئىشلارنى باشقۇراتتى. مەسىلەن، تەكبىر ئېيتىش، نامازنى قازا قىلماي ئوقۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، شۇنداقلا مەسچىت ئىچىدىكى تۈرلۈك ئۇششاق ئىشلار ۋە سىرتقى ئالاقە ئىشلىرى قاتارلىقلار مەزىننىڭ زىممىسىدە ئىدى. ئىمام - مەزىنلەر بىرى،

چوڭ ئەئلەم ئاخۇنۇم تەيىنلىگەنلەر، ئىككىنچىسى، ھەرقايسى مەسچىت جامائەتلىرى ئاغزاكى سايلاپ چىققاندىن كېيىن چوڭ ئاخۇنۇم تەستىقلىغانلار، ئۈچىنچىسى، ئاتىسىنىڭ ئىزىنى باسقانلار (بۇ قىسمەن ئەھۋال جۇملىسىگە كىرىدۇ) قاتارلىق ئۈچ خىل كىشىلەردىن بارلىققا كېلەتتى.

مەسچىتلەردە چوڭراق دىنىي پائالىيەتلەر بولغاندا، ھەرقايسى مەسچىتلەرگە قاراشلىق جامائەتتىن يۈز - ئابرويلۇق كىشىلەر كېڭەشكە قاتنىشاتتى، ئاندىن ئىمام، مەزىن ئىشلارنى بېجىرەتتى. كىچىك مەسچىتلەردە ئىشلارنى ئادەتتە ئىمام ۋە مەزىن كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلاتتى. ئايرىم ئەھۋالدا جامائەتنىڭ پىكىرىمۇ ئېتىبارغا ئېلىناتتى.

## § 3 . مەسچىت - خانىقالار ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى

### 1 . مەسچىتلەر

قۇمۇل ۋادىلىقى تەۋەسىدىكى ھەممىلا جايدا مەسچىت - خانىقالار بولغان. «تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە بۇ رايوندا 1949 - يىلىدىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تەخمىنەن 300 نەچچە مەسچىتى بولغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 1911 - يىلىدىن ئىلگىرى سېلىنغانلىرى تەخمىنەن 150، 1911 — 1931 - يىللىرى سېلىنغانلىرى تەخمىنەن 90، 1934 — 1944 - يىللىرى سېلىنغانلىرى تەخمىنەن 50، 1945 — 1949 - يىللىرى سېلىنغانلىرى تەخمىنەن 13، بۇلاردىن مەسچىت نامى ۋە ئورنى ئېنىق بولغىنى 201»⑦. تۆۋەندە بۇ مەسچىتلەرنى تەرتىپ بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز⑧.

## 6 ـ جەدۋەل: قۇمۇل ۋاڭى تەۋەلىكىدىكى مەسچىتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

| تەرتىپى | مەسچىت نامى | ئورنى |
|---|---|---|
| 1 | كونا مەدرىس | شەھەر ئىچى |
| 2 | يېڭى مەدرىس | ئورداخىي |
| 3 | جۈمە مەسچىت | ئازنا بازار مەھەللىسى |
| 4 | غايىب مازار مەسچىتى | جۇلۇڭشۇ مەھەللىسى |
| 5 | ئايلىق مازار مەسچىتى | ئايلىق مەھەللىسى |
| 6 | خەلپە مەسچىتى | خەلپە مەھەللىسى |
| 7 | ئابدال مەسچىتى | ئابدال مەھەللىسى |
| 8* | سۇقۇق مەسچىتى | سۇقۇق مەھەللىسى |
| 9 | دۆش مەسچىت | دۆش مەھەللىسى |
| 10 | قاراكۆل مەسچىت | قارا كۆل مەھەللىسى |
| 11 | چۆجەي مەسچىتى | چۆجەي مەھەللىسى |
| 12 | پارەش مەسچىتى | پارەش مەھەللىسى |
| 13 | خىتاي مەسچىتى | |
| 14 | خوجا مازار مەسچىتى | غوجامخىي |
| 15 * | ساڭخىي مەسچىتى | ساڭخىي |
| 16 | تۆكۈر گوشۇر مەسچىتى | تۆكۈر گوشۇرخىي |
| 17 | ئېلىشا مەسچىتى | ۋاڭ ئوردىسىدا |
| 18 | تەيجى مەسچىتى | ۋاڭ ئوردىسىدا |

| | | |
|---|---|---|
| 19 | ئوردا قوق مەسچىتى | ئوردا قوق مەھەللىسى |
| 20 | جالالىدىن مەسچىتى | جالالىدىن مەھەللىسى |
| 21 | سۆگدار مەسچىتى | ئەسكى بۆلۈك مەھەللىسى |
| 22 | تۆۋەن ئوردا مەسچىتى | تۆۋەن ئوردا مەھەللىسى |
| 23 | تىكەن ئاۋات مەسچىتى | تىكەن ئاۋات مەھەللىسى |
| 24 | جىگدە كۆل مەسچىتى | جىگدە قۇدۇق مەھەللىسى |
| 25 | جۈمە مەسچىت | ئازنا بازار مەھەللىسى |
| 26 | ھوشاڭ مەسچىتى | ھوشاڭ مەھەللىسى |
| 27 | كىچىك بەگ مەسچىتى | كىچىك بەگ مەھەللىسى |
| 28 | تۇغلۇق مازار مەسچىتى | تۇغلۇق مازار مەھەللىسى |
| 29 | قېزبەك مەسچىتى | قېزبەك خىنى |
| 30 | سۆكچىلىك مەسچىتى | سۆكچىلىك مەھەللىسى |
| 31 | ئوردا قوۋۇق مەسچىتى | ئوردا قوۋۇقتا |
| 32 | ياۋاق مەسچىتى | ئوردا باغ |
| 33 | ھېيتگاھ مەسچىتى | قاغۇم ئېرىق |
| 34 | يېڭى مۇنار مەسچىتى | قاغۇم ئېرىق |
| 35 | ئىسھاق ئاخۇن مەسچىتى | قاغۇم ئېرىق |
| 36 | يار تۈگمەن مەسچىتى | قاغۇم ئېرىق |
| 37 | چىنە گۈمبەز مەسچىتى | قاغۇم ئېرىق |
| 38 | مەگەش ئوردا مەسچىتى | مەگەش |

| | | |
|---|---|---|
| 39 | يۈنۇس تەيجى مەسچىتى | مەگەش |
| 40 | بېلى بەگ مەسچىتى | دۆش |
| 41 | چاۋاغ مەسچىتى | دۆش |
| 42 | ئىلى مەھەللە مەسچىتى | دۆش |
| 43 | ھېزىزىم مەسچىتى | ئىنچىكە ئېرىق |
| 44 | بوچا تۆر مەسچىتى | بۆرو |
| 45 | جىران تۆر مەسچىتى | بۆرو |
| 46 | تۆت پارچا تۆر مەسچىتى | بۆرو |
| 47 | دۆشەن تۆر مەسچىتى | بۆرو |
| 48 | چىلانتۆر مەسچىتى | بۆرو |
| 49 | راھەتباغ مەسچىتى | بۆرو |
| 50 | قوش تۆگمەن مەسچىتى | چاڭغۇ |
| 51 | جىڭلىق تۆر مەسچىتى | چاڭغۇ |
| 52 | ئارا مەھەللە مەسچىتى | چاڭغۇ |
| 53 | موللام تۆر مەسچىتى | چاڭغۇ |
| 54 | دۆش مەسچىت | چاڭغۇ |
| 55 | يېڭى تۆر مەسچىتى | چاڭغۇ |
| 56 | بوياق تۆر مەسچىتى | قاراڭلا |
| 57 | قاراڭلا مەسچىتى | قاراڭلا |
| 58 | چۆلتۆر مەسچىتى | قاراڭلا |

| | | |
|---|---|---|
| 59 | ئاپئاق تۆر مەسچىتى | يۇقىرى يەر |
| 60 | مەرۇپ ئاخۇن مەسچىتى | شۇمشۇق ئېرىق |
| 61 | چاشقان تۆر مەسچىتى | شۇمشۇق ئېرىق |
| 62 | شۇمشۇق مەسچىتى | شۇمشۇق ئېرىق |
| 63 | جۇرۇغداي مەسچىتى | جۇرۇغداي |
| 64 | چوڭ تۆر مەسچىتى | چوڭ جۇرۇغداي |
| 65 | قۇشقاچ تۆر مەسچىتى | چۇرۇغداي |
| 66 | تاز تۆر مەسچىتى | جۇرۇغداي |
| 67 | سايتۆر مەسچىتى | سايتۆر |
| 68 | جۇجۇك تۆر مەسچىتى | شامالچىۋاغ |
| 69 | ئولان تۆر مەسچىتى | شامالچىۋاغ |
| 70 | ئۆيلەك تۆر مەسچىتى | شامالچىۋاغ |
| 71 | سالام تۆر مەسچىتى | شامالچىۋاغ |
| 72 | قىقىر تۆر مەسچىتى | شامالچىۋاغ |
| 73 | ئويۇپ هاجى مەسچىتى | شامالچىۋاغ |
| 74 | سوپا تۆر مەسچىتى | شامالچىۋاغ |
| 75 | پادىچى تۆر مەسچىتى | شامالچىۋاغ |
| 76 | داشمانتۆر مەسچىتى | شامالچىۋاغ |
| 77 | كېۋەكتۆر مەسچىتى | ئەلكە |
| 78 | بىلەنتۆر مەسچىتى | شامالچىۋاغ |

| | | |
|---|---|---|
| 79 | چوڭگۇمبات مەسچىتى | چوڭگۇمبات |
| 80 | دۆشتۇر مەسچىتى | دۆشتۇر |
| 81 | ئويمان تۇر مەسچىتى | قورام ئېرىق |
| 82 | قۇمتۇر مەسچىتى | قۇمتۇر |
| 83 | جۇمە مەسچىت | چوڭتۇر |
| 84 | تۆۋەن مەھەللە مەسچىتى | چوڭتۇر |
| 85 | چۆلتۇر مەسچىتى | چۆلتۇر |
| 86 | تاز تۇر مەسچىتى | تازتۇر |
| 87 | قاراتال مەسچىتى | قاراتال |
| 88 | ئاققۇم مەسچىتى | قاراتال |
| 89 | بوغاز خانىقا | بوغاز |
| 90 | تۆۋەن شار مەسچىتى | بوغاز |
| 91 | ئوردا مەھەللە مەسچىتى | بوغاز |
| 92 | يۇقىرى شار مەسچىتى | بوغاز |
| 93 | تۆۋەن مەھەللە مەسچىتى | تۆۋەن ئاقيەر |
| 94 | ئارا مەھەللە مەسچىتى | تۆۋەن ئاقيەر |
| 95 | سېيىت ھاجى مەسچىتى | تۆۋەن ئاقيەر |
| 96 | قارا سۇ مەسچىتى | قاراسۇ |
| 97 | خانىقا مەسچىتى | لەڭگەر |
| 98 | لەڭگەر مەسچىتى | لەڭگەر |

| | | |
|---|---|---|
| 99 | يۈسۈپ مىراب مەسچىتى | تۆمۈرچى |
| 100 | تۆمۈرچى مەسچىتى | تۆمۈرچى |
| 101 | يۇقىرى ئاقيەر مەسچىتى (كونا) | يۇقىرى ئاقيەر |
| 102 | يۇقىرى ئاقيەر مەسچىتى (يېڭى) | يۇقىرى ئاقيەر |
| 103 | پالۋانتۇر مەسچىتى | پالۋانتۇر |
| 104 | دۆۋەجىن مەسچىتى | دۆۋەجىن |
| 105 | ياۋۇلۇق مەسچىتى | دۆۋەجىن |
| 106 | داچىنتور مەسچىتى | دۆۋەجىن |
| 107 | جىگدە بۇلاق مەسچىتى | دۆۋەجىن |
| 108 | دار ئېلى مەسچىتى | دۆۋەجىن |
| 109 | سايتۇر مەسچىتى | دۆۋەجىن |
| 110 | لوجاۋەن مەسچىتى | لوجاۋەن |
| 111 | دا تو ئىسمائىل مەسچىتى | لوجاۋەن |
| 112 | تۆۋەن مەھەللە مەسچىتى | لوجاۋەن |
| 113 | شاكەن مەسچىتى | قارامۇقچى |
| 114 | قارامۇقچى مەسچىتى | قارامۇقچى |
| 115 | تاشار مەسچىتى | تاشار |
| 116 | ئاراتام مەسچىتى | تاشار |
| 117 | تۇگمەن بويى مەسچىتى | قارا دۆۋە |
| 118 | چىغىرتماق مەسچىتى | قارا دۆۋە |

| | | |
|---|---|---|
| 119 | شىبىخچى مەسچىتى | قارا دۆۋە |
| 120 | دۆش مەسچىت | قارا دۆۋە |
| 121 | مەدرس مەسچىتى | قارا دۆۋە |
| 122 | ھېيتگاھ مەسچىتى | قارا دۆۋە |
| 123 | يامان توغان مەسچىتى | قارا دۆۋە |
| 124 | كىچىك بىدىلىك مەسچىتى | قارا دۆۋە |
| 125 | چوڭ بىدىلىك مەسچىتى | قارا دۆۋە |
| 126 | ئۇلۇغ يول مەسچىتى | قارا دۆۋە |
| 127 | يار مەسچىتى | قارا دۆۋە |
| 128 | يالمان مەسچىتى | قارا دۆۋە |
| 129 | سايائغۇ مەسچىتى | قارا دۆۋە |
| 130 | قوش مەسچىت | قارا دۆۋە |
| 131 | ئاقتۇر مەسچىتى | قارا دۆۋە |
| 132 | خانىقا مەسچىتى | ئەللىك |
| 133 | ئەللىك مازار مەسچىتى | ئەللىك |
| 134 | توغراق مەسچىت | لاپچۇق |
| 135 | مەمىدىن ھاجى مەسچىتى | لاپچۇق |
| 136 | ئاقتېرەك مەسچىتى | ئاقتېرەك |
| 137 | توغۇچى مەسچىتى | توغۇچى |
| 138 | بۇز ۋرگا مەسچىتى | توغۇچى |

| | | |
|---|---|---|
| 139 | ئېلى كۆش مەسچىتى | توغۇچى |
| 140 | توققۇز بۇلاق مەسچىتى | توققۇز بۇلاق |
| 141 | دۆۋەجىن مەسچىتى | دۆۋەجىن |
| 142 | چاقاغا مەسچىتى | چاقاغا |
| 143 | ئالتىنزاق مەسچىتى | ئالتىنزاق |
| 144 | جىگدە مەسچىتى | جىگدە |
| 145 | جىگدە قاغا مەسچىتى | جىگدە |
| 146 | غوجام مەسچىتى | ئاستانا |
| 147 | كىچىك مەسچىت | ئاستانا |
| 148 | چوڭ كارىز مەسچىتى | ئاستانا |
| 149 | سوپا ھاجى كارىز مەسچىتى | ئاستانا |
| 150 | شوچى كارىز مەسچىتى | ئاستانا |
| 151 | قوشتىكەن مەسچىتى | ئاستانا |
| 152 | سۇمقاغا مەسچىتى | سۇمقاغا |
| 153 | ئۆدۆك مەھەللە مەسچىتى | سۇمقاغا |
| 154 | تارانچى مەسچىتى | تارانچى |
| 155 | شىچىك مەسچىتى | شەھەر ئىچىدە |
| 156 | قاراڭغۇ بازار مەسچىتى | جۇڭشەن يولى |
| 157 | ھەسەن بالا ھاجى مەسچىتى | شەھەر ئىچىدە |
| 158 | داۋانغول مەسچىتى | داۋانغول |

| | | |
|---|---|---|
| 159 | كېگە جىن مەسچىتى | داۋانغول |
| 160 | سەكرا مەسچىتى | ساكرا |
| 161 | ئۆرۈكلۈك مەسچىتى | ئۆرۈكلۈك |
| 162 | تاراتى مەسچىتى | تاراتى |
| 163 | قالغايتى مەسچىتى | قالغايتى |
| 164 | ئولانبۇلاق مەسچىتى | ئولانبۇلاق |
| 165 | قۇرلۇق مەسچىتى | قۇرلۇق |
| 166 | كىچىك ئولانبۇلاق مەسچىتى | ئولانبۇلاق |
| 167 | كۆشۆتى مەسچىتى | كۆشۆتى |
| 168 | نېرىن مەسچىتى | نېرىن |
| 169 | تۆرۈك مەسچىتى | تۆرۈك |
| 170 | قىزىلىيار چوڭ مەسچىتى | قىزىلىيار |
| 171 | قىزىلىيار كىچىك مەسچىتى | قىزىلىيار |
| 172 | قوراي مەسچىتى | قوراي |
| 173 | يۇقىرى ئىرغايتى مەسچىتى | ئىرغايتى |
| 174 | توشو چوڭ مەسچىتى | توشو |
| 175 | توشو كىچىك مەسچىتى | توشو |
| 176 | نېرناسى مەسچىتى | نېرناسى |
| 177 | تۆمۈرتى مەسچىتى | تۆمۈرتى |
| 178 | ئېدىر شۈيتى مەسچىتى | ئېدىر |

| | | |
|---|---|---|
| 179 | باشئۆتەڭ مەسچىتى | |
| 180 | ئېدىر دۆشتۈر مەسچىتى | ئېدىر |
| 181 | قارا قاپچىن مەسچىتى | قارا قاپچىن |
| 182 | باغداش بوستان مەسچىتى | باغداش |
| 183 | باغداش تۆۋەن مەسچىتى | باغداش |
| 184 | باغداش مەسچىتى | باغداش |
| 185 | تاشار مەسچىتى | تاشار |
| 186 | خوتۇنتام چوڭ مەسچىتى | خوتۇنتام |
| 187 | خوتۇنتام كىچىك مەسچىتى | خوتۇنتام |
| 188 | تاللىق مەسچىتى | شوپۇل |
| 189 | يۇقىرى مەھەللە مەسچىتى | بارىكۆل بازىرىنىڭ شىمالى |
| 190 | ئاداق مەسچىتى | ئارا تۇرۇك ئاداق |
| 191 | توپ ئۆيلەر مەسچىتى | ئارا تۇرۇك تۇخۇلا |
| 192 | باي مەسچىتى | ئارا تۇرۇك باي |
| 193 | نوم مەسچىتى | ئارا تۇرۇك نوم |
| 194 | تۇر كۆل مەسچىتى | ئارا تۇرۇك تۇر كۆل |
| 195 | تۇخۇلا مەسچىتى | ئارا تۇرۇك تۇخۇلا |
| 196 | نېرىنكىر مەسچىتى | ئارا تۇرۇك نېرىنكىر |
| 197 | شىمۇگۇ مەسچىتى | ئارا تۇرۇك شىمۇگۇ |
| 198 | تار بۇلاق مەسچىتى | ئارا تۇرۇك تار بۇلاق |

| | | |
|---|---|---|
| 199 | تار بولاق مەسچىتى | ئارا تورۇك تار بولاق |
| 200 | يانبولاق مەسچىتى | ئارا تورۇك يانبولاق |
| 201 | ئوغۇ بولاق مەسچىتى | ئارا تورۇك ئوغۇ بولاق |

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ماكانلاشقان جايلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى مەسچىتلەرگە نامازغا باراتتى. بىر مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدىغان جامائەتنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى تەبىئىي يوسۇندا بەكلا قويۇق ۋە يېقىن بولاتتى. ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ بەرپا بولۇشىدىكى مەبلەغ مەنبەسىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنگە بولاتتى. بىرىنچىسى، ۋاڭ ئوردىسى بىۋاستە ئىئانە بىلەن تەمىن ئەتكەن ياكى مەبلەغ چىقارغان مەسچىتلەر؛ ئىككىنچىسى، دىنىي زاتلار ياكى جەمئىيەتتىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئىئانە ياكى مەبلەغ بىلەن تەمىن ئەتكەن مەسچىتلەر؛ ئۈچىنچىسى، جامائەت ئۆزلىرى پۇل يىغىش قىلىپ سالغان مەسچىتلەر؛ تۆتىنچىسى، ۋاڭ ئوردىسى ياكى جەمئىيەتتىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن، جامائەت ئەمگەك كۈچى چىقارغان مەسچىتلەر. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەسچىتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۆتىۋەرلەرنىڭ ئىئانىسى ۋە جامائەتنىڭ پۇل يىغىش قىلىشى بىلەن سېلىنغانىدى. مەسچىتلەرنىڭ رېمونتى ۋە كېڭەيتىپ سېلىنىشىغا كېرەكلىك مەبلەغمۇ كۆپىنچە يۇقىرىقى يوللار بىلەن ھەل قىلىناتتى.

## 2. مەسچىتلەرنىڭ ئىقتىسادى

قۇمۇلدىكى مەسچىتلەرنىڭ كۆپ قىسمى تېرىلغۇ يەر، باغ، چارۋا، تۈگمەن، ئۆي دېگەندەك مۇئەييەن مۈلۈكلەرگە ئىگە بولغان. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەسچىتكە قاراشلىق مۈلۈك-

نىڭ ئاز - كۆپلۈكى ھەمىشە مەسچىتلەرنىڭ كۆلىمىگە باغلىق بولغان. چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى مۈلۈك كۆپرەك بولسا، كىچىك مەسچىتلەرنىڭ مۈلكى مۇناسىپ ھالدا ئازراق بولغان. مەسىلەن، قۇمۇل كونىشەھەردىكى ئىككى چوڭ مەسچىت سۇمقاغىدىن قارا دۆۋىگىچە بولغان جايلاردا تەخمىنەن 2000 مودەك تېرىلغۇ يەرگە ئىگە بولغان بولۇپ، مۇشۇ يەرلەردىنلا 300 پاتمان ئىجارە ئاشلىق يىغىۋالغان، ئۆزلىرىگە قاراشلىق 2000 تۇياق ئۆپچۆرىسىدىكى قويدىن يىلدا 4 - 5 مىڭ جىڭ قوي يۇڭى، 9000 پارچە تېرە ئالغان. 4 مېۋىلىك باغدىن ئۆزلىرى ئىستېمال قىلغاندىن سىرت، يىلدا 500 يۈەنلىك كىرىم قىلغان. يەنە 4 تۈگمەننىڭ يىللىق ئىجارىسىدىن تەخمىنەن 35 پاتمان ئەتراپىدىكى ئاشلىقنىڭ پۇلغا توغرا كەلگۈدەك كىرىم قىلغان. كىچىكرەك مەسچىتلەرنىڭ بولسا ئارانلا بىر نەچچە مودىن تېرىلغۇ يېرى بولغان.

مەسچىتكە قاراشلىق مۈلۈكلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەرخىل بولۇپ، بەزىلىرى قۇمۇل ۋاڭى تەرىپىدىن ئىئانە قىلىنغاندى. بەزىلىرىنى مىراسلىرىغا ۋارىسى يوق مۇسۇلمانلار ھايات ۋاقتىدا مەسچىتكە ئاتىۋەتكەنلىكى ھەققىدە ۋەسىيەت پۈتۈپ قويۇپ، ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەسچىتكە ھەدىيە قىلىنغاندى؛ بەزىلىرىنى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار «گۇناھتىن پاكلىنىش» مەقسىتىدە مەسچىتلەرگە بەخشەندە قىلغاندى. يەنە بەزىلىرى بولسا جازاغا تارتىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش يولى بىلەن كەلگەن ياكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا قۇمۇلدىن كېتىپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگىسىز يەرلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش يولى بىلەن كەلگەندى.

مەسچىتلەرنىڭ يەرلىرى، چارۋا - ماللىرى، باغلىرى، تۈگمەنلىرى «پۈتۈنلەيلا دېھقان، چارۋىچى مۇرىتلارغا ئىجارىگە بېرىلەتتى، ئىجارە كىرىمىنىڭ 80 — 90 پىرسەنتى مەسچىتكە مەنسۇپ بولاتتى. مەسىلەن، قۇمۇل ۋاڭى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە مەخسۇس مەسچىتلەرنىڭ يەرلىرىنى، باغلىرىنى تې-

رىشقا ۋە چارۋىلىرىنى بېقىشقا مەسئۇل كىشىلەر بولغان بولۇپ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە، مەسچىتلەرنىڭ قۇلى ھېسابلىناتتى» ⑨. ئۇ-نىڭدىن سىرت، يەنە بەزى يەرلەرنى مەسچىتلەر بىۋاستە ئىجارىگە بەرمەيتتى، بەلكى يەرنى مەسچىتكە ھەدىيە قىلغۇچى كىشى شۇ يەرنى باشقا بىراۋغا ئىجارىگە بېرىپ، ھەر يىللىق ئىجارىنى مەسچىتكە تاپشۇرۇپ بېرەتتى. يەنە بەزى كىشىلەر ھايات ۋاقتىدا بىر قىسىم يېرىنىڭ كىرىمىنى دىنىي ئورگانلارغا مۇتلەق ۋەخپە قىلىۋېتەتتى، بۇ يەرلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئۇنىڭ كې-يىنكى ۋارىسلىرىمۇ ھەقىقىي ئىگە بولالمايتتى، يەنى بۇ يەرلەرنى سېتىۋېتەلمەيتتى ياكى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرەلمەيتتى.

مەسچىتلەر ئۆزىگە قاراشلىق مۈلۈكلەرنىڭ كىرىمىدىن باشقا يەنە قۇمۇل ۋاڭى ۋە باشقا مۇسۇلمانلاردىن كىرىدىغان مۇقىم ياكى دائىملىق كىرىمگە ئىگە ئىدى، جۇملىدىن قۇمۇل ۋاڭى ۋە ئەل - جامائەت ئادەتتە ئىئانە قىلىدىغان ۋە ھەر قېتىمقى ھېيت - بايراملار، روزى - رامزان ئايلىرى، جۈمە كۈنلىرىدە مۇسۇلمانلار سەدىقە قىلىدىغان كىرىممۇ ئاز ئەمەس ئىدى، (بۇ مەسچىت كىرىمىنىڭ 20 — 30 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى) ⑩. بۇلارمۇ مەسچىتلەرنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي كىرىم مەنبەسى ئىدى.

ئۇيغۇر مەسچىتلىرىنىڭ كىرىمى ئادەتتە تۆۋەندىكى تۈرلەرگە چىقىم قىلىناتتى: (1) مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىش، كېڭەي-تىپ سېلىش ۋە بىر قىسىم لازىملىق بۇيۇملارنى سېتىۋېلىش؛ (2) ھېيت - بايراملاردىكى نەزىر - چىراغ ۋە باشقا ئىشلار (جۈملىدىن مەسچىتلەردە يېقىلىدىغان شام، جامائەت يۇيۇنىدىغان ۋە تاھارەت ئالىدىغان سۇ، ئىسسىنىشقا كېرەكلىك ئوتۇن - كۆمۈر قاتارلىقلار)؛ (3) دىنىي زاتلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى؛ (4) مەسچىت ئەسلىھەلىرى ياكى چوڭ مەسچىتلەردىن كىچىك مەسچىتلەرگە بېرىلىدىغان ياردەم، (مەسىلەن، كىچىك-رەك مەسچىتلەر چوڭراق چىقىمغا دۇچ كېلىپ بۇنى چىقىرالمىسا) » ⑪.

## 7 - جەدۋەل. قۇمۇل رايونى (قۇمۇل، بارىكۆل، ئارا تۇرۇكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىكى ئۇيغۇر مەسچىتلىرىنىڭ بىنا قىلىنىش ئەھۋالى⑫

| مەسچىت نامى | ئورنى | بىنا قىلغۇچى | سېلىنغان ۋاقتى | پۇل چىقارغۇچى | كۆلىمى | مۈلكى | جامائىتى | مەدرىسلىرى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بېگىيار. مەسچىت | ئوردىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدە | شامەخسۇت | | جامائەت | 300كىشى سىغىدۇ | يەر (ئىنىق ئەمەس) | ۋاڭ ئوردىسىدىكىلەر | | |
| باۋاغ مەسچىتى | ئوردىنىڭ غەربىدە | شامەخسۇت | — | ۋاڭ ئوردىسى | — | | ۋاڭنىڭ يار. لىق مەسچىتى | | |
| غەربىي گۈمبەز | بېشىر گۈمبىزىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا | شامەخسۇت | 1883 | ۋاڭ ئوردىسى | 700 كىشى سىغىدۇ | 900 مو يەر، 8000 قوي | | | |
| چىتە گۈمبەزەم | بېشىر گۈمبىزى. نىڭ ئالدىدا | بېشىرۋاڭ | 1845 | ۋاڭ ئوردىسى | 400 كىشى سىغىدۇ | 40 مو يەر، 2400 قوي | | | |
| ھېيتگاھ مەسچىتى | بېشىر گۈمبىزى. نىڭ شىمالىدا | بېشىر ۋاڭ | 1797 | ۋاڭ ئوردىسى | 3000 كىشى سىغىدۇ | 900 مو يەر، | 3000 كىشى | | |
| شەھىلىك مەسچىتى | شەھەر ئىچى — بېزىسى | | — | ئىئانە | | 20 مو يەر | | | |
| قاراكىغىز بازار مەسچىتى | قۇمۇل بازىرىدا | يولۋاس، يۈنۈس ھاجى قاتارلىقلار | 1924 | ئىئانە | | 16 مو يەر، 7 ئېغىز ئۆي | 100 چە كىشى | | 1931 - يىلى ئورنى يۆتكەلگەن، 1948 - يىلى كېڭەيتىپ ياسال. غان. |
| ھەسەن بالا ھاجى مەسچىتى | غەربىي ئازاد. لىق يولى | ھەسەن بالا ھاجى | 1896 | ئىئانە | | 114 مو يەر، 4 ئېغىز ئۆي | | بىر | بىر قانچە قېتىم كېڭەي. تىپ ياسالغان. |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مەدرىس | شەھەر ئىچى يېزىسى | يۈسۈپ ئەئلەم | چېمەنلۈك يىللىرى | ۋاڭ ئوردىسى ۋە جامائەت | | 40000 تۈپ، 2 تۈگمەن ۋە 2 باغ، 2000 مو يەر | | بىر | كونا مەدرىس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. |
| تۇغلۇق بوزۇرگاھ | شەھەر ئىچى يېزىسى | شامەخسۇت | 1908 | ئىشان | | | | | |
| سېدىرگاھ مەسچىتى | تۇغمۇچىدا | | 1770 | ئىشان | 400 كىشى سىغىدۇ | 18 مو يەر | 400 ئەچچە كىشى | | |
| چوڭشار مەسچىتى | توغمۇچىدا | — | 1780 | ئىشان | 8 پۇلاق | 10 مو | — | — | 1943 - يىلى توختى شەيخ پۇل چىقىرىپ بىرقېتىم گومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلدۇرغان. |
| يېڭى مەدرىس | شەھەر ئىچى يېزىسىدا | قۇمۇل ۋاڭى | | ئىشان | | | | بىر | |
| ئوردا مەسچىتى | ئوردىدا | مەدەنشا ئەئلەم | 1919 | ۋاڭ ئوردىسى | | | قۇمۇل ۋاڭى | بىر | |
| يالىن مەسچىتى | قارا دۆۋە | سۇۋۇر ھاجى | 1770 | سۇۋۇر ھاجى | ئۈچ پۇلاق | | | | |
| ئاچاتۇر مەسچىتى | قارا دۆۋە | ئۇلۇقباي | 1770 | ئۇلۇقباي | — | 8 مو يەر | | | 1919 - يىلى مەرىيەمخان بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرغان. |
| ئۇلۇغ يول مەسچىتى | قارا دۆۋە | | 1765 | | بىر مودىن كۆپرەك | 6 مو | | | |
| شىبغىچى مەسچىتى | قارا دۆۋە | | 1765 | | تۆت پۇلاق | 2 مو يەر | | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يار مەسچىتى | قارا دۆۋە | بەت روزىباي | 1921 | ئىشان | ئۈچ پۆل | 7 مو يەر | | | |
| يانان توغان مەسچىتى | قارا دۆۋە | | 1764 | ئىشان | ئۈچ پۆلۈڭ | 4 مو يەر | | • | 1988 ـ يىلى كېڭەيتىپ ياسالغاندىن كېيىن 100 نەپچە كىشى سىغقۇدەك بولغان. |
| چىغىرتاقلىق مەسچىتى | قارا دۆۋە | تۆمۈر سىراب | 1772 | | تۆت پۆل | 7 مو يەر | | | 1920 ـ يىلى قايتا ياسالغان. |
| قىزى مەسچىتى | قارا دۆۋە | ئىسمىر ھاجى | 1770 | ئىسمىر ھاجى | ئۈچ پۆلۈڭ | 4 مو يەر | | يەر | 1929 ـ يىلى قايتا ياسالغان ۋە مەدرىس سېلىنغان. |
| بېدىلىك مەسچىتى | قارا دۆۋە | شامەت | 1763 | ئىشان | ئىككى پۆلۈڭ | 7 مو يەر | | | |
| تۆگەن بويى مەسچىتى | قارا دۆۋە | | 1765 | ئىشان | ئۈچ پۆلۈڭ | 6 مو يەر | | | |
| دۆۋش مەسچىتى | قارا دۆۋە | خوجا يەھيا ئاخۇن | 1763 | ئىشان | ئۈچ پۆلۈڭ | 4 مو يەر | | | |
| ئەللىك مازار مەسچىتى | قارا دۆۋە | | 1762 | ئىشان | ئىككى پۆلۈڭ | | | | |
| راھەتباغ مەسچىتى | راھەتباغ | مەرۋان قاتارلىقلار | 1918 | مەرۋان قاتارلىقلار | 30 كىشى سىغىدۇ | 13 مو يەر | | | 1938 ـ يىلى كېڭەيتىپ ياسالغاندىن كېيىن 100 نەپچە كىشى سىغقۇدەك بولغان. |
| قارا سۇ مەسچىتى | قارا سۇ | ئەلى مەمەت بوۋا | 1920 | ئەلى مەمەت بوۋا | 30 كىشى سىغىدۇ | 13 مو يەر | | | 1920 ـ يىلى قايتا سېلىنغان. |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يۇقىرى ئاقيەرەم | يۇقىرى ئاقيەر | ئابلىز دورغا | 1926 | جامائەت | 200 كىشى سىغىدۇ | 45 مو يەر | | يەر | ⑪ 1926 ـ يىلى قايتا سېلىنغان ۋە مەدرىس قوشۇلغان. |
| شىخابا مەسچىتى | شىخابا | سېيىت قازىبەگ | 1902 | جامائەت | | | | | |
| ئاق مەسچىتى | قاقۇم ئېرىق | ئابلىز توختى | 1945 | ئىئانە | | 5.5 مو يەر | | | |
| چۇلتۇر مەسچىتى | رامەتباغ | ئىسمايىل قارى | 1855 | ئىئانە | | 1.8 مو يەر | | يەر | |
| خانىقا | قارادۆۋە | قۇسۇل ۋالى | 1760 | ئىئانە | 700 كىشى سىغىدۇ | 30 مو يەر | | | 1957 ـ يىلى مەسئۇد دېگەن كىشى بىر قېتىم كېڭەيتىپ ياساتقان. |
| قارا دۆۋە مەسچىتى | قارا دۆۋە | | 1693 | جامائەت | | 30 مو يەر | | | |
| ھېيتگاھ | قارا دۆۋە | | | | يەر مو | 5 مو | | | 1860 ـ يىلى روزى باي بىر قېتىم كېڭەيتىپ ياساتقان. |
| بارىكۆل مەسچىتى | بارىكۆل | ئەشرەپ ھاجى | 1818 | ئەشرەپ ھاجى | | بىر قانچە ئېغىز ئۆي | | | بارىكۆلدىكى سودا ـ سانائەت ئەربابلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. |
| ئادلق مەسچىتى | ئارانزۇرۇق | | 1920 | جامائەت | 200 كىشى سىغىدۇ | | 200 كىشى | | 1936 ـ يىلى توختى موللا بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلدۇرغان. |
| توپ ئۆيلەر مەسچىتى | ئارانزۇرۇق | بەردىبەگ | 1920 | | | 30 مو يەر | | يەر | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| باي مەسچىتى | ئاراتۇرۇك | ھاشىم سىراپ | 1903 | جامائەت | 200 كىشى سىغىدۇ | 60 سو يەر | | بەر | 1915 ـ يىلى قايتا يا سالغان. |
| نوم مەسچىتى | ئاراتۇرۇك | سالى دورغا | | جامائەت | 100 كىشى سىغىدۇ | 100 سو يەر | | | كېيىن قايتا رېمونت قىلىنغان. |
| تۈز كۆل مەسچىتى | ئاراتۇرۇك | يوسۇپ دورغا | 1911 | جامائەت | 10 كىشى سىغىدۇ | | | | |
| تۇخولا مەسچىتى | قارا تۇرۇك | خوجامبەردى سىراپ | 1903 | جامائەت | 600 كىشى سىغىدۇ | 140 سو يەر | | | 1919 ـ يىلى ئابدۇنىياز بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرغان. |
| نېرىنكر مەسچىتى | نېرىنكر | ھاشىم دورغا | 1700 | جامائەت | 100 كىشى سىغىدۇ | | | | 1919 ـ يىلى مەمەت ھاشىم دورغا بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرغان. |
| ئۇلۇغ بۇلاق كىچىك مەسچىتى | شىمىگو | سادىق قورمال | 1933 | سادىق قورمال | | | | | |
| شىمىگو كىچىك. م | ئۇلۇغ بۇلاق كەنتى | توختىمەت | 1933 | توختىمەت | | | | | |
| تار بۇلاق مەسچىتى | تار بۇلاق كەنتى | ھاشىم سوۋۇر | 1933 | ھاشىم سوۋۇر | | | | | |
| ئۆتەرلىك مەسچىتى | ئۆتەرلىك كەنتى | توختىنىياز | 1933 | توختىنىياز | | | | | |
| يانبۇلاق مەسچىتى | يانبۇلاق كەنتى | خۇداۋەدى | 1933 | خۇداۋەدى | | | | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يۇقىرى ئاقيەرەم | يۇقىرى ئاقيەر | ئابلىز دورغا | 1926 | جامائەت | 200 كىشى سىغىدۇ | 45 مو يەر | | بىر | ① 1926 - يىلى قايتا سېلىنغان ۋە مەدرىس قوشۇلغان. |
| شىخابا مەسچىتى | شىخابا | سېيىت قازبەگ | 1902 | جامائەت | | | | | |
| ئاق مەسچىتى | قاقۇم ئېرىق | ئابلىز توختى | 1945 | ئىشانە | | 5.5 مو يەر | | | |
| يۇلتۇر مەسچىتى | رامەتباغ | ئىسمايىل قارى | 1855 | ئىشانە | | 1.8 مو يەر | | بىر | |
| خانىقا | قارادۆۋە | قۇسۇل ۋاقى | 1760 | ئىشانە | 700 كىشى سىغىدۇ | 30 مو يەر | | | 1957 - يىلى مەسئۇد دېگەن كىشى بىر قېتىم كېڭەيتىپ ياساتقان. |
| قارا دۆۋە مەسچىتى | قارا دۆۋە | | 1693 | جامائەت | | 30 مو يەر | | | |
| ھېيتگاھ | قارا دۆۋە | | | | بىر مو | 5 مو | | | 1860 - يىلى روزى باي بىر قېتىم كېڭەيتىپ ياساتقان. |
| بارىكۆل مەسچىتى | بارىكۆل | ئەشرەپ ھاجى | 1818 | ئەشرەپ ھاجى | | بىر قانچە ئېغىز ئۆي | | | بارىكۆلدىكى سودا - سانائەت ئەربابلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. |
| ئاداق مەسچىتى | ئاراتۇرۇك | | 1920 | جامائەت | 200 كىشى سىغىدۇ | | 200 كىشى | | 1936 - يىلى توختى موللا بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلدۇرغان. |
| توپ ئۆيلەر مەسچىتى | ئاراتۇرۇك | بەردىبەگ | 1920 | | | 30 مو يەر | | بىر | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پاي مەسچىتى | ئارائۆزۈك | ھاشىم مىراب | 1903 | جامائەت | 200 كىشى سىغىدۇ | 60 مو يەر | | | بىر | 1915 ـ يىلى قايتا ياسالغان. |
| نوم مەسچىتى | ئارائۆزۈك | سالى دورغا | | جامائەت | 100 كىشى سىغىدۇ | 100 مو يەر | | | | كېيىن قايتا رېمونت قىلىنغان. |
| تۆز كۆل مەسچىتى | ئارائۆزۈك | يوسۇل دورغا | 1911 | جامائەت | 10 كىشى سىغىدۇ | | | | | |
| ئۆغۇلا مەسچىتى | ئارا ئۆزۈك | خوجابەيردى مىراب | 1903 | جامائەت | 600 كىشى سىغىدۇ | 140 مو يەر | | | | 1919 ـ يىلى ئابدۇنىياز بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرغان. |
| ئېرىنكر مەسچىتى | ئېرىنكر | ھاشىم دورغا | 1700 | جامائەت | 100 كىشى سىغىدۇ | | | | | 1919 ـ يىلى مەمەت ھاشىم دورغا بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرغان. |
| ئوتتۇز بۇلاق كىچىك مەسچىتى | شىسىگو | سادىق قورمال | 1933 | سادىق قورمال | | | | | | |
| شىسىگو كىچىك. م | ئوتتۇز بۇلاق كەنتى | توختىسەت | 1933 | توختىسەت | | | | | | |
| تار بۇلاق مەسچىتى | تار بۇلاق كەنتى | ھاشىم سوۋۇر | 1933 | ھاشىم سوۋۇر | | | | | | |
| لۆتەرلىك مەسچىتى | لۆتەرلىك كەنتى | توختىنىياز | 1933 | توختىنىياز | | | | | | |
| يانبۇلاق مەسچىتى | يانبۇلاق كەنتى | خۇداۋەردى | 1933 | خۇداۋەردى | | | | | | |

## § 4 . مەدرىس، مازارلار

### 1 . مەدرىسلەر

قۇمۇل ۋاڭلىقى تەۋەسىدە كۆپلىگەن مەدرىسلەر تەسىس قىلىنغان. بۇ مەدرىسلەر ئاساسەن بالىلارنى دەسلەپكى دىنىي تەربىيىگە ئىگە قىلىدىغان جاي بولۇپ، بالىلار بۇ مەدرىسلەردە كىچىككىدىنلا دىنىي كالاملارنى ئۆگىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق قائىدە ـ ئەھكاملىرىنى، ئاساسلىق دىنىي يوسۇنلىرىنى ئىگىلىگەن. مەدرىسلەر مانا مۇشۇ يول بىلەن ئىسلام ئىدىيولوگىيىسىنى تەرغىب قىلىش مەقسىتىگە يەتكەن. مەدرىسلەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپىسى ۋاڭ ئوردىسىغا ھەر دەرىجىلىك دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك دىنىي ئورگانلار ۋە مەسچىتلەردىكى كەم خادىملار تولۇقلانغان. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمرانلار پۇقرالارغا بولغان باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

قۇمۇلدىكى چوڭ مەسچىتلەردە يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسلەر تەسىس قىلىنغان. ئوتتۇراھال مەسچىتلەرنىڭ بىر قىسمىدا ئىپتىدائىي مەدرىسلەر تەسىس قىلىنغان. كىچىك مەسچىتلەردە موللاملار بالىلارغا دىنىي دەستۇرلاردىن ساۋاق بەرگەن. «ئازادلىق ھارپىسىدا قۇمۇلدىكى مەسچىتلەردە تەسىس قىلىنغان مەدرىسلەر 88 گە، تورلۇك تالىپلار 2590 كىشىگە يەتكەن»⑬.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا بالىلار ئالتە ـ يەتتە يېشىدىلا ئىپتىدائىي مەدرىسلەرگە كىرىپ ئوقۇيتتى. بۇنداق مەدرىسلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى تولىمۇ ناچار بولۇپ، دەرسلىك كىتاب ۋە ئوقۇتۇش قوراللىرىنى ئۆزلىرى تەييارلىشى ۋالاتتى. دەرس مەزمۇنى ئاساسەن ھەپتىيەك ۋە قۇرئان بولۇپ، بۇنىڭدىن سىرت، دىنىي قائىدىلەر

ۋە باشلانغۇچ ئەدەبىيات ساۋاتلىرى قوشۇمچە ئۆگىتىلەتتى. بۇ دەرسلىكلەر پۈتۈنلەي ئەرەبچە بولۇپ، خەلپەتلەر كىتابتا نېمە بولسا شۇنى ئوقۇپ، يېشىپ بەرمەيتتى. تالىپلارمۇ قارىسىغا يادلايتتى. ئۇلار ھەر كۈنى ئۆگەنگەن مەزمۇنلىرىنى كالا ۋە قوي ئۈستىخانلىرىغا يېزىپ، ئاندىن بۇلارنى تامام يادلاپ بولغاندىن كېيىن ئۆچۈرۈۋېتىپ، يەنە يېڭى مەزمۇن يازاتتى. تۇرلۇك دىنىي قائىدە - قانۇنلارنى ئۆگىنىشمۇ تالىپلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن ئىدى. يادلىتىش ئاساسلىق ئىمتىھان شەكلى ئىدى. باللار ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ساۋاق ئېلىپ، چۈشتىن كېيىن ئەمگەك قىلاتتى. ئەمگەك كۆپرەك مەدرىسلەرنىڭ ۋەخپە يېرىدە بولاتتى. ئۇلار بەزىدە خەلپەتلەرنىڭ ئۆيلىرىدىكى ئىشلارنىمۇ قىلاتتى. خەلپەتلەر «تالىپلارنى باشقۇرۇشتا، يەڭگىلرەك بولغاندا تىللايتتى. ئېغىرراق بولغاندا يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ، پالاق بىلەن سالاتتى»⑭. تالىپلار مەدرىسلەردە يىل - يىللاپ ئوقۇسىمۇ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ يازالمايتتى. تالىپلار ھەر قېتىم ھېيت - بايرام كەلگەندە ياكى مەكتەپكە كىرىش، سىنىپ ئاتلاش، مەدرىس تاماملاش دېگەندەك چاغلاردا، خەلپەتلىرىگە پۇل - پۇچەك سۇڭغۇتەتتى. بۇنداق سوۋغاتلار كۆپىنچە ھەر قايسى ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە قاراپ بولاتتى. ھاللىقراق كىشىلەر كالا، قوي، ئېشەك قاتارلىق چارۋىلارنى سۇڭغۇتسە، ئادەتتىكى كىشىلەر ئانچە-مۇنچە كىيىم - كېچەك ياكى بىر نەچچە چارەك بۇغداي بېرەتتى. بەزى نامرات ئائىلىلەر ئەتىگەنگە تاپسا كەچكە يوق ئەھۋالدا بولغاچقا، باللىرىنى ئوقۇتالمايتتى، ئوقۇتقانلىرىمۇ بىرەر - يېرىم يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا چىقىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. نامراتلارنىڭ باللىرى يەتتە - سەككىز يېشىدىلا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا قارىشاتتى ياكى پادا باقاتتى. يەنە بەزى باللار بايلارنىڭ باللىرىنى باقاتتى ياكى يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلاتتى.

مەدرىسلەرنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن سىنىپ ئايرىمىسى ئانچە ئېنىق ئەمەس بولۇپ، تالىپلار ئادەتتە تۆت ـ بەش يىل ئوقۇغاندىن كېيىن بىرىنچى باسقۇچنى تۈگەتكەن ھېسابلىناتتى، يەنە تۆت ـ بەش يىل ئوقۇسا ئوتتۇراھال سەۋىيىگە يەتكەن سانىلاتتى. نەتىجىسى ئەلا بولغانلار يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلەتتى. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇراھال باسقۇچلارنى تاماملاشقا ئون يىلچە ۋاقىت كېتەتتى، بىراق مۇقىم ئوقۇش تۈزۈمى يوق ئىدى. ئوقۇتۇش ئۇسۇلىمۇ ھەرخىل بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن سىستېما ياكى ئوقۇتۇش پىلانىمۇ يوق ئىدى. ئوقۇتۇش سۈرئىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدىغان بولۇپ، خالىغانچە ئۆزگەرتىلىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭدىن سىرت، بالىلار ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوتتۇراھال، يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسلەرگە كىرىپ ئوقۇيتتى، يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسلەردە خېلى نۇرغۇن ئادەم سىغقۇدەك زاللار، خەلپەتلەرنىڭ ئىستراھەتخانىلىرى، ئاز دېگەندىمۇ 30 — 40 ئېغىزچە كېلىدىغان تالىپلارنىڭ ياتاق ئۆيلىرى بولاتتى. ھەر بىر ياتاقتا 8 — 10 تالىپ ياتاتتى. يەنە ھاممام (مۇنچا)، ئاشخانا، ھاجەتخانا قاتارلىقلارمۇ بولاتتى. مەدرىسلەردە ئىسلام دىنى ۋە «قۇرئان» بارلىق ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنىڭ يادروسى ئىدى. دىنىي ۋە دىندىن خالىي دەرسلىكلەر بىردەك مۇشۇ يادرونى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئىسلام مائارىپىنىڭ ئاساسىي ھېسابلىناتتى. دەھرىلىككە دائىر بىلىملەرگە خېلىلا مۇھىم ئورۇن بېرىلەتتى.

قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىستىن ئىككىنى تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا 300 چە تالىپ ئوقۇغان؛ ۋاڭ ئوردىسى تەيىنلىگەن چوڭ ئاخۇنۇم باش مۇدەررىس بولغان؛ خەلپەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەكلىپ قىلىپ كېلىنگەن. ئوقۇتقۇ-

چىلىرى مۇئەللىم، مۇئەددىب (يوسۇن دەرسى بېرىدىغان مۇئەللىم)، مۇدەررىس (كەسپىي دەرسلەرنى ئۆتىدىغان مۇئەللىم)، شەيخ (قانۇنشۇناس)، ئىمام (چوڭ ئۆلىما) دېگەندەك دەرىجىلەرگە ئايرىلغان.

يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاساسەن ئىپتىدائىي ۋە ئوتتۇراھال مەدرىسلەردىن تاللانغان مۇنەۋۋەر تالىپلار بولۇپ، 18 ياشقا توشقانلار ئىدى. ئۇلار مەكتەپتە يېتىپ قوپاتتى، ھەر كۈنى ئىككى سائەت ساۋاق ئالاتتى، بۇ ساۋاقلار كۆپىنچە ئەرەبچە ئىدى. مەزمۇن جەھەتتە دىنىي ۋە دىندىن خالىي دەرسلەر دەپ ئىككىگە ئايرىلاتتى.

(1) ئىسلام شەرىئىتىگە ئائىت دەرسلەر. بۇلار تەپسىرچىلىك، ھەدىسشۇناسلىق، فىقھشۇناسلىق (قانۇن) قاتارلىقلار بولۇپ، ئاساسەن «قۇرئان» ۋە ئىسلام دىنىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغانىدى.

(2) تىل ۋە ئەدەبىيات دەرسلىرى. تىل جەھەتتە ئاساسەن ئەرەب تىلىنىڭ سەرف (مورفولوگىيە)، نەھۋى (سىنتاكسىس) لىرى سۆزلىنەتتى. ئۇيغۇر تىلى تالىپلارنىڭ ئانا تىلى بولغانلىقتىن، پۈتۈن دەرسلەر ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىنەتتى. ئەدەبىيات بىلىملىرى جەھەتتە ئىستىلىستىكا، ناتىقلىق، شېئىرىيەت، ئىنشا، ھۆسنىخەت قاتارلىقلار ئۆگىتىلەتتى. تەرجىمە ۋە تارىخ پەنلىرىمۇ ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى سۈپىتىدە ئوقۇتۇلاتتى.

(3) ھېساب تۈرىدىكى دەرسلەر. بۇنىڭدا ھېساب، ئالگېبرا، گېئومېتىرىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىقلار ئۆتۈلەتتى.

(4) تەبىئىي پەن خاراكتېرىدىكى دەرسلەر. بۇلار ئاساسەن پەلسەپە، فىزىكا، خىمىيە، تېبابەت، جۇغراپىيە، ئەخلاق، ئائىلە تەربىيىسى قاتارلىقلار ئىدى. يەنە مال دوختۇرلۇق ۋە دېھقانچىلىق ئىلمى دېگەندەك دەرسلەرمۇ تەسىس قىلىنغانىدى.

يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسلەردىكى تالىپلار كۆپىنچە باي ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. ئادەتتە نامرات ئائىلىلەرنىڭ باللىرى «كاناىغا يوق سۇنايغا نەدە» دېگەندەك ئەھۋالدا بولغاچقا، بالدۇرلا تىرىكچىلىك كويىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئاساسەن يۇقىرى مەدرىسلەردە ئوقۇيالمايتتى. مەدرىس تالىپلارغا ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قوياتتى. تالىپلار بەش ۋاق نامازنى قازا قىلماي ئوقۇشى، روزىنى ساق تۇتۇشى، هاراق ـ شاراب، نەشە ـ تاماكا، قىمار، ئوغرىلىق دېگەنلەردىن زىنھار يىراق تۇرۇشى كېرەك ئىدى. يۇقىرى مەدرىسلەرنىڭمۇ مۇقىم ئوقۇش تۈزۈمى ۋە سىستېمىلىق ئوقۇتۇش پىلانى يوق بولۇپ، تالىپلار ھەر كۈنى ئىككى ـ ئۈچ سائەت ساۋاق ئالغاندىن كېيىنكى ۋاقتىنى ئۆگىنىش ياكى ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزەتتى. قۇمۇلدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىككى مەدرىسنىڭ 30 مو تېرىلغۇ يېرى، 1500 تۇياق قويى بار بولۇپ، يەر تېرىيدىغان ۋە قوي باقىدىغان ئىشلارنى تالىپلار قىلاتتى. كىرگەن كىرىمنىڭ بىر قىسمى تالىپلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئوقۇش قوراللىرى، مەدرىس چىقىمى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىسىمۇ، كۆپ قىسمى ۋاڭ ئوردىسىغا تاپشۇرۇلاتتى. «ئالىي مەدرىسلەردە پەن ئايرىمىسى بار ئىدى. دىنىي قائىدىلەر، دىنىي يوسۇنلار، دىنىي كالاملار ئايرىم ـ ئايرىم تۈر سۈپىتىدە ئوقۇتۇلاتتى. دىنىي كالاملارنى ئۆگىتىشكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلەتتى»⑮. تالىپلار ئادەتتە 3 يىلدىن 5 يىلغىچە ئوقۇپ ئوقۇش تاماملايتتى. باللار ئىپتىدائىي مەدرىسلەرگە كىرگەندىن تارتىپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى ئۆگىنىشكە باشلايتتى. ئالىي مەدرىسلەرگە چىققاندا ۋاڭ ئوردىسى تەيىنلىگەن مۇدەررىسلەر ئۇلارغا، ۋاڭ ئوردىسىغا سادىق بولۇش ھەققىدىكى ئىدىيىنى سىڭدۈرۈشكە باشلايتتى. تالىپلار ئوقۇشنى تۈگىتىپ مەنسەپكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، «ئاساسلىق ۋەزىپىسى دىنىي قانۇن ـ قائىدىلەر ئارقىلىق مۇرىتلارنى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ

ئىدارە قىلىشقا شەرتسىز بويسۇنۇشقا ئۈندەش، ۋاڭلىق تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش بولاتتى»⑯ . مۇشۇنداق قىلىپلا «ئۇلارنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇش راسخوتى ۋاڭ ئوردىسى ۋە جامائەت تەرىپىدىن تەمىنلىنەتتى»⑰ .

ۋاڭ ئوردىسى ئىسلام دىنىغا تايىنىپ ئۆزىگە قاراشلىق پۇقرالارنىڭ ئىدىيىسىنى قاتتىق كونترول قىلغان. دىنىي زاتلار ھەمىشە جامائەتكە «ۋاڭ غوجام، ئاخۇنۇم، باي ۋە دېھقان، چارۋىچى بولۇش ئاللانىڭ ئىرادىسىدىن بولىدۇ، بۇنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس» ، دېگەن قاراشنى سىڭدۈرۈپ تۇرغان ھەم «ۋاڭ غوجام ئاللا تائالانىڭ يەر يۈزىدىكى سايىسى» ، دېگەننى شەرھلەپ تۇرغان. ھەرقايسى مەسچىتلەردىكى ئاخۇن، موللىلار ۋەز - تەبلىغ قىلغاندا دائىم ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھىممەت - شاپائەتلىرىنى پەش قىلىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمىغان.

ۋاڭ ئوردىسى يەنە ئىسلام دىنى نامىدا پۇقرالارنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا دىنىي سەدىقىلەر ئاساسەن ئۆشرە ۋە زاكات بولۇپ، مۇسۇلمانلار بېرىشكە تېگىشلىك ئۆشرە - زاكاتنى ئاۋۋال نامرات تۇغقانلىرىغا تارقىتىپ بېرەتتى. ئاندىن قالغىنىنى باشقا نامرات كىشىلەرگە ياكى مەسچىتلەرگە سەدىقە قىلاتتى. ھەر قېتىم قۇربان ھېيت كەلگەندە، ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە ھەر بىر مۇسۇلمان ئائىلىسى بىردىن قوي قۇربانلىق قىلىش كېرەك ئىدى، نامرات ئائىلىلەر قۇربانلىق قىلالمىغانلىقتىن بايلارنىڭ ئۆشرە - زاكىتىدىن بىر قىسمى ئاجرىتىلىپ بۇنىڭ چارىسى ھەل قىلىناتتى. بۇنىڭغىمۇ ئىمكانىيەت بولمىسا، دورغىلار بۇنداق ئائىلىلەرنى ئېنىقلاپ ساننى ئالغاندىن كېيىن، ۋاڭ ئوردىسىغا مەلۇم قىلاتتى. ۋاڭ ئوردىسى مۇشۇ سان بويىچە ئۇلارغا قۇربانلىق قىلىشقا قوي تارقىتىپ بېرەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنىڭ بىر قىسمى كىرىمى نامراتلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىلەتتى. ۋاڭ ئوردىسىمۇ

يەنە خاس ۋەخپە يەر ئاجراتقان بولۇپ، بۇنىڭ كىرىمى مەخسۇس كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈلۈپ بېرىلەتتى. ۋاڭ ئوردىسى تەسىس قىلغان «گاداي ساڭ» لارمۇ مۇشكۇل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەرنى تەمىنلەپ تۇراتتى. ئەمما، دىنىي قائىدىلەرگە رىئايە قىلمىغان ياكى نامازنى تەرك ئەتكەن كىشىلەر بۇنداق ياردەمدىن بەھرىمان بولالمايتتى. ۋاڭ ئوردىسى قوللانغان بۇ بىر قاتار ئۆزىگە تارتىش تەدبىرلىرى مەلۇم دەرىجىدە سىنىپىي زىددىيەت-لەرنى يۇمشىتىش رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېزىلىش، قۇل بولۇشتەك ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى قىلـ-چە ئۆزگەرتەلمىگەن.

## 2. مازارلار

«مازار» — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «مۇقەددەس جاي»، «پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسى» دېگەن مەنىدە. شىنجاڭدا كۆپلىگەن مەشھۇر مازارلار بولۇپ، كۆپىنچىسى قەشقەر، خوتەن، كۇچا، تۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. قۇمۇلدىمۇ تەخمىنەن 50 نەچچە مازار بولۇپ، ئاساسەن ئوتتۇراھال ۋە كىچىك مازار-لارغا مەنسۇپ. شامەخسۇت ۋاڭ هايات ۋاقتىدا غايەت زور ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆزىگە كۆلىمى ناھايىتى چوڭ مازار ياساتقان. تۆۋەندە قۇمۇل رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭراق مازارلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز⑱.

8 ـ جەدۋەل: قۇمۇلدىكى چوڭراق مازارلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

| تەرتىپى | مازار نامى | ئورنى |
|---|---|---|
| 1 | تۇغلۇق مازار | شەھەر ئىچى يېزىسى |
| 2 | ئايلىق مازار | شەھەر ئىچى يېزىسى |

| | | |
|---|---|---|
| 3 | غايىب مازار | شەھەر ئىچى يېزىسى |
| 4 | خوجا مەسچىت مازىرى | شەھەر ئىچى يېزىسى |
| 5 | دۆڭلەڭگەر مازىرى | لەڭگەر |
| 6 | بوغاز مازار | بوغاز |
| 7 | ئەللىك مازار | قارا دۆۋە |
| 8 | ئۇلۇغ يول مازىرى | قارا دۆۋە |
| 9 | سايباقچا مازار | قارا دۆۋە |
| 10 | قارا ياغاچلىق مازار | قارا دۆۋە |
| 11 | تاللىق مازار | قارا دۆۋە |
| 12 | غايىب مازار | قارا دۆۋە |
| 13 | توغراق مازار | قارا دۆۋە |
| 14 | چارقاغا مازار | لاپچۇق |
| 15 | تۇرپان مازار | لاپچۇق |
| 16 | شاھ مازار | لاپچۇق |
| 17 | يارى مازار | لاپچۇق |
| 18 | ئاغچام مازار | توغۇچى |
| 19 | ئەرىن مازار | توغۇچى |
| 20 | چاقماق مازار | جىگدە بۇلاق |
| 21 | ئۇلانبۇلاق مازار | جىگدە بۇلاق |
| 22 | ئاستانە مازار | ئاستانە |

| | | |
|---|---|---|
| 23 | يالغوز تويون مازىرى | ئارتتام |
| 24 | قەيس خوجام مازىرى | شىخابا |
| 25 | ئاپپاق خوجام مازىرى | سۇۋبشى |
| 26 | شىرىنزا خوجام مازىرى | بارنكۆل |
| 27 | دەرەخلىك مازار | نېرىنكىر |

قۇمۇلدىكى چوڭراق مازارلاردا يەنە كىچىكرەك مەسچىتلەر ياندلاشتۇرۇپ سېلىنغان بولۇپ، مازار باشقۇرغۇچى «شەيخ» دەپ ئاتىلاتتى. شەيخ ئادەتتە كۈندىلىك ئىشلار، نەزىر - چىراغ پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش ۋە مازارنىڭ تارىخىنى، داڭقىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بەزى مازارلارنىڭ ۋەخپە مۈلكى بولۇپ، ئۇ مازارنىڭ قىسمەن كىرىم مەنبەسى ھېسابلىناتتى. مۇسۇلمانلار مازارغا كېلىپ نەزىر - چىراغ قىلغاندا ياكى ئەمىنلىك تىلەپ خەتمە - قۇرئان قىلغاندا، مازارلارغا ئانچە - مۇنچە سەدىقە بېرەتتى. ھەرقايسى مازارلارنىڭ شەيخلىرى قۇمۇل كونا شەھەردىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئەئلەم ئاخۇنۇمىغا بويسۇناتتى.

## 5 § . دىنىي يوسۇنلار ۋە بەلگىلىمىلەر

### 1 . دىنىي يوسۇنلار

دىنىي يوسۇنلار دىنىي قائىدە يوسۇنلار ۋە ئەمرىمەرۇپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي دىنى يوسۇنلىرى ئىمان ئېيتىش، ناماز، روزا، ئۆشرە - زاكات، ھەج قاتارلىق بەش پەرھىز بولۇپ، ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرى بۇنى «بەش پەر-

ھىز» دەپ ئاتايدۇ.
ئىمان ئېيتىش «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىل-
لا» (ئاللا بىر، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسى)، دېيىشنى كۆر-
سىتىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇ ئايەتنى ئۈنلۈك ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزى-
نىڭ ئېتىقادىنى ئاشكارا ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ دى-
نىي ئەقىدىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.
ناماز. ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئوغۇللار 12 ياشقا،
قىزلار 9 ياشقا كىرگەندىن تارتىپ ھەر كۈنى بەش ۋاق ناماز
ئوقۇشى شەرت. نامازنىڭ ۋاقتى ۋە مىقدارى ئادەتتە مۇنداق
بەلگىلەنگەن: بامدات نامىزى تاڭ سۈزۈلگەندىن تارتىپ كۈن
چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا ئوقۇلىدۇ، 4 رەكەت؛ پېشىن نامىزى
كۈن نەق چۈشتىن قايرىلغاندىن تارتىپ غەربكە قىيسايغىچە بول-
غان ئارىلىقتا ئوقۇلىدۇ، جەمئىي 10 رەكەت؛ ئەسىر (دىگەر)
نامىزى كۈن غەربكەقىيسايغاندىن تارتىپ كۈن ئولتۇرغىچە بولغان
ئارىلىقتا ئوقۇلىدۇ، 4 رەكەت؛ شام نامىزى كۈن ئولتۇرغاندىن
تارتىپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئوقۇلىدۇ،
جەمئىي 5 رەكەت؛ خۇپتەن نامىزى قاراڭغۇ چۈشكەندىن تارتىپ
ئەتىسى سۈبھى كۆتۈرۈلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئوقۇلسا بولىدۇ،
جەمئىي 9 رەكەت. بەش ۋاق ناماز مەسچىتتە ئوقۇلسىمۇ، ئۆيدە
ئوقۇلسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئىسلام دىنىدا نامازنى مەسچىتتە ئوقۇ-
غاننىڭ ساۋابى كۆپرەك بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ھەر
جۈمە كۈنى چوڭ مەسچىتلەرگە يىغىلىپ جۈمە نامىزى ئوقۇيدۇ.
بۇ نامازنىڭ ۋاقتى پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى بىلەن بىردەك بو-
لۇپ، جۈمە نامىزىنى ئۆيدە، ئوقۇۋېلىشقا بولمايدۇ. ھەر يىلى
قۇربان ھېيت ۋە روزى ھېيت كۈنلىرى مۇسۇلمانلار مەسچىتكە
يىغىلىپ 2 رەكەت ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. يەنە رامزان ئېيى
مەزگىلىدە ھەر ئاخشىمى مەسچىتتە 20 رەكەت تەراۋىھ نامىزى
ئوقۇيدۇ. نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن جەزمەن غۇسلى ـ تاھارەت

قىلىنىدۇ (پۈتۈن بەدەننى يۇيۇش غۇسلى قىلىش دېيىلىدۇ. بەدەننىڭ بەلگىلەنگەن ئايرىم ـ ئايرىم جايلىرىنى يۇيۇش تاھارەت ئېلىش دېيىلىدۇ)، سۇ بولمىغان ئەھۋالدا پاكىز توپا بىلەن تەيەممۇم قىلىشقا بولىدۇ.

روزا. ساغلام ۋە بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان (كېسەللەر، يولۇچىلار، ھامىلىدار ئاياللار ۋە بالا ئەمدۈرۈۋاتقان ئاياللاردىن باشقا) ھەر يىلى ھىجرىيە 9 ـ ئاي (رامزان ئېيى) دا 30 كۈن روزا تۇتۇشى شەرت. روزى تۇتقاندا تاڭ سۈزۈلگەندىن تارتىپ كۈن ئولتۇرغىچە زەررىچە نەرسە يەۋېلىشقا ياكى تامچە سۇ ئىچىۋېلىشقا بولمايدۇ. روزا تۇتۇش «چوڭ ساۋاب» دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن ئۆكۈنىدىغان مۇسۇلمانلار شۇ ئارقىلىق خۇداغا توۋا قىلىدۇ ۋە گۇناھىنى تىلەيدۇ، شۇنداقلا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە ناشايان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش، ئاللانىڭ بۇيرۇقىنى بەجانىدىل ئورۇنلاش روھىنى يېتىلدۈرىدۇ.

ئۆشرە ـ زاكات. بۇ قومۇل رايونىدا «سەدىقە پىتىر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا ھەر بىر ئائىلە ھەر يىلى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ بەلگىلەنگەن مىقداردىكى پۇل ـ پۇچەكنى سەدىقە قىلىپ، نامراتلارنىڭ قەددىنى رۇسلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ھەج. ئومۇمەن تېنى ساغلام، ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرگەن مۇسۇلمانلار، ئۆمرىدە ئاز دېگەندە بىر قېتىم «مۇقەددەس جاي» ـ مەككىگە بېرىپ كەئبەنى تاۋاپ قىلىشى كېرەك. ھەج قىلىش ئادەتتە ئاللانىڭ رازىلىقى بىلەن گۇناھتىن پاكلىنىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر يول بويى تۇرلۇك ـ تۈمەن جاپا مۇشەققەتلەرنى چېكىشكە توغرا كەلسىمۇ يەنىلا ھەج تاۋاپ قىلىشقا بارىدۇ. ھەج قىلىپ كەلگەن كىشى «ھاجى» دەپ ھۆرمەتلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي يوسۇنلىرىدا يۇقىرىقى بەش پەرھىز-دىن باشقا، تۇرمۇش جەھەتتىمۇ يەنە كۆپلىگەن پەرھىزلەر بار. مەسىلەن، هارام نەرسىنى يېمەسلىك، دەپنە قىلىش، خەتنە قىلىش، دېگەندەك.

هارام نەرسىنى يېمەسلىكتە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش، قان ئىچىش، چوشقا گۆشى يېيىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ. قوي، كالا، ئات، تۆگە، توشقان، توخۇ، غاز قاتارلىقلارنى دىنىي زاتلار ياكى مۇسۇلمان كىشى ئايەت ئوقۇپ بوغۇزلىغان بولسا يېيىشكە بولىدۇ.

ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن جەزمەن يەرلىككە قويۇلىدۇ. مۇ-سۇلمانلار سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا ئاخۇنۇم قۇرئان ئوقۇيدۇ. كۆز يۇمغاندىن كېيىن، جەزمەن قارىي ياكى ئاخۇنۇم كېلىپ شۇ ئۆيدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ، مېيىت پاكىز يۇيۇپ تارالغاندىن كېيىن، ئاق خەسسە بىلەن ئورىلىدۇ. يەرلىككە قويۇلۇپ بولغان-دىن كېيىن، مېيىتنىڭ ئۆيدىكىلەر ھەرخىل نامدىكى نەزىرلەر-نى بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇل باللىرى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە چوقۇم خەتنە قىلىنىدۇ، خەتنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىلىرى دوست - بۇرادەرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ بىرلىكتە قۇت-لۇقلايدۇ.

## 2. دىنىي بەلگىلىمىلەر

قۇمۇل ۋاڭى قانۇن ۋە ئەدلىيە هوقۇقىغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق يەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق - تەلەپ ۋە جىنايى دەۋالىرىنى قۇمۇل يەرلىك هۆكۈمىتى سۈرۈشتە قىلالمى-غان، بەلكى بۇ ئىشلار قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن بىر ياقلىق قىلىنغان. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، قۇمۇل يەرلىك هۆكۈمى-

تى تەرىپىدىن تۇتۇلسا، يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ جىنايى جا-
ۋابكارلىقىنى بىۋاستە سۈرۈشتۈرمىگەن، ئەكسىچە قۇمۇل ۋاڭ
ئوردىسىنىڭ بىر ياقلىق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇيغۇرلار
بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دەۋا ئىشلىرى بولۇپ قالسا، بۇنى
قۇمۇل يەرلىك ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلغان.

قۇمۇل ۋاڭى «ئاللا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىغا بەل-
گىلەپ بەرگەن مۇكەممەل ئەندىزە» — ئىسلام شەرىئىتىنى ئا-
ساس قىلغان، ئەمما ئۇ ئۇزاق مەزگىل يولغا قويۇلۇش جەريانىدا
بەزى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئىسلام شەرى-
ئىتىدىن باشقا، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بەلگىلىمىلىرى ۋە ۋاڭ-
نىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىمۇ بىردەك قانۇني كۈچكە ئىگە بولغان.
قۇمۇل ۋاڭى ئۆز خاھىشى بويىچە ياخشى - يامانني بىر ياقلىق
قىلالىغاندىن باشقا، پۈجۈڭ ئاغچىلار (ۋاڭنىڭ ئاياللىرى) مۇ
شۇنداق قىلالىغان⑲. چوڭ ئەئلەم ئاخۇنۇم بىۋاستە ئەدلىيە
ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بەرىبىر
قۇمۇل ۋاڭى تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان بولغاچقا، ئا-
خىرقى ھېسابتا يەنىلا ۋاڭنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلغان.
دىنني ھۆكۈم (كېسىم) ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان -
زەخمەت يەتكۈزگەندە، ۋاڭ ئوردىسى ھۆكۈمىنىڭ ئىناۋەتسىز ئې-
كەنلىكىنى جاكارلىيالىغان.

دىنني بەلگىلىمىلەرنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ
بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىنى دېگۈدەك ئۆز
ئىچىگە ئالغان.

قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى مۇسۇلمانلارنىڭ بەش ۋاق نامازنى قازا
قىلماي ئوقۇشى ۋە باشقا تۈرلۈك دىنني بەلگىلىمىلەرگە رىئايە
قىلىشىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىدا دىنني بەلگىلىمى-
لەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىدىغان مەكتىپ دېيىلىدى-
غان ئورگان تەسىس قىلىنغانىدى. بۇنىڭغا قاراشلىق خادىملار

نائىب دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بىلەكلىرىگە يەڭ بەلگىسى تاقاپ، قوللىرىغا كالتەك ـ چوماق ئېلىپ، كوچا ـ كويلار، رەستە ـ بازارلار ۋە باشقا ئاممىۋى سورۇنلارنى ئارىلاپ يۈرەتتى. ناماز ۋاقتى بولغاندا مېڭىۋاتقانلار توختىشى، ئىش قىلىۋاتقانلار قولىدىكى ئىشىنى بىر ياققا قويۇپ تۇرۇپ، يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ سۈكۈتتە تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەگەر بىرەر كىشى بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا نائىبلار دەرھاللا ئارىلىشاتتى ۋە جازالايتتى. ھەر قايسى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مۆھتەسىب دەپ ئاتىلىدىغان خادىملار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشىنى نازارەت قىلاتتى. ۋاڭ ئوردىسى يەنە مەخسۇس كىشى ئاجرىتىپ ھەر قايسى مەسچىتلەرنى نازارەت قىلدۇرغان بولۇپ، مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى نامازغا كەلمىگەنلەرنىڭ ئىسىملىرىنى خاتىرىلەپ مۆتىۋەللىگە تاپشۇراتتى. مۆتىۋەللى نامازغا چىقمىغانلارنى تەنبىھكە تارتاتتى ۋە قامچىلاشقا بۇيرۇيتتى. بىر قېتىم خىلاپلىق قىلغۇچىلار 40 قامچا يەيتتى ھەمدە شۇ يىلى ھېچقانداق سەدىقە پىتىرغا ئىگە بولالمايتتى.

نىكاھ ئىشىدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نىكاھقا ئىگە ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئاخۇنۇم قاتناشقان نىكاھ قانۇنلۇق ھېسابلىناتتى. ئەرلەر ئۈچتىن تۆتكىچە خوتۇن ئالسا بولاتتى. ئاياللار «ئالا كۆڭۈللۈك» قىلسا جىنايەت ھېسابلىناتتى. ئەرلەر ھەر قانداق ئەھۋالدا ئايالىنى تالاق قىلىۋېتەلەيتتى. تالاق قىلىش نىكاھتىن ئاجرىشىش دېگەنلىك بولۇپ، ئەر كىشى ئايالىنى «تالاق» دەۋەتسىلا ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت مەۋجۇتلۇقتىن قالاتتى.

مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشتا ئەر ـ ئايالنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ئوخشاشلا مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئەمما، ئوخشاش مۇناسىۋەتتىكى (دەرىجىدىكى) ئايال تۇغقانلار ئەر تۇغقانلار ئېرىشكەننىڭ يېرىمىغا ئېرىشەلەيتتى. ئەل ـ جاما-

ئەت ئىچىدە مىراس دەۋاسى يۈز بەرگەندە قازىخانا ھۆكۈم چىقىراتتى، بۇنداق چاغدا قازى ئالدىن بىر بۆلۈك مىراسنى دەۋا ھەققى سۈپىتىدە چۆنتىكىگە سالاتتى.

ئىجارە، باج تاپشۇرۇشقا بويۇن تولغىغانلار، ۋاقى ئوردىسىغا قارشى چىققانلار، ئوغرىلىق ـ قاتىللىق قىلغانلارمۇ قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ ھەرخىل جازاغا تارتىلاتتى. ھەق تەلەپ ۋە جىنايى ئىشلارغا دائىر دەۋالارغا دائىم كونىشەھەردىكى چوڭ مەسچىت ياكى باشقا مەسچىت ـ خانىقالاردىكى ھەر دەرىجىلىك قازىخانىلار كېسىم چىقىراتتى. «يەنە ئاخۇنۇملار ئۆز ئۆيىدە (قەسىرە) لەرنى قۇرۇۋالغانىدى»⑳، دەۋاگەرلەر كېسىمگە قايىل بولمىسا «ۋاقى ئوردىسىغا ئەرز قىلسا بولاتتى. بۇ چاغدا ۋاقى ئوردىسىدىكى قازى بەگلەر دەۋا سورايتتى»㉑.

دىنىي مۆتىۋەر زاتلار گۇۋاھچى بولۇشتەك ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، مۇھىم توختام ياكى ھۆججەتلەر مەسچىت ياكى دىنىي زاتلار مۆھۈر باسقاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولاتتى. مەسچىتلەرنىڭ خاس مۆھۈرى ۋاقى ئوردىسى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىشلىتىلەتتى، دىنى زاتلارنىڭ خۇسۇسىي تامغىسى بولسا خالىغانچە ئويۇلاتتى. «ئازادلىق ھارپىسىدا قۇمۇلدىكى بەزى ئىمتىيازلىق ئاخۇنۇملارنىڭ خۇسۇسىي تامغىلىرى ئۈچ ـ تۆتكىچە بولغانىدى»㉒. مەسچىت ياكى دىنىي زاتلار مۆھۈر باسمىغان ۋاقىتتا بەلگىلىك تاپان ھەققى ئالاتتى.

قازىخانا ھۆكۈم قىلىدىغان جازالار كۆپ خىل بولۇپ، «جەرىمانە قويۇش، قامچىلاش، دەررىلەش، سۈرگۈن قىلىش، ئېغىر ئەمگەككە سېلىش، قوغلاپ چىقىرىش، زىندانغا تاشلاش، ئۆلۈمگە بۇيرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى»㉓. قۇمۇل ۋاقى ئوردىسىدا ھەم يەنە توغۇچى ۋە نومدا زىندان بار ئىدى.

## § 6 . دىنىي ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە

دىنىي ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ تۈرلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شىللىسىدىكى دىندىن خالىي ئېكسپىلاتاتسىيىدىن باشقا يەنە بىر قات بويۇنتۇرۇق بولغان. قۇمۇل ۋاڭى دىندىن ئىبارەت بۇ روھىي قورالغا تايىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەنلىكتىن، مۇقەررەر يوسۇندا بىر تۈركۈم دىنىي كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ھەم بۇ دىنىي كۈچلەرنى تېخىمۇ جان پىدالىق بىلەن ۋاڭ ئوردىسىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا جەمئىيەتتىكى سىياسىي ئورنىغا مۇناسىپ ئىقتىسادىي ئىمتىيازلارنى بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن دىنىي ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىلەر تۈزۈملەشكەن ۋە قانۇنلاشقان. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئۈستىدىكى دىنىي ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە ئاساسەن تۆۋەندىكى شەكىللەردە بولغان:

### 1. سەدىقە ۋە سوۋغاتنى تەشەببۇس قىلىش

ھەر يىلى روزى ھېيت، قۇربان ھېيت كەلگەندە، دىنىي زاتلار جامائەتتىن سەدىقە تەلەپ قىلاتتى. ھەربىر ئادەم ئەڭ ئاز دېگەندە بىر يۈەندىن يۇقىرى سەدىقە بېرەتتى. دىنىي زاتلار سەدىقىدىن چۈشكەن بۇ پۇللارنى ئۆز ئالدىغا بۆلۈشۇۋالاتتى. ھېيت - بايراملاردا جامائەت يەنە دىنىي زاتلارغا سوۋغا - سالام كىرگۈزەتتى ۋە ئۇلارغا ئالاھىدە داستىخان سالاتتى. ھەر يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ۋە ۋاپاتى خاتىرىلەنگەندىمۇ جامائەت يەنە دىنىي زاتلارغا سوۋغات سۇڭگۇتەتتى. بۇ سوۋغات 1يۈەندىن 10 يۈەنگىچە ھەر خىل بولاتتى.

## 2. تۇرلۇك دىنىي خىراج يىغىۋېلىش

رامزان ئېيىنىڭ ئالدىدىكى ئاي «بارات ئېيى» دېيىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئايدا جامائەت ئاخۇنۇملارنى چاقىرىپ خەتمە - قۇرئان قىلدۇراتتى ۋە ئۇلارنى تېگىشلىك رازى قىلاتتى. ھەر يىلى رامزان ئېيىنىڭ 27 - كۈنى 12 ياشتىن يۇقىرى بارلىق ئەر - ئاياللار شۇ يىلى ئۆتمىگەن نامازلىرى ئۈچۈن «گۇناھىنى يۇيۇش» مەقسىتىدە سەدىقە تاپشۇراتتى ھەم ھەر بىر كىشى ئاخۇنۇمغا 1/4 چارەك ئاشلىق تاپشۇرۇپ، نامراتلارغا ئاتنۇېتەتتى.

ھەر جۈمە كۈنى جامائەت دىنىي زاتلارنىڭ تەبلىغ ھەققىگە ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش راسخوتى ھېسابىغا پۇل ئىئانە قىلاتتى.

تويدا ئاخۇنۇم نىكاھ ئوقۇپ قويسا ئوغۇل تەرەپ ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 5 نان، 1 قوي كاللىسى ۋە 3 يۈەن پۇل قوياتتى. بەزىلەر 9 مايلىق توقاچ، پۈتۈن ياكى يېرىم قوي، 30 يۈەن پۇل قوياتتى، يەنە كىيىم قويىدىغانلارمۇ بار ئىدى. قىز تەرەپ بولسا ئەر تەرەپتىن تۆۋەنرەك مىقداردا پۇل - پۈچەك قوياتتى.

ئۆلۈم - يېتىم بولغاندا ئاخۇنۇم بىر قانچە رەت تەكلىپ قىلىناتتى. بىرىنچى قېتىم ئاخۇنۇم نامازغا چاقىرىلغاندا ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى ئەڭ ئاز دېگەندە بىرەر پەلتو، 10 يۈەن نەق پۇل قوياتتى. بەزىلەر بىرەر قۇر ياخشىراق كىيىم، 1 ئات، 150 يۈەن پۇل قوياتتى؛ ئىككىنچى قېتىم مېيىت يۇيۇلۇپ تارالغاندا ئىككى ئاخۇنۇمنىڭ ھەر بىرىگە بىر قۇردىن قىسقا تون ياكى پەلتو قويۇلاتتى؛ ئۈچىنچى قېتىم مېيىتنىڭ ئۆيىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلغاندا بىر چەينەك، 1 جۈپ جانان چىنە، 1 جۈپ قوشۇق، 2 جۈپ ئەينەك، 2 لۆڭگە قويۇلاتتى؛ تۆتىنچى قېتىم مېيىت يەرلىككە قويۇلغاندا ئاخۇنۇم خەتمە قۇرئان ئوقۇپ بېرەتتى ۋە ھەققىگە 10 يۈەن پۇل، بىرەر كىيىملىك رەخت ئالاتتى؛ بەشىنچى قېتىم مېيىت يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككى ئاخۇنۇم تۆت كوچا ئېغىزىدا خەتمە قۇرئان قىلىپ بۇنىڭ ھەققىگە

يەنە 5 ـ 10 يۈەندىن پۇل ئالاتتى. مېيىت يەرلىككە قويۇلۇپ 7 ـ كۈنى يەنە قەبرە ساقلىغۇچى دىنىي زاتقا بىرەر قوي قىممىتىدە قەبرە ساقلاش ھەققى بېرىلەتتى. مېيىتنىڭ ئۈچ، يەتتە، قىرىق، يۈز، يىل نەزىرىسى بولغاندا ئاخۇنۇم چاقىرىلىپ خەتمە ـ تىلاۋەت قىلدۇرۇلاتتى ۋە بۇنىڭغا 5 — 15 يۈەندىن پۇل بېرىلەتتى.

ئۇيغۇرلار بالىلىرى تۇغۇلغاندا، ئاخۇنۇم چاقىرىپ بالىغا ئىسىم قويدۇراتتى. بۇنىڭ ھەققىگە 5 يۈەن پۇل، 2 ـ 3 جىڭ گۆش، بىرەر بولاق قەنت قوياتتى. يەنە بالا تۇغۇلۇپ 20 ـ كۈنى ۋە 50 ـ كۈنى «يامان كۆزدىن ساقلاپ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىدۇ»، دېگەن چۈشەنچە بويىچە، ئاخۇنۇم تەكلىپ قىلىپ بالىغا نىياز چاچ قويدۇراتتى. ئاتا ـ ئانىلار بۇنىڭغا ئاتاپ ھەر خىل مىقداردا سەدىقە بېرەتتى.

ئۇيغۇرلار بالىلىرى يەتتە ياشقا كىرگەندە خەتنە قىلدۇراتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاخۇنۇمغا 5 نان، 1 مېتىر قىزىل رەخت، 5 يۈەن پۇل قوياتتى. ھال ـ ئەھۋالى ئوبدانراق ئائىلىلەر 1 قوي، بىر كىيىملىك ياخشى رەخت، 9 مايلىق توقاچ، 40 يۈەن پۇل قوياتتى.

ئۇيغۇرلار يىلدا ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم قەبرىستانلىققا چىقىدىغان بولۇپ، ھەر قېتىمدا شەيخلەرگە ئەمگەك ھەققى ھېسابىدا يېمەكلىك، كىيىملىك، پۇل ـ پۇچەك سەدىقە قىلاتتى.

جامائەت يەنە مول ھوسۇل ئالغاندا، يېڭى دۇكان ئاچقاندا ياكى چوڭ خۇشاللىق بولغاندا ئاخۇنۇملارنى چاقىرىپ خەتمە قۇرئان قىلدۇراتتى ۋە بۇنىڭغا ئاتاپ مەلۇم ساندا پۇل قوياتتى.

كىشىلەر داخان ـ باخشىلارغا پېرى ئويناتقاندا ۋە كېسەل كۆرسەتكەندىمۇ بىرەر ئات ياكى بىرەر قوينىڭ قىممىتىدە پۇل ـ پۇچەك قوياتتى.

## 3. تۇرلۇك ئىئانىلەرنى توپلاش

ھەر يىلى باش ئەتىيازدا، ھەر قايسى مەسچىتلەردە ئىئانە يىغىش باشلىنىپ كېتەتتى. بۇ چاغدا ھەر بىر نامازخان نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، دېگەن چاقىرىق ئاستىدا 10 يۈەندىن نەق پۇل تاپشۇراتتى. يېڭىدىن مەسچىت سېلىنغان ياكى مەسچىتلەر رېمونت قىلىنغان چاغلاردىمۇ ھەممىشە ئىئانە شەكلى بىلەن مەبلەغ يىغىلاتتى. يەنە ھەر خىل نامدىكى باشقا ئىئانىلەرمۇ كۆپ ئىدى.

## ئۆشرە ـ زاكات يىغىۋېلىش

جامائەت ئادەتتە مەسچىتلەرگە ئۆشرە ـ زاكات تاپشۇراتتى. ئۆشرە — دېھقانچىلىق بىجى بولۇپ ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ 1/10 قىسمى تاپشۇرۇلاتتى. زاكات — سودا ۋە چارۋىچىلىق بېجى بولۇپ، كىرىمنىڭ 1/40 تاپشۇرۇلاتتى.

## 5. بىۋاسىتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش

مەسچىت، مازار، مەدرىسلەرنىڭ ۋەخپە يېرى، بېغى، چارۋىلىرى بولۇپ، بۇلارنى كۆپىنچە جامائەت تېرىپ ياكى بېقىپ بېرەتتى، يەنى جامائەت بىۋاسىتە ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە قۇل قىلىناتتى. «ھەر قايسى مەدرىسلەردىكى ئوغۇل ـ قىز تالىپلارمۇ مەسچىتلەر ئۈچۈن ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىدىغان ئوبيېكتلار ئىدى» ㉔.

## ئىزاھ:

① قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزىسىدىكى ئۈۋەيس بوۋاينىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلىنىلدى.

②④⑯⑰ «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن ھۆ-

كومرانلىقى» ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكا-دېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار» ، 1 ـ قىسىم 1 ـ، 2 ـ، 10 ـ، 11 ـ بەتلەر.

③ رېن جىيۇ تۈزگەن «دىن لۇغىتى» ، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى 1981 ـ يىل 12 ـ ئاي 677 ـ بەت.

⑤⑥⑫ ۋاڭ شۇلى، لى جيەن تۈزگەن «قۇمۇل رايونىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار» ، 2 ـ قىسىم 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 22 ـ بەتلەر.

⑦⑨⑩⑪⑭⑳㉒㉑ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ، 11 ـ، 12 ـ، 16 ـ، 18 ـ بەتلەر.

⑧⑱ ليۇ شيى: «قۇمۇل ۋاڭلىرى تەزكىرىسى» — «قۇمۇل تارىخى ماتېرىياللىرى» 2 ـ قىسىم، 1988 ـ يىل 12 ـ ئاي، 104 ـ 117، 123 ـ 124 ـ بەتلەر.

⑬⑮ يۇقىرىقى ئەسەر، 132 ـ بەت.

⑲ قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىن «نوم قوشىقى» دا «بولسىمۇ، بولمىسىمۇ غوجامنىڭ يۇرتى، ئۆلتۈرسىمۇ، ئۆلتۈرمىسىمۇ پۈجۈڭنىڭ كۆڭلى» دېيىلگەن. ئابدۇللا ئەخمەت: «قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدىكى خەلق قوشاقلىرى» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1986 ـ يىلى 4 ـ سان.

㉑ جاۋ ئېنرۇ: «قۇمۇل ۋاڭى، ئىسلام دىنى ۋە قۇمۇل تارىخىغا ئائىت تەكشۈرۈشلەر» ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار» 15 ـ قىسىم، 1987 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

㉓ جاۋ ئېنرۇ: «قۇمۇل ۋاڭى ۋە ئىسلام دىنى» ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ قوشۇمچە سانى، «غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) ئىسلام دىنى مۇھاكىمە يىغىنى (ئۈرۈمچى) ماقالىلەر توپلىمى» ، 1986 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

# بەشىنچى باب قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىدىن مىنگو دەۋرىگىچە بولغان مەزگىلدىكى مەدەنىيىتى

## § 1 . مىللەتلەرنىڭ ئۆتمۇشى

چىڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى بايان قىلىشتا، ئالدى بىلەن قۇمۇل رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆتمۇشى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر.

قەدىمكى ساك قوۋمى ئەسلىدە خېشى كارىدورىنىڭ غەربىي قىسمىدا ماكانلاشقان بولۇپ، غەربكە كۆچكەندىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە تارىم ئويمانلىقىغا ئورۇنلاشقان، شۇ قاتاردا شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغىمۇ تارقالغان.

ساكلاردىن كېيىن قۇمۇل رايونىدا ئۇيسۇنلار ۋە قوشلار ياشىغان. «خەننامە. جاڭ چيەننىڭ تەرجىمىھالى» دا كۇنبەگنىڭ ئاتىسى نەندومىينىڭ ئەسلىدە ئۇلۇغ توخرىلار بىلەن قوشنا ھالدا چىليەن تاغلىرى ۋە دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدا ياشىغان كىچىك ئەل ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. بۇ يەردىكى چىليەن تېغى شەرقىي تەڭرىتاغ بولۇپ، ھازىرقى دۇنخۇاڭنىڭ جەنۇبىدىكى چىليەنشەن تېغىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئاۋادا راستىنلا دۇنخۇاڭنىڭ جەنۇبىدىكى چىليەنشەن تېغى كۆرسىتىلگەن بولسا ئالايتەن «دۇنخۇاڭ بىلەن چىليەن تاغلىرى ئارىسىدا» دېگەن ئىبارە ئىشلىتىلمىگەن بولاتتى. چۈنكى، دۇنخۇاڭ چىليەنشەن تېغىنىڭ باغرىدىلا بولۇپ، دۇنخۇاڭ دېيىلگەندە ئەمەلىيەتتە چىليەنشەن تېغىنىمۇ ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى تارىخىي مەنبەدىكى «دۆڭخۇاڭ بىلەن چىلىيەن تاغلىرى ئارىسىدا» دېگەن ئىبارە ئېنىق ھالدا دۆڭخۇاڭدىن شەرقىي تەڭرىتاغقىچە بولغان جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان ئۇيسۇنلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تەڭرىتاغ ۋادىسىدا يەنە قوشلارمۇ ياشىغان. مىلادىيە 2 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ كۆپ قىسىم ئۇيسۇنلار شەرقىي تەڭرىتاغ ۋادىسىدىن ئىلى دەرياسى بويلىرىغا كۆچكەن. بۇنىڭ بىلەن قوشلار شەرقىي تەڭرىتاغ ۋادىسىدىكى ئاساسىي قوۋم بولۇپ قالغان. مىلادىيە 487 - يىلى قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغۇز قەبىلىسى ئاۋار ھۆكۈمرانى تورۇنغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، 100 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ غەربكە كۆچكەن ۋە قوشلارنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدا دۆلەت قۇرغان. قاڭقىللار قوشلار بىلەن يېقىن قېرىنداش قوۋملاردىن بولغاچقا تېزلا شەرقىي تەڭرىتاغ ۋادىسىدا مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرالىغان. مىلادىيە 386 - يىلىدىن كېيىنكى ۋەقەلەر پۈتۈلگەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تېلېلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئېۋۈرغۇلنىڭ غەربى، ئاگنىنىڭ شىمالى ۋە ئاق تاغ باغرىدا قىبىئار (چۇبە)، بولۇ، چىگىل، كىسسۇ، پوناك، ئوغۇز، خاككاس، ئادىز، ئۇرانقاي قاتارلىقلار ماكانلاشقان، 20 مىڭ سەر خىل لەشكىرى بار.» بۇ تېلې قەبىلىلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ ۋاقىتتا ئېۋۈرغۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا خېلى كۆپ تېلېلار تىرىكچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ تەيخې 10 - يىلى (مىلادىيە 488 - يىلى) دىڭلىڭلار پىشامشان دۆلىتىنى خاراب قىلغاندىن كېيىن، پىشامشان ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى شىمالغا كۆچۈپ، ئارا تورۇكنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 60 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى لاپچۇققا كېلىپ ماكانلاشقان. جېنگۇەنىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 630 -

يىلى) بۇ جايدا لاپچۇق ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان.
شەرقىي تەڭرىتاغ ۋادىسىدا تېلېلار كۆپ بولغاچقا، جېنگۇەن
يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى بوساد 5000 چە-
ۋەنداز بىلەن ئېۋىرغولنىڭ شەرقىدە تۈركلەرنىڭ 100مىڭ كىشى-
لىك قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلالىغان. شۈبھىسىزكى ئۇ مۇشۇ ئەت-
راپتىكى تېلې قەبىلىلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى
ئارقىسىدا غەلىبە قازانغان. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرى-
سى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «جېنگۇەن يىللىرىنىڭ باشلىرى بو-
ساد بىلەن سىر - تاردۇشلار تۈركلەرنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا
ھۇجۇم قىلدى. تۈرك ئىلىك قاغان ئوغلى يوقۇق شادنى 100
مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن جازا يۈرۈشىگە ئەۋەتتى. بوساد
5000 چەۋەنداز بىلەن ئۇلارنى مالى تېغىدا مەغلۇب قىلىپ،
تەڭرىتېغىغىچە قوغلاپ كەلدى ۋە قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۇلارنى
قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، نۇرغۇنلىرىنى ئەسىر ئالدى. شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن ئۇيغۇرلارنىڭ نامى ھەممە ياققا تارالدى.» تەتقىقاتلارغا
ئاساسلانغاندا مالى تېغى ھازىرقى ئارا تۈرۈك، قۇمۇل قاتارلىق
جايلارنىڭ شەرقىدىكى مازوڭشەن ئەتراپلىرى ئىكەن. بۇ تارىختا
ئاز قوشۇننىڭ زور قوشۇننى مەغلۇپ قىلغانلىقىغا دائىر تىپىك
بىر مەيدان جەڭ ھېسابلىنىدۇ.
ۋېي - جىن ۋە جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدە
ئېۋىرغول (ھازىرقى قۇمۇل) رايونى تەۋەسىدە سىرلار (سيانپى-
لار)، جورجانلار، تۈركلەر ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن ۋە كۆچ-
مەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. توغبات سيانپىلىرى قو-
رۇپ چىققان شىمالىي ۋېي خانلىقى بىلەن جورجانلار ۋە قاڭ-
قىللارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى چېگراسى ھازىرقى قۇمۇلنىڭ شىما-
لىدىكى تەڭرىتاغ رايونى بولغان. مىلادىيە 6 - ئەسىردە باش
كۆتۈرگەن تۈرۈك خانلىقى قۇمۇل، بارىكۆل، ئارا تۈرك قاتارلىق
جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا يەنە كۆپلىگەن تۈركلەر بۇ جايدا

كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. بارىكۆلدىكى شىرىنزا يېزىسى ۋە ئارا تۈرۈكتىكى قوتوغول يېزىسى تەۋەسىدىن تۈرك قەبرىلىرى ۋە بالباللىرى تېپىلدى. بۇنىڭدىن سىبىر، جورجان، تۈرك قاتارلىق قوۋملارنىڭ كېيىنچە شۇ يەردىكى ئەسلى ئاھالىلەرگە سىڭدىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مىلىك سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل رايونىدىكى ئاساسىي ئاھالە ھەققىدە ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەر پۈتۈلگەن. مىلىك شياۋزۇڭنىڭ خوڭجى يىللىرى لەشكىرىي پىرقىنىڭ دۇۋان بېگى ماۋېنشىڭ (خۇيزۇ) «گۈللەنگەن قۇمۇل پادىشاھلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە قۇمۇلدا خۇيخۇي، ئۇيغۇر، قاراخۇي قاتارلىق ئۈچ قوۋمنىڭ ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانلىقىنى قەيت قىلغان. بۇ يەردىكى خۇيخۇي ئىسلامغا كىرىپ بولغان ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇر دېيىلگەنلەر تېخىچە بۇددىزم ئېتىقادىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى، قاراخۇي دېگەنلەر بولسا موڭغۇللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، قۇمۇل رايونىدا ئىسلام دىنىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن. ئىسلامغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلار ۋە قاراخۇيلار بولسا، دائىم مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىي تېپىشى دەستىدىن ئۇزلۇكسىز گەنسۇدىكى سۇجۇ ئەتراپلىرىغا كۆچكەن. ماۋېنشېڭ «گۈللەنگەن قۇمۇل پادىشاھلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە يەنە مۇنداق قەيت قىلغان: «قارا خۇيلار ئۇۋچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ھەر قايسى تائىپىلەر ئەندىشە سەۋەبىدىن قۇمۇل شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىر قىسمىنى سۇجۇغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرىدۇ ۋە شۇندىلا خاتىرجەملىك ھېس قىلىدۇ.» بۇنىڭدىن مىلىك سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ قۇمۇلدا مۇتلەق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

قۇمۇلنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ قەدىمدىنلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن غەربىي يۇرتقا كىرىشتىكى ئېغىز ئىدى. قەدىمكى خەن سۇلالىسى زامانىسىدىلا خەنزۇلار غەربىي يۇرتقا كىرگەن بولۇپ، ئىككى خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، تېخىمۇ نۇرغۇن خەنزۇلار قۇمۇل رايونىغا كېلىپ ماكانلاشقان. شەرقىي خەن سۇلالىسى مىڭدىنىڭ يوڭپىڭ 16 - يىلى دۇگۇ، گېڭ بىڭ قاتارلىقلار شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا ھونلارنىڭ قويان خانىنى مەغلۇپ قىلغان. ئارقىدىنلا ئىۋۇرغولدا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان. بۇ يەردىكى ئىۋۇرغول ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىگە يېقىن جايلارنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنكى سۇلالىلەرمۇ ئىۋۇرغولدا لەشكىرىي بوز يەر ئېچىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن. ئەلۋەتتە بوز يەر ئاچقۇچى بۇ لەشكەرلەر پۈتۈنلەي خەنزۇلار بولغان. شۇڭا، خەنزۇ مەدەنىيىتى قۇمۇل رايونىدا تارىختىن بېرى ياشىغان ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

## § 2 . قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى

«جىننامە. كۈي تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «توغرا نەي — غۇز سازى، ئىككى بېشىدا كىچىككىنە ئىككى مۈڭگۈزى بولىدۇ. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن غەربىي ئاستانىگە تارقالغان. بۇنىڭدا ماخادۇر كۈيىنى چالغىلى بولىدۇ. لى يەننيەن غۇز مۇزىكىلىرىغا ماھىر بولغاچقا، يېڭىدىن 28 كۈي ئىجاد قىلغان». بەزىلەر تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ماخادۇر» دىكى «ماخا» «چوڭ» دېگەن مەنىدە، «دۇر» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ناخشا» ياكى «مۇزىكا» دېگەن مەنىدە، «ماخادۇر» دېگەنلىك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۇلۇغ

دۇر، يەنى ئۇلۇغ كۈي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارىماقتا①. ھالبۇكى بۇ يەردىكى «ماخادۇر» سۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇشى ناتايىن. چۈنكى، قەدىمدىن تارتىپلا قومۇل كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئوخشاشلا ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر بولغان، ئۇلارنىڭ كۆپ خىل مۇزىكىلىرىنىڭ بولغانلىقىمۇ ھەم ھەقىقەت. جاڭ چيەن باشچىلىقىدىكى غەربىي يۇرتقا بارغانلار مەزكۇر جاينىڭ خەلق ئەلنەغمىلىرىنى ئېلىپ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلنەغمە مەھكىمىسىنىڭ بېگى لى يەننيەن خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «ماخادۇر» غا ئاساسەن، مۇنداق 28 كۈينى ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ چىققان: «ئاق قۇ»، «خېشى»، «قوۋۇقتىن چىقىش»، «قوۋۇقتىن كىرىش»، «قورۇلدىن چىقىش»، «قورۇلغا كىرىش»، «ئېگىلگەن تاللار»، «سېرىق قاپقا»، «قىزىل كۈن»، «يولۇچى»، «قىزىل قاقىر»، «خىيالچان بوۋاي»، «تىڭ ئەمەن»، «ئەرىش بابى»، «ئايرىلىش»، «جەنۇبىي قوۋۇقتىكى سوقۇش»، «ۋۇشەن تېغى»، «خان مەقبەرىسى»، «جياڭجىن مېيى» «تۆرەمنىڭ ئېتى»، «ئوچۇق دالا»، «خىيال»، «قىرغاۋۇل»، «ئەۋلىيانىڭ قەدىمى»، «خاننىڭ نوقسانى»، «گاۋتەي راۋىقى ئاستىدا»، «ۋاقىتقا رىئايە»، «تاش مايسا». بۇنىڭدىن «ماخادۇر» نىڭ چوڭ تىپتىكى سىمفونىيە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بولمىسا لى يەننيەن ماخادۇرغا ئاساسلىنىپ بۇنچىۋالا كۆپ كۈينى تۈزۈپ چىقالمايتتى.

بۇ ماخادۇر سىمفونىيىسى ۋېي - جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر ۋە سۇي - تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ باشلىرىدا تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ مۇكەممەل «ئېۋىرغول نەغمىسى» بولۇپ شەكىللەنگەن. «تاڭ كۈيلىرى شەرھى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «كەييۈەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى، شىلياڭ ساتراپى گەي جيايۈن ئېۋىرغول كۈيلىرىنى ئېلىپ كىردى.» تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىن-

گۈەن 4 ـ يىلى ( مىلادىيە 630 ـ يىلى ) ، تاڭ سۇلالىسى سۇي سۇلالىسى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان ئىپۇرغول ۋىلايىتىنى غەربىي ئىپۇرغول ئايمىقى، دەپ ئۆزگەرتكەن. ئىككى يىلدىن كېيىن ئىپۇرغول ئايمىقى، دەپ ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىپۇرغوللۇقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كىرگەن كۈيلەرمۇ «ئىپۇرغول نەغمىسى» ، دەپ ئاتالغان. شائىرسېن سەننىڭ «يۇمېن قوۋۇقىدا گەي سانغۇنغا مەدھىيە» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

«گەي سانغۇننىڭ نامىغا پۈتكۈل ئىقلىم قول قويار،
بەش مىڭ سەرۋاز ھەر قاچان يۈرەكلىرى توق تۇرار.
زېرىككەندە سەرۋازلار شادلىقىنى ئىزلەپ تاپار،
پانۇس يېقىپ ھۆر قىزلار ئالتۇن جامغا مەي قۇيار.
زىل كۈيلەر ياڭرىسا كىشى ھەممىنى ئۇنتار،
نېسىپ بولغاچ ئاڭلىماق شادلىقتىن بولدۇق بىدار».

بۇنىڭدىن سانغۇن گەي جيايۇننىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلنى تولىمۇ ياقتۇرىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى، قۇمۇلنىڭ ئەينى چاغدا شۇ سانغۇننىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. قۇمۇل رايونىدىكى خەلق مۇزىكىلىرى ئەكېلىنگەندىن كېيىن، قايتىدىن ئىشلەنگەن ۋە تېكست سېلىنغان، شۇنداقلا «يات مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇللار ۋە تۈرلۈك ئويۇنلارنى مەشىق قىلىپ سەھنىگە ئېلىپ چىقىدىغان» ، ئويۇنخانىلار ئارقىلىق قايتا ئىشلەپ چىقىلغان. سۇي لىڭچىن «ئويۇنخانا خاتىرىلىرى» دە مۇنداق دېگەن: «ئويۇنخانا ئەھلى ئىپۇرغول ئۇسسۇلىنى ۋە كۈيىنى ئۆگىنىۋاتقانىكەن، بەش كۈن ئۆتۈپ قايتا كەلسەم يەنە شۇنى ئۆگىنىۋېتىپتۇ.» «يازما پۈتۈكلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» دە ئىپۇرغول ئايمە-

قى نامىدىكى ئىككى كۈي تىلغا ئېلىنغان. غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكىلىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن مۇزىكىلار، ئەينى ۋاقىتتا ئەمەلدار ـ تۆرىلەر ئارىسىدا، ئويۇنخانا، چايخانا، مەيخانىلاردا ۋە كوچا ـ كويلاردا ھەممىگە تونۇشلۇق نادىر مۇزىكىلاردىن بولۇپ قالغان. ئەينى ۋاقىتتىكى مەشھۇر شائىرلار مۇنداق يېزىشقان:

«تونۇش كونا نەغمىلەر قاياققىدۇر يوقالدى،
شياۋيۇ ئۆگەنگەن نەغمىلەر ئېۋىرغولدىن كەلدى.
كامىللىقنى ئىستىگەن يىگىت ئاتقا يول ئالدى،
كولدۇرمىغا ئەگىشىپ نەغمە ئېۋىرغولدىن كەلدى.
ئالتۇن قەسرە ـ ئايۋاننىڭ نەقىشلىرى تۆكۈلدى،
كۆزلەردىن ياش تامچىتقان نەغمە ئېۋىرغولدىن كەلدى.
بەگزادىلەر چىللاندى ئاي راۋاققا بەزمىگە،
جۈپ-جۈپ بولۇپ ئېيتىلغان نەغمە ئېۋىرغولدىن كەلدى.»
«خوڭئېر ئېيتسا ‹يىجۇ› نى زەپ يېقىملىق ئاڭلاندى،
لۇچۇاڭ چالسا ‹يىجۇ› نى شايى پەردە ئېچىلدى».

ئەينى ۋاقىتتىكى مەشھۇر سەنئەتكارلاردىن لى گۇينيەن، شياۋ يۇ، دۇخوڭئېر، جىن ۋۇيۇن قاتارلىقلار ئېۋىرغول كۈيلىرىنى ئورۇنلاش ماھىرلىرىدىن بولغان. كەيىۇەن يىللىرىدا، تاڭ شۇەنزۇڭ لى لوڭجى ھەيۋەتلىك «كۇسەن ئەلنەغمىلىرى مەرىكىسى» ئۆتكۈزگەندە شىڭچىڭ قەسرىدىكى دوڭچېنشياڭ راۋىقىدا سازلار ئەۋجىگە چىققان، ياڭ گۇيفېي «غۇز پىرقىرىما ئۇسۇلى» نى ئوينىغان، لى گۇينيەن ۋاڭ ۋېينىڭ يەتتە سۆزلۈك «ئېۋىرغول ناخشىسى» نى ئورۇنلىغان:

«سەلكىن شاماللىق كېچە قايغۇ بولدى ھەمراھىم،

لەشكەرلىكتە ئۆتتىغۇ بىھۇدىلا ئۇن يىلىم،
قوشۇن بىلەن بىرلىكتە ئەجىر قىلسامىمۇ بىراق،
تۇرنا قايتقاندا ئاران يولللاندى بۇ مەكتۇبىم».

كېيىن ۋاڭ ۋېينىڭ «ئىككى ئەلچىنى ئەنشىگە ئۇزىتىش» دېگەن شېئىرى يېزىلغاندىن كېيىن، ئويۇنخانىلاردىكى ئەلنەغمەچىلەر ۋە رەققاس سەتەڭلەر بۇ شېئىرنى «ئېۋىرغول كويى» گە سېلىپ تالىشىپ دېگۇدەك ئېيتىشقان:

«سىم - سىم ياغقان يامغۇرلار ئاستانىگە يارىشار،
ئايۋان - ساراي ئىچىدە كۆك چىملىدىق كۆز قىسار.
يەنە ئىچىڭ بىر قەدەھ قىز قولىنى قايتۇرماڭ،
شۇندا ياڭگۇەندىن چىقسىڭىز رەقىبلەر بەدەر قاچار».

بۇ ناخشا تارقىلىش بىلەنلا مودا ناخشىلاردىن بولۇپ قالغان ھەم ئەينى ۋاقىتتا «يامغۇرلۇق ئاستانە قەسىدىسى» ياكى «ياڭگۇەن قەسىدىسى» دەپ ئاتالغان. «ياڭگۇەن قەسىدىسى» نىڭ سۆز - جۈملىلىرى جانلىق، كويى ئۇدارى تەسىرلىك بولۇپ، بەي جۈيى «ياڭگۇەن قەسىدىسى ئەستە قالدۇرۇشقا ئوڭاي، تولىمۇ پاساھەتلىك قوشاق» دەپ تەرىپلىگەن. ئۇنىڭ بۇ تەسۋىرى «ئېۋىرغول كويى» نىڭ جەزبىدار ۋە يېقىملىقلىقىنى تولۇق سۈرەتلەپ بېرەلەيدۇ.
سوڭ دەۋرىگە كەلگەندە «ئېۋىرغول چوڭ كويى» يەنىلا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. جەنۇبىي سوڭ سۇلالىسىدىكى خوڭ مەي «روڭجەي گۇلشىنىدىكى خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: «ھازىرقى ئەلنەغمە مەھكىمىسىدىكى چوڭ كوي تاڭ دەۋرىدىكى يىجۇ، لياڭجۇ، شىجۇ، ۋېيجۇ قاتارلىق بەش ئايماقنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان كويلەردىن كەلگەن. بۇلاردىن يىجۇ

( ئېۋىرغول) كۈيى ۋە لىياڭجۇ كۈيى ئەڭ مەشھۇر. » «ئېۋىرغول كۈيى» يۆ ئۇدارى، داشى ئۇدارى، يۇقىرى داشى ئۇدارى، قوش ئۇدار، شياۋشى ئۇدارى، شىجى ئۇدارى، شاڭ ئۇدارى قاتارلىق يەتتە ئۇدارغا بۆلۈنگەن. سوڭ دەۋرىدىكى گوماۋچيەن «ئەلنەغمە مەھكىمىسىدىكى شېئىرلار» نىڭ 79 ـ جىلدىغا «ئېۋىرغول چوڭ كۈيى» نىڭ تولۇق تېكىستىنى كىرگۈزگەن بولۇپ، بەش قوشاق، بەش بۆلەك، جەمئىي ئون كۈپلېت شەكلىدە خاتىرىلىگەن. يەنى بىرىنچى قوشاق (يەتتىلىك) ، ئىككىنچى قوشاق (يەتتىلىك) ، ئۈچىنچى قوشاق (بەشلىك) ، تۆتىنچى قوشاق (بەشلىك) ، بەشىنچى قوشاق (بەشلىك) ؛ بىرىنچى بۆلەك (يەتتىلىك) ، ئىككىنچى بۆلەك (يەتتىلىك) ، ئۈچىنچى بۆلەك (يەتتىلىك) ، تۆتىنچى بۆلەك (بەشلىك) ، بەشىنچى بۆلەك (بەشلىك) . ئۇ يەنە نۇرغۇن پارچىلارغىمۇ ئايرىلغان. مەسىلەن، «ئېۋىرغول ئامبىلى» ، «كىچىك ئېۋىرغول» ، «ئېۋىرغول قوشىقى» . كېيىن بۇنىڭدىن يەنە «ئالتە ئايماق ناخشىسى» ، «ئالتە ئايماق» ، «ياڭگۈەن ئۈچ قوشىقى» ، «ياڭگۈەن رىشتىسى» ، «قەدىمىي ياڭگۈەن» دېگەندەك پارچىلارمۇ شاخلاپ چىققان.

«ئېۋىرغول چوڭ كۈيى» سوڭ، يۈەن دەۋرلىرىدىكى ئوردا تىياتىرلىرى ۋە ئەلنەغمىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ۋاڭ گوۋېي «سوڭ، يۈەن دەۋرلىرىدىكى ئەلنەغمىلەر ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە «ئىككى سوڭ سۇلالىسىدىكى ئوردا تىياتىرلىرى 280 خىل، بۇلاردىن چوڭ كۈي بىلەن ئورۇنلىنىدىغىنى 103 خىل» ، دەپ قەيت قىلغان. يۈەن دەۋرىدىكى جۇ دېچىڭ يازغان «ئوتتۇرا ئىقلىم كۈيلىرى» دىمۇ «ئېۋىرغول قوشىقى» ، «بەشبالىق ۋە يىجۇ» دېگەن كۈيلەر بولغان. يەنە شۇ زاماندىكى جوڭ سىچېڭ قاتارلىقلار يازغان «ئەرۋاھ خاتىرىسى» نىڭ شياۋشى ئۇدارى بەشىنچى بۆلىكىدە ئېۋىرغول قوشىقىدىن بىرى، داشى ئۇدارى 21 ـ بۆلىكىدە «ياڭگۈەن ئۈچ قوشىقى»

بولغان.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە «ئىۋىرغول كۈيى» شىمال تىياتىرىنىڭ مۇھىم كۈيلىرىدىن بولۇپ قالغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇشى يازغان «مەرۋايىت قولۇقى» ناملىق ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «قەدىمدە ھەممە ئىقلىمدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس كۈيلىرى بولغان. ھالا بۈگۈنكى كۈندە ناخشا - كۈيلەر جەنۇب ۋە شىمال كۈيى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، يىجۇ، لياڭجۇ، گەنجۇ، ۋېيجۇ كۈيلىرى ئەسلىدە مەغرىب كۈيى بولغان، ھازىر ئومۇملاشتۇرۇپ شىمال كۈيى دەپ ئاتىلىدۇ.» يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ باشلانغان تاڭ نەزمىلىرىنى ئىۋىرغول كۈيلىرىگە سېلىپ ئېيتىش ھادىسىسى بىر تەرەپتىن ئىۋىرغول ئەتراپلىرىدا بوزيەر ئاچقان لەشكەرلەرنىڭ يۇرتنى ۋە قوۋم - قېرىنداشلىرىنى سېغىنىش كەيپىياتىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئەتراپتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە بىرىكىپ ئۇلار-نىڭ ناخشا - ئۇسسۇلىغا مەپتۇن بولۇپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

## § 3 . قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىڭ دەۋرىدىن بۇيان-قى مۇزىكا - ئۇسسۇللىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر

15 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، قۇمۇل ئۇي-غۇرلىرىنىڭ چوڭ تىپتىكى مۇقاملىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىل-لىپ 19 يۈرۈش مۇقام بولۇپ شەكىللەنگەن. ھەربىر مۇقام ئۈچ ئاساسىي قىسىمدىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى بۆلەك، «چوڭ نەغمە» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئەڭ ئاۋۋال مۇزىكا

ئورۇندىلىدۇ. ئاندىن مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىنىپ ناخشا ئېيتىلىدۇ. ئىككىنچى بۆلەك، «داستان» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ناخشا ۋە ئۇسسۇل تەڭ ئورۇندىلىدۇ. قەدىمكى قائىدە بويىچە ناخشا ئېيتقۇچىلار ئۇسسۇل ئوينىمايدۇ، ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلار ناخشا ئېيتمايدۇ. ئۈچىنچى بۆلەك، «مەشرەپ» دېيىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇسسۇل ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇسسۇلغا ماسلاشتۇرۇپ يەنە ناخشىمۇ ئېيتىلىدۇ. بۇ پۈتكۈل مۇقامنىڭ ئەڭ شوخ، ئەڭ جىددىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. قۇمۇل مۇقاملىرى قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ مۇقاملىرىغا سېلىشتۇرغاندا تەركىبىدە خەلق مۇزىكىلىرى كۆپرەك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، تاغلىق رايون مۇقاملىرىدا خەلق تۇرمۇشى قويۇق ئىپادىلەنگەن ناخشىلار تېخىمۇ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مۇزىكا قۇرۇلمىسى جەھەتتىن خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇسسۇللىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەخسۇس تەييارلانغان چالغۇ - ئەسۋابلىرى بىلەن ئورۇندىلىدىغان قىستۇرما كۈيلەر بولمايدۇ. قەشقەر مۇقاملىرى بولسا كۆپ خىل تەركىبتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر بىر مۇقامدا خەلق سەنئەتكارلىرى ياكى سازەندىلىرى ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن قىستۇرما كۈيلەر بولىدۇ.

چىڭ دەۋرىدىن بۇيانقى قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ناملىرى ئۈچ مەنبەنى ئاساس قىلغان: (1) قەدىمكى «ماخادۇر» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. 19 مۇقامنىڭ ئىچىدە 1 - ۋە 2 - مۇقام «دۇر» مۇقامى، 15 - مۇقام «ئۇلۇغ دۇر مۇقامى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇ مۇقاملارنىڭ مۇزىكىلىرى پۈتۈنلەي قۇمۇل، ئاراتۈرۈك رايونىدىكى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىدىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭدا يەنە بىر قىسىم خېلى قەدىمىي مۇزىكىلارمۇ ساقلىنىپ قالغان. (2) قەشقەر، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن تارقىلىپ كەلگەن مۇقاملاردىن «چەبىيات»، «مۇشاۋىرەك»، «ئۆزھال»، «ئىراق»، «چارىگاھ»

قاتارلىقلارمۇ بولغان. ئەمما، ئۇلار تارقىلىش جەريانىدا ئاساسەن دېگۈدەك قۇمۇل، ئاراتۇرۇك رايونىدىكى ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، قۇمۇل خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. (3) شايار، ئاۋات قاتارلىق جايلاردىن تارقالغان «دولان مۇشاۋىرەك»، «مۇستەزات» قاتارلىق دولان مۇقاملىرىمۇ بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە «12» ئەڭ مۇكەممەل رەقەم بولغانلىقتىن 19 مۇقام يەنە 12 مۇقام بولۇپ ئىخچاملانغان.

| ئەسلىدىكى 19 مۇقام ناملىرى | ئىخچاملانغان 12 مۇقام ناملىرى |
|---|---|
| 1. دۇر مۇقامى | 1. يۇردۇم ئالدىم مۇقامى |
| 2. ئىككىنچى دۇر مۇقامى | |
| 3. مۇستەزات مۇقامى | 2. يالغۇز تۇيۇن مۇقامى |
| 4. ئىككىنچى مۇستەزات مۇقامى | |
| 5. خۇپتى مۇقامى | 3. خۇپتى مۇقامى |
| 6. ئىككىنچى خۇپتى مۇقامى | |
| 7. چەبىيات مۇقامى | 4. جانىكەم مۇقامى |
| 8. ئىككىنچى چەبىيات مۇقامى | |
| 9. مۇشاۋىرەك مۇقامى | 5. دەردىنگە داۋا مۇقامى |
| 10. ئىككىنچى مۇشاۋىرەك مۇقامى | |
| 11. ئۇزهال مۇقامى | 6. دەردىلىۋا مۇقامى |
| 12. ئىككىنچى ئۇزهال مۇقامى | |
| 13. ئىراق مۇقامى | 7. چوڭ دەردى يامان مۇقامى |

| | |
|---|---|
| 14. دولان مۇشاۋرەك مۇقامى | 8. دولان مۇقامى |
| 15. ئۇلۇغ دۆر مۇقامى | 9. هاي-هاي ئۆلەن مۇقامى |
| 16. زاك مۇقامى | 10. سايراڭ بۇلبۇلۇم مۇقامى |
| 17. چارىگاھ مۇقامى | 11. چارىگاھ مۇقامى |
| 18. ئىككىنچى چارىگاھ مۇقامى | |
| 19. دۆگاھ مۇقامى | 12. كىچىك دەردى يامان مۇقامى |

ئىخچاملانغاندىن كېيىنكى 12 مۇقام ئاساسەن مۇقاملاردىكى خەلق ناخشىسى ياكى ئۇسسۇلنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، «هاي - هاي ئۆلەن» قەدىمكى خەلق نەغمىسىنىڭ نامى؛ «دەردى يامان» ، «سايراڭ بۇلبۇلۇم» شۇ مۇقاملاردىكى بىرىنچى خەلق ناخشىلىرىنىڭ نامى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قۇمۇل، ئارا تۈرۈك رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ئاساسەن ساتار، تەمبۇر، راۋاب، ناغرا، دۇتار قاتارلىقلار تەڭكەش قىلىنغان. يەنە «غېجەك» (خۇخۇزا) دەپ ئاتىلىدىغان چالغۇ بولۇپ، بۇ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزگىچە چالغۇ ئەسۋابى هېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەتتىكى غېجەكتىن چوڭراق بولۇپ، بېشى تۆمۈردىن ياسىلىدۇ. قوي تېرىسى كېرىلىپ ئىككى تال ئاساسىي تارا بېكىتىلىدۇ، يەنە بىر قانچە ياڭرىتقۇ تارىسى بولىدۇ. چالغاندا ئاۋازى سۈزۈك ۋە مۇڭلۇق چىقىدىغان بولۇپ، كىشىلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان چالغۇ هېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار رايونىدا مەشرەپ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. قۇمۇل، ئارا تۈرۈك رايونلىرىدا مەشرەپ ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلاردا كۆك مەشرىپى، قار مەشرىپى، توي مەشرىپى، باهار مەشرىپى، ياغلىق مەشرىپى دېگەندەك مەشرەپلەر

بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىۋى خەلق ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق يىغىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، كۆك مەشرىپىدە ئاۋۋال مەشرەپ بەرگۈچى بوغداي ئۇرۇقىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى چىنىدە ئۆستۈرىدۇ، مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن ئۆز كەنتى تەۋەسىدىكى كىشىلەرنى مەشرەپكە چاقىرىدۇ. مەشرەپ باشلانغاندا ئاۋۋال شوخ ناغرا چېلىنىدۇ، ئارقىدىنلا غېجەكچى يېقىملىق مۇقام كۈيلىرىدىن ئورۇندايدۇ. ئاندىن بىر ئەر ياكى ئايال ياكى بىر جۈپ كىشى باشلانمىسىنى ئېيتىدۇ ۋە پۈتۈن سورۇندىكىلەرنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ. ئۇسسۇل تازا قىزىغاندا ساھىبخان مايسا ئۈنگەن ئىككى ساپال چىنىنى پەتنۇس بىلەن كۆڭلى خالىغان بىر كىشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئۇسسۇل ئوينىغاچ بېيىت ئېيتىدۇ②:

«مۇز ئۈستىدە ئۈندۈردۇق دانە بوغداينى،
سوغارغىلى ئەر بارمىكىن شۇبۇ بوغداينى،
سوغارغىلى ئەر بولسىدى شۇبۇ بوغداينى،
كېچە ـ كۈندۈز ياد ئېتۇرمىز ئۇستۇن خۇدانى.
شۇ كۆڭۈللەر خۇشلۇقىدىن كۆك ئويۇننى باشلىدۇق،
غازنى ئۇتتۇز، قوينى توققۇز ھەممىنى تەك راسلىدۇق.
نەغمىچى لازىم دېسە ئۈچ جۈپ ھاپىزنى راسلىدۇق،
چالغىلى بەرباب، غېجەك، قالۇن، ساتارنى راسلىدۇق.
كۆكنى تۇتتۇم ئۆزلىرىگە چاققان كېلىپ خۇش ئالسىلا،
بۇ كۆكۆمنى ئېلىپ قويۇپ ئۇيدەككىنە ياتمىسىلا».

ساھىبخان بېيىتىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن پەتنۇسنى قوش قوللاپ ئۆزى تاللىغان كىشىگە ھۆرمەت بىلەن سۇنىدۇ. بۇ كىشى شۇنىڭ بىلەن كېلەر يىلقى كۆك مەشرىپىنىڭ ساھىبخانىسى بولۇپ قالىدۇ. پەتنۇس ئالغۇچى كىشى پەتنۇسنى تەزىم

بىلەن ئالغاندىن كېيىن «بارىكاللا» دېيىش ئارقىلىق ئۆز تەشەك-
كۈرىنى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن ساھىبخان ۋە بولغۇسى ساھىبخان
قولىنى كۆكسىگە قويۇپ كۆپچىلىككە ئېگىلىپ سالام بېرىدۇ ۋە
مەشرەپ ئەھلىنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ. مەشرەپ شۇنىڭ بىلەن
تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ. مەشرەپ ئادەتتە كەچقۇرۇندىن تۈن
نىسپىگىچە داۋاملىشىدۇ. كۆك مەشرىپىنىڭ ئۇسسۇللۇق ھەرى-
كەتلىرى ئۆزگىچە قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ،
رىتىمى ئاستا، چېكىتمىلىرى پۇختا بولىدۇ، قەدەم ئېلىنغاندا
كۆپىنچە پۇتنىڭ ئۇچىدا ئېلىنىدۇ.

بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەشرەپلەر كەڭ ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىن كەلگەن، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن
خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ
كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان ھەم
ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچى-
لىقتا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكىنى، ئىشلەپچىقىرىش
راۋاجلانغاندىلا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ
يەتكەنلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ
بارغان كىشلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ئەمگەك ئۇسسۇللىرىدىن
تېرىم ئۇسسۇلى، ئورما (يىغىم) ئۇسسۇلى، قوناق ئورۇش
ئۇسسۇلى، سەۋزە يۇلۇش ئۇسسۇلى، موزاي بېقىش ئۇسسۇلى،
ئات كۆندۈرۈش ئۇسسۇلى، كىگىز ئېتىش ئۇسسۇلى، گىلەم
توقۇش ئۇسسۇلى، سۈت سېغىش ئۇسسۇلى قاتارلىقلار بار ئى-
كەن. كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيەتلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بول-
غان ئۇسسۇللاردىن توي ئۇسسۇلى، چاي تۇتۇش ئۇسسۇلى، بۆ-
شۈك ئۇسسۇلى، باش چۈشۈرۈش ئۇسسۇلى، سەرگەردان ئۇسسۇ-
لى قاتارلىقلار بار ئىكەن. تەقلىدىي ئۇسسۇللاردىن توخۇ ئۇسسۇ-
لى، تۆگە ئۇسسۇلى، ئات ئۇسسۇلى، تۈلپار ئۇسسۇلى، قارغۇ

ئات ئۇسسۇلى، ئاق تۇلپار ئۇسسۇلى، ئايغىر ئۇسسۇلى، ئاقساق ئات ئۇسسۇلى، ئېيىق ئۇسسۇلى، ئۆچكە ئۇسسۇلى، قارچىغا ئۇسسۇلى، ئاق قۇ ئۇسسۇلى، چاشقان تۇتقان مۈشۈك ئۇسسۇلى قاتارلىقلار بار ئىكەن. قولدا نەرسە تۇتۇپ تۇرۇپ ئوينايدىغان ئۇسسۇللاردىن چىنە ئۇسسۇلى، پەنەر ئۇسسۇلى، قوشۇق ئۇسسۇلى، داپ ئۇسسۇلى قاتارلىقلار بار ئىكەن. دىن بىلەن باغلىنىشلىق ئۇسسۇللاردىن ئوت ئۇسسۇلى، يەر ئۇسسۇلى، سەكرىمە ئۇسسۇل، جىن ئۇسسۇلى، يالماۋۇز ئۇسسۇلى (باخشى ئۇسسۇلى) قاتارلىقلار بار ئىكەن③. بۇ ئۇسسۇللار ئاساسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىن كەلگەن بولۇپ، ئازغىنە بىر قىسمى دىنىي ھادىسىلەردىن كەلگەن.

قۇمۇل ۋە ئارا تۈرۈك ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا يەنە «سەنەم» ئۇسسۇلى كەڭ تارقالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «سەنەم» ئەڭ دەسلەپ «ساھىبجامال بۇدساتۋا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئۇ بۇددىزم گۈللەنگەن مەزگىللەردە پەيدا بولغانىكەن. ھازىرمۇ مۇنداق بىر خىل قوشىقى تارقىلىپ يۈرمەكتە:

«ئاۋۋال دۇنيا يوق ئىدى،
پەيدا بولدى يار سەنەم.
پاچىق بىلەن سۈرەتنى،
ئادەم قىلدى يار سەنەم».

قەدىمكى قۇمۇلدا، بولۇپمۇ سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇددا دىنى كەڭ ئومۇملاشقان. شۇڭا، قۇمۇل سەنەملىرىنى بۇددا ئۇسسۇللىرىنى مەنبە قىلغان دېيىشنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار. ھازىرقى قۇمۇل سەنىمىنىڭ ئاساسلىق شەكلى تۆۋەندىكىدەك:

(1) ئاۋۋال قۇمۇل غېجەكى (خوخۇزا) بىلەن مۇڭلۇق كۈي

باشلىنىدۇ.
(2) رىتىم ئاستا سۇرئەتتىن ئوتتۇراھال سۇرئەتكە، ئوتتۇراھال سۇرئەتتىن تېز سۇرئەتكە ئالمىشىدۇ، ئوتتۇرىلىقتا ناخشا قىستۇرۇلىدۇ.
(3) ناغرا بىلەن شوخ پەدە چېلىنىدۇ، ئاندىن ھەيۋەتلىك ئۇسسۇل كۆرۈنۈشى ئاخىرلىشىدۇ.
كىشىلەر ئەمگەكتىن ھارغاندا، يېقىن - يورۇقلىرىنى سېغىنغاندا، مۇشكۇلاتتا قالغاندا، كۆڭلى يېرىم بولغاندا سەنەم ناخشىلىرىنى ئېيتىپ سەنەمگە دەسسەيدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق بىئارامىلىقىنى، كۆڭۈل غەشلىكىنى تۈگىتىدۇ. توي - تۆكۈنلەردە، ھېيت - بايراملاردا، مەشرەپلەردە ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشلىرىدىمۇ سەنەم ناخشىلىرىنى ئېيتىپ سەنەمگە دەسسەش ئارقىلىق شادلىق كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ.
ئومۇمەن قۇمۇل، ئارا تۈرۈك ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتى مول مەزمۇنغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى جۇلالاندۇرۇپ تۇرغان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق بولۇپ كەلمەكتە.

## 4 § . خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

1697 - يىلى چىڭ سۇلالىسى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەردارى ئەبەيدۇللاغا «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق - تارخان» لىقىنى ھەدىيە قىلغاندىن تارتىپ 1931 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى جىن شۇرېن قۇمۇلدا «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» نى يولغا قويۇپ، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئاتا مىراس ھۆكۈمرانلىقىنى بىكار قىلغانغا

قەدەر قۇمۇل ۋاڭلىرى جەمئىي 233 يىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈز-
گەن. بۇ جەرياندا ئەبەيدۇللا جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار
جەمئىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن سىياسىي، ئىقتى-
ساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردە قويۇق مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاپ كەل-
گەن. خەنزۇ مەدەنىيىتى قۇمۇل ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە زور ۋە
چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن.

## 1. ئىدېئولوگىيە جەھەتتە

ئەبەيدۇللا جەمەتى چىڭ سۇلالىسى تەيىنلىگەن قۇمۇلنىڭ يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىغا بېقىندى مۇناسىۋەتتە بولغان. تارىختا قۇمۇل ۋاڭلىرى كۆپ قېتىم بېيجىڭغا سالامغا بارغان، شۇنداقلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدار - تۆرىلىرى بىلەن بىرلىكتە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئارتقۇزغان. بۇلار قۇمۇل ۋاڭلىرىنى خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇش پۇر-ستى ۋە ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بېشىر ۋاڭ «بېيجىڭدا ئالتە يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان»④. شۈبھىسىزكى ئۇ خەنزۇ تىل - يېزىقىنى پىششىق ئىگىلىگەن ھەم كۆڭزى تەلىماتلىرىنى-مۇ ئۆگەنگەن. شيې بىن شامەخسۇت ۋاڭنى تەسۋىرلىگەندە مۇن-داق يازغان: «خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدۇ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق بىلمەيدىغىنى يوق»⑤. لىن جىڭ ئۇ توغرۇلۇق «خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدۇ، ئەمەلدار - تۆرىلەر بىلەن سالام - سەھەت قىلىشقاندا قائىدە - يوسۇننى تولۇق بەجا كەلتۈر-دۇ»⑥ دېگەن. ئۇ يەنە «خەنزۇچە خەت بىلگەن، مانجۇچىدىنمۇ خەۋەردار بولغان»⑦. شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق گۈرۇ-ھى يادروسىدا خەنزۇ ئەقىلدارلىرىدىن بىرى بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىد-كى چوڭ كېڭەشلەرگە قاتناشقان ھەمدە قۇمۇل ۋاڭىغا مەسلىھەت-چى بولغان.

ئەبەيدۇللا جەمەتى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەۋەسىدە چەكسىز

هوقۇقتا ئىگە بولسىمۇ، يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسەتلىرىنى
ئىجرا قىلغان ھەم قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل
قىلغان. 1884 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن
كېيىن، باش مۇپەتتىش ليۇجىنتاڭ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھە-
يىلەردە مەكتەپ ئېچىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. شامەخسۇت ۋاڭ
مەبلەغ چىقىرىپ ئۇيغۇر بالىلىرىغا ئاتاپ مەكتەپتىن تۆتنى تە-
سىس قىلغان. بۇ مەكتەپلەردە ئاساسەن ۋاڭ، تەيجى، بەگ، چوڭ
ئاخۇنۇم ۋە موللىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئوقۇيدىغان بولۇپ، خەنزۇ
مۇئەللىملەر خەنزۇچە دەرس ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار
دەسلەپكى قەدەمدە خەنزۇچە دەستۇرلار ۋە كوڭزى تەلىماتى بىلەن
ئۇچراشقان.

كېيىن شامەخسۇت ۋاڭ يەنە «يىجۇ مەكتىپى»
( 伊州书院 ) نى تەسىس قىلغان. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى قۇمۇلدى-
كى ئەڭ چوڭ بىلىم يۇرتى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار «تۆت كىتاب»
( «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «مېڭزى»، «ماداراچىلىق»، «بۈيۈك
ئىلىم» )، «بەش دەستۇر» ( «نەزمىنامە»، «نەسىرنامە»، «پال-
نامە»، «يوسۇننامە»، «ئەمىنىيە» ) نى ئۆگەنگەن.

1902 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «خان تەرىپىدىن
بېكىتىلگەن شۆتاڭ نىزامى» نى تارقىتىپ، مەكتەپلەرنى بىردەك
باشلانغۇچ شۆتاڭغا ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بى-
لەن شامەخسۇت ۋاڭ يىجۇ مەكتىپىنى خۇسۇسىي 1 ـ باشلانغۇچ
شۆتاڭ ۋە خۇسۇسىي 2 ـ باشلانغۇچ شۆتاڭ قىلىپ ئۆزگەرتكەن.
چىڭ سۇلالىسىنىڭ پەرمانىدىكى مائارىپ نىشانى «خانغا سادىق،
كوڭزىنى ھۆرمەتلەيدىغان، قەلەمگە ھەم ئەلەمگە ماھىر، ھەقى-
قىي» تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش بولغاچقا، بۇ شۆتاڭلار
نامىدىن تاكى ئوقۇتۇش مەزمۇنىغىچە ئىسمى جىسمىغا لايىق كوڭ-
زى ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش سورۇنى بولغان. بۇ شۆتاڭلار-
نىڭ قۇرۇلۇشى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا كوڭزى ئىدىيىسى-

نىڭ تارقىلىشىدا غايەت زور رول ئوينىغان.
تارىختا ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك خانلىقلىرى ئەزەلدىن «خانغا سادىق بولۇش» ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىپ كەلگەن بولۇپ، فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، «خانغا سادىق بولۇش» ئىدىيىسى تېخىمۇ كۈچەيگەن. «خان پۇقراسىنى ئۆلۈشكە بۇيرۇسا پۇقرا دەرھاللا ئۆلىدىغان» ئىشلار ھەممىشە پادىشاغا بولغان مۇھەببەت يۈزىسىدىن بولاتتى. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئومۇمیۈزلۈك ئېتىقاد قىلىدىغان دىن بولۇپ، دىنىي تەلىماتلار ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە سىڭگەندى. ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىدا مۇسۇلمانلار پەقەت ئاللاغىلا چوقۇنۇشقا بولىدۇ، دېيىلگەچكە ئىسلام مەدەنىيىتىدە «خانغا سادىق بولۇش» ئىدىيىسى ئۇنچىۋالا گەۋدىلىك ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، كوڭزى ئىدىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، «خانغا سادىق بولۇش» ئىدىيىسىمۇ تەدرىجىي ھۆكۈمران سىنىپ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان.
قۇمۇل ۋاڭى كونتروللۇقىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەدرىسىلەردە، بالىلار مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرىشى بىلەنلا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى ئۆگەنگەن. يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسلەرگە چىققاندىن كېيىن بولسا، ۋاڭ ئوردىسى تەيىنلىگەن مۇدەررىسلەر ئۇلارغا ۋاڭ جەمەتىگە سادىق بولۇش ئىدىيىسىنى سىڭدۈرگەن. تالىپلار مەدرىسىنى تاماملاپ ئىشقا قويۇلغاندىن كېيىن، «ئاساسىي ۋەزىپىسى دىنىي ئەھكام ۋە يوسۇنلار ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا شەرتسىز بويسۇندىغان، ۋاڭلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان ئادەم بولۇشقا ئۈندەش بولغان»⑧. ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ ئاخۇن، مولللىرى مۇسۇلمانلارغا ۋەز - تەبلىغ قىلغاندا دائىم قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھىممەت - ئىلتىپاتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك پەش قىلغان: «چىنۋاڭ غوجام بىز مۇسۇلمانلارنىڭ پادىشاھى، كەرەملىك ھەر-

قاچان، ھەرزامان پۇقرالارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. پادىشاھنىڭ ئەمرىدىنى تۇتماق ھەممىمىزگە ۋاجىپتۇر، ئۇنداق قىلمىساق ئاللا تائالا ۋە كېرەملىكنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىمىز. چىنۋاڭ غوجام ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ خاقانى چىننى تاۋاپ قىلىپ، بىزنىڭ غەم - غۇسسىسىز شادىمان تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزگە، ئىشلىرىمىزنىڭ بەرىكەت تېپىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ كەلمەكتە. ۋاڭ غوجام بىز پۇقرالارغا ئەنە شۇنداق غەمگۇزار بولغاچقا ئاللا تائالا ئۇنىڭ دۆلىتىنى زىيادە، بايلىقىنى پۇتمەس - تۈگىمەس قىلىپ مۇكاپاتلىماقتا. مۇشۇنداق كېرەملىك پادىشاھقا ئىتائەت قىلىش، ۋاقتانۋاق كەلگەندە ۋاڭ غوجام ئۈچۈن جاننى پىدا قىلىش ھەر بىرىمىزگە پەرھىزدۇر. ناۋادا ۋاڭ غوجام ئۈچ يىلدا بىر تاۋاپقا بارمىسا دىنىي ئىسلام تۈگىشىدۇ. ھەممىمىز تۈگىشىمىز. بۇ يامان ئاقىۋەتنى ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئەستە تۇتمىقى جايىزدۇر»⑨.

بۇ خىل تەبلىغنىڭ مەركىزى نۇقتىسى «پادىشاھقا سادىق بولۇش»، يەنى قۇمۇل ۋاڭىغا سادىق بولۇشتىن ئىبارەت. دەرۋەقە مىللەتلەر ئارىسىدىكى ھەرقانداق مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش، ئاددىيلا ئەگىرىش بولماستىن، بەلكى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا پىششىقلاپ ئىشلەش بولىدۇ، شۇنىڭدىلا بۇ مىللەتلەرنىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھادىسىسىنى قوبۇل قىلىشىغا پايدىلىق بولىدۇ. قۇمۇل ۋاڭى ئۇيغۇرلارنىڭ «نىجادكارى» ۋە «ھىمايىچىسى» دېگەن بۇ چۈشەنچە ۋاڭغا سادىق بولۇش ئىدىيىسىنىڭ ئاساسى بولغان. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، ئابروي - ئىناۋىتى ۋە ماددىي بايلىقىنى ئاللانىڭ بەرگەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن ۋاڭلىق تەختىنىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە ئىززىتى نامايىش قىلىنغان. بۇ ئىدىيىنىڭ يادروسى زۆرۈر بولغاندا قۇمۇل ۋاڭىغا جان تەسەددۇق قىلىش بولغان. ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن «خانغا سادىق بولۇش» ئىدىيىسىگە روشەن ئىسلام تۈسى بېرىلگەن.

مەسىلەن، قوْموْل ۋاڭغىغا سادىق بولمىغانلار ئاللانىڭ ئالدىدا گوْناھكار بولوْپ، قىيامەت كوْنى دوزاققا چوْشىدوْ، دېيىلگەن بولوْپ، بوْ خەنزوْ مەدەنىيىتىدىكى خانغا سادىق بولمىغانلارنى «يەر ئوْز قوينىغا ئالمايدوْ»، «يەر يوْتىدوْ» دېگەن ئىبارىلەردىنموْ بەكرەك كىشى قەلبىنى تەشۋىشكە سالغان.

## 2. مەمۇرىي تۈزۈم جەھەتتە

ئەبەيدوْللا چىڭ سوْلالىسىگە ئىتائەت قىلغاندىن كېيىن، چىڭ سوْلالىسى قوْموْلدا خوشوْن توْزوْمىنى يوْرگوْزگەن. «شىمالدىكى قوْملوْق دالىلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» دە موْنداق دېيىلگەن: «ئەبەيدوْللاغا قاراشلىق قوۋملار قەبىلىلەرگە ئاساسەن خوشوْن قىلىپ تەشكىللەندى. تارخان بەگ ئەبەيدوْللاغا بىرىنچى دەرىجىلىك قەبىلە سەردارلىق مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىنىپ تەمىنات ۋە موْھوْر بېرىلدى. ئوغوْللىرى گوْپا بەگ، بەيدوْ بەگلەرموْ توْھپە كوْرسەتكەن بولغاچقا ئىككىنچى دەرىجىلىك قەبىلە سەردارلىق مەرتىۋىسى بېرىلىپ، خوشوْننىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە بوْيروْلدى. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا ۋاسساللار مەھكىمىسىدىن ئىككى سىپاھ ... ئەبەيدوْللا تارخان بەگكە ھەمدەملىشىپ خوشوْن تەسىس قىلىشقا ئەۋەتىلدى... خان ئالىيلىرى ئەبەيدوْللاغا قوْموْل دىيارىنى باشقوْرىدىغان موْھوْر ئىنئام قىلىپ كاتاۋوْل بوْرسانىبىشىنى خوشوْن توْزوْشكە ئەۋەتتى» ⑩. چىڭ سوْلالىسى 1697 ـ يىلى، خوشوْن توْزوْمىنى يولغا قويوْشنى ئويلاشقان ۋە ئىككىنچى يىلى، بوْنى تاماملىغان. خوشوْن ئەمەلدارلىرىدىن «زەنگى، جارا ئىرچىن، ياردەمچى ئەمىر، شىرمەت چەۋەندازلار بېشى قاتارلىقلار بولوْپ، موڭغوْللاردىكى خوشوْن توْزوْمىگە ئوخشاپ كەتكەن» ⑪.

چىڭ سوْلالىسىنىڭ قوْموْلدا خوشوْن توْزوْمىنى يولغا قويوْشىدا توْۋەندىكىدەك ئوْچ خىل سەۋەب بار ئىدى: بىرىنچىدىن،

قۇمۇل بەيئەت قىلغاندىن كېيىن جۇڭغارلار بۇنىڭغا زادىلا قايىل بولمىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ۋاقىت قۇمۇلغا باستۇرۇپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇش ئېھتىمالى بار ئىدى. خوشۇن تۈزۈمى ھەربىي ئىشلار بىلەن مەمۇرىيەت بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن تۈزۈم بولۇپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە تېز ئىنكاس قايتۇرۇشقا قولايلىق ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىيات سەۋىيىسى موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، ئاساسەن فېئودال ئىگىدارلار تۈزۈمى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى؛ ئۈچىنچىدىن، چىڭ سۇلالىسى قۇمۇل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىگەچكە «مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى موڭغۇللارنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدۇ»⑫، دەپ قارىغانىدى. مۇشۇنىڭدىنلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى زادىلا چۈشەنمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، «قۇرئان» ئۇلارنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنىڭ ئالىي مىزانى ئىدى. شۇڭا، خوشۇن تۈزۈمى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا زادىلا ماس كەلمەيتتى. مەزكۇر تۈزۈمنى يولغا قويۇش جەريانىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە ئەبەيدۇللا جەمەتى ئۇنى ئۇزلۇكسىز ئۆزگەرتىپ تۇردى. 18 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا كەلگەندە قۇمۇلدا «ئەمەل - مەنسەپلەر ئايرىپ تەسىس قىلىنىدى»⑬. بۇ ۋاقىتتىكى خوشۇن تۈزۈمىنىڭ، ئەسلى مەنىدىكى خوشۇن تۈزۈمى بولماي قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قۇمۇلدىكى خوشۇن تۈزۈمىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل تۈزۈم ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «شيەنفېڭنىڭ 9 - يىلى قۇمۇل جاساقلىقى تەۋەسىدىكى خوشۇن ئىشلىرىغا ياردەملىشىدى-

غان بەگلەرنى تولۇقلاپ بېرىشنى ئۆتۈندى. تۆت يىلدا ئۈچ قېتىم ئىلتىماس سۇنغان بولسىمۇ تا ھازىرغىچە بېجىرىلمىدى» ⑭.

1864 ـ يىلى شىنجاڭدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور قوزغىلىڭى پارتلاپ قومۇل ۋاڭىنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى پاچاقلاپ تاشلاندى. كېيىن چىڭ سۇلالىسى قومۇلدا قايتا تەسىس قىلغان ئورگانلار خوشۇن تۈزۈمىدە بولمىدى. چۈنكى، چىڭ سۇلالىسى خوشۇن تۈزۈمىنىڭ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن بولۇپ، 1759 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا خوشۇن تۈزۈمىنى ئەمەس، بەگلىك تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدى.

چىڭ سۇلالىسى كېيىن قومۇلدا يولغا قويغان يېڭى تۈزۈمگە تەخمىنەن 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ھۇل سېلىنغان بولۇپ، بۇ تۈزۈم شامەخسۇت ۋاڭنىڭ زامانىسىغا كەلگەندە يۈكسەك دەرىجىدە مۇكەممەللەشتى. بۇ يېڭى تۈزۈمنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىلالمايتتى، شۇنداقلا ئەيىدۇللا جەمەتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۆزلۈكسىز خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئۆگەنگەنلىكى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلىقىدىنمۇ ئايرىلالمايتتى. شامەخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرى، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرى بىلەن بەكلا ئوخشىشىپ قالغان بولۇپ، قومۇل ۋاڭ ئوردىسى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن مودېلىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

تۆۋەندە شامەخسۇت ۋاڭ دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى — چىنۋاڭ بولغان.

چىنۋاڭنىڭ تۈۋىدە كېڭىشىپ سىياسەت بەلگىلەش ئورگىنى تەسىس قىلغان. بۇ ئورگاندا بىر چوڭ تەيجى، بىر كىچىك تەيجى، ئىككى مۇشاۋۇر، بىر ئەئلەم ئاخۇنۇم، بىر خەزىنە ئۇستاز بولۇپ، بۇ ئالتەيلەن ۋاڭ بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمرانلىق يادروسىنى تەشكىل قىلغان. ھەر قېتىم چوڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، ۋاڭ ئۇلارنى چاقىرىپ كېڭەشكەن ۋە قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن ۋاڭ تەستىقلاپ يولغا قويغان. بۇ ئورگان چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شاھزادە - ۋەزىرلەر كېڭىشىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، «دۆلەتنىڭ مۇھىم لەشكىرىي ئىشلىرى شاھزادە - ۋەزىرلەر كېڭىشىدە مۇھاكىمە قىلىناتتى»⑮. شاھزادە - ۋەزىرلەر كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى بىردەك مانجۇ تۆرىلىرىدىن تەشكىل تاپاتتى. بۇ پادىشاھنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىغا ۋە خەنزۇ پومېشچىكلارنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پايدىسىز بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە 1729 - يىلى چىڭ سۇلالىسى غەربىي شىمالدا لەشكىرىي يۈرۈش قوزغىغاندا كەلگەن، يوللانغان لەشكىرىي ئاخباراتلار بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، يەنە قارادىۋاننى تەسىس قىلغانىدى. قارادىۋان «دۆلەتنىڭ بارلىق چوڭ لەشكىرىي ئىشلىرىغا قول تىقالايدىتى»⑯. قارادىۋاننىڭ ۋەزىرلىرىنى پادىشاھ مانجۇ، خەنزۇ ئۆلىمالىرى، ھەرقايسى دىۋان بەگلىرى ۋە شىغاۋۇللاردىن تاللايتتى. قومۇل ۋاڭىنىڭ كېڭەش ئورگىنى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قارادىۋانى خاراكتېر جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش ئىدى.

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورگىنى چوڭ - كىچىك تەيجى مەھكىمىسى بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «تەيجى» ئەمىلى ئىسھاق زامانىسىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ⑰، ئۇ ۋاقىتلاردا تەيجىلىككە بىرلا كىشى قويۇلغان. شامەخسۇت زامانىسىغا كەلگەندە چوڭ - كىچىك تەيجىلەر ئۆز ئالدىغا مەھكىمىلەرنى قۇرغان. چوڭ تەيجى مەھكىمىسى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىچكى

ۋە تاشقى ئىشلىرى، خەزىنىسى، ئاشلىق ئامبارلىرى، دېھقانچە-لىقى، سۇ ئىنشائاتلىرى، ئالۋان - ھاشىرى، قوراللىق مۇھاپىزەتچىلىرىنى باشقۇرغان. كىچىك تەيجى مەھكىمىسى باج - سېلىق يىغىش، دىنىي شەرىئەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. چوڭ - كىچىك تەيجى مەھكىمىسى چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسى، نوپۇس پىرقىسى، شىغاۋۇل پىرقىسى، لەشكىرىي پىرقە، جازا پىرقىسى، تەمىرات پىرقىسى، شۇنداقلا ۋاسساللار مەھكىمىسى ۋە ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسى قاتارلىق ئورگانلىرىغا باراۋەر كېلەتتى. قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن كۆلەم جەھەتتە تەڭلىشەلمىگەچكە، چوڭ - كىچىك تەيجى مەھكىمىلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە پىرقىسى ۋە باشقا ئورگانلىرىدەك ئېنىق ئىش تەقسىماتىغا، زور كۆلەملىك ئاپپاراتلارغا ئىگە بولمىغانىدى.

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قارىمىقىدا شەھەر ئەتراپى، بەش شەھەر، ئارا تۇرۇك، تەڭرىتاغ قاتارلىق تۆت مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىنغان. ھەربىر مەمۇرىي رايون يەنە كۆپلىگەن كىچىك رايونلارغا ئايرىلغان بولۇپ، ھەربىر كىچىك رايوننىڭ بىردىن دورغىسى بولغان. دورغىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەمۇرىي ئىشلارغا مەسئۇل بىر قورمال، دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل بىر «مۆھتەسىب» ۋەيىللىقچى مەدىكارلارنى باشقۇرىدىغان بىر قانچە چاپارمەن بولغان. ھەربىر كىچىك رايون يەنە بىر قانچە كەنتكە ئايرىلغان. ھەربىر كەنتتە يەنە بىر قانچە كىچىك ئاقساقال بولغان.

### 3. تىل جەھەتتە

قۇمۇل شىنجاڭغا كىرىپ - چىقىشتىكى قوۋۇق، ئورۇن جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يېقىن بولغانلىقتىن، قۇمۇل ۋاڭ-لىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە قۇمۇلدا خەنزۇلار كۆپ-لەپ ئولتۇراقلاشقان. چىڭ سۇلالىسىمۇ قۇمۇلدا مەھكىمە تە-سىس قىلىپ، قۇمۇلدىكى خەنزۇ ۋە خۇيزۇ ئاھالىلىرىنى باشقۇ-رۇشقا مەسئۇل قىلغان. ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئۇزاق مەز-گىللىك ئالاقە جەريانىدا تىل جەھەتتە ئۆزئارا سۆز قوبۇل قى-لىپ، قۇمۇلنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە دىئالېكتىنى شەكىللەندۈرگەن.

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلدا خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىن-غان سۆزلەر ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن⑱:

| | |
|---|---|
| مۇرجۇق | 门坎 |
| ھيسى | 灰色 |
| سەينى | 筛子 |
| خوجا | 货架、马车架子 |
| چەڭغۇ | 车夫 |
| ماشۇ | 马勺、木勺子 |
| مىتاڭ | 米汤 |
| پىگلو | 皮轱辘车 |
| داگازا | 大个子 |

قۇمۇلدىكى خەنزۇلارنىڭ تىلىدىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ناھايىتى نۇرغۇن. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| يەڭگە | 洋冈子 |
| بالا | 巴郎子 |

| | |
|---|---|
| ياخشى | 牙克西 |
| بولمايدۇ | 补买道 |
| ھەممىسى | 海买斯 |

شەھەردىن يىراق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۇيغۇرچە بۇ سۆزلەر ئاساسىي جەھەتتىن تېگىشلىك خەنزۇچە سۆزنىڭ ئورنىنى ئالغان بولۇپ، سىز ناۋادا ئاشۇ جايلاردىكى يەرلىك خەنزۇلارغا 男孩 ياكى 老婆 دېگەندەك سۆزلەرنى قىلسىڭىز، ئۇلار بۇنىڭ مەنىسىنى ئۇقالماي گاڭگىراپ قالىدۇ.

## 4. بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە

خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بەزى ئىمارەتلەرنىڭ ئۇسلۇبىدا، ھەتتا پۈتۈنلەيلا خەنزۇ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى ئۇچلۇق بۇرجەكلىك پېشايۋانلىق شەكىل قوللىنىلغان.

ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، ۋاڭ ئوردىسى ۋە مۇسۇلمانلار شەھىرىنى رېمونت قىلىپ چىققان. قۇرۇلۇش ئابىدىسىگە مۇنۇلار يېزىلغان: «ئالايىتەن خان ئالىيلىرىنىڭ ھوزۇرىدىن چىللاپ كەلگەن خىتاي ئۇستا مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە شەھىرى گۈلىستانىنىڭ كۆركەملىكى ئۈچۈن بۇ كاتتا ئىمارەتنى ئەھيا قىلدى. ھىجرىيە 1118 ـ يىلى (مىلادىي 1706 ـ يىلى) تاماملاندى» ⑲. ئەبەيدۇللا خەنزۇ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىگە تولىمۇ قايىل بولغاچقا، ئالايىتەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن خەنزۇ ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەن. بىز ھازىر ئۇ قۇرۇلۇشلارنى كۆرۈشكە ئىلاجىسىز بولساقمۇ، ئەمما خەنزۇ ئۇستا تەرىپىدىن لايىھىلەنگەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ قويۇق ئەنئەنىۋى خەنزۇچە ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان

لىقى ئېنىق.
بېشىر ۋاڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا ئۇنىڭ ۋاڭ ئوردىسى شەھەرنىڭ شەرقىدە بولغان. «تاملىرى كۆتۈرۈپ سېلىنغان بۇ ئىمارەت، شەھەر سېپىلىدىنمۇ ئېگىز، دەرۋازىسى ئىككى، ئۆيلىرى ئۈچ قەۋەتلىك بولۇپ، پۇتۇنلەي توز يەرگە سېلىنغان. ئۆيلەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۈستىگە چىققىلى بولىدىغان پەشتاقلار بولۇپ، ئۈستىدىكى پەنجىرىلەردىن پەسكە قارىغاندا ھويلا شەكىللىك قورۇ ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۆيلەرنىڭ سول يېنىدىكى ئۈزۈن كارىدوردىن كىرگەندە دەرەخلىك باغ بولۇپ، باغدا بىر قانچە راۋاق، مېۋىلىك دەرەخلەر، داڭلىق گۈل - گىياھلار بار، ئىچكىرى جايلارنىڭ مەنزىرىسىگە بەكلا ئوخشاپ قالىدۇ»⑳. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قورۇ بىلەن باغ بىرلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلمىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭكىدىن زادىلا پەرقلەنمىگەن.
شامەخسۇت ۋاڭ زامانىسىدا ۋاڭ ئوردىسى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قىلىپ ياسالغان. «قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار»، دا مۇنداق دېيىلگەن: «مۇسۇلمان شەھىرىدە 800 ئېغىز ئۆي (ھەربىرى تەخمىنەن 24 كۋادرات مېتىر) بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىمارەتلەر توپىنى ھاسىل قىلغان. ئالدى تەرىپى راۋاقلىق دەرۋازا بولۇپ، ئەگمە چ ئۇچلۇق پېشايۋان چىقىرىلغان، ياغاچ تۈۋرۈكلىرىگە گۈللەر نەقىشلەنگەن... تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە بولغان 8 بالداقلىق پەلەمپەيدىن چىققاندا، ئالدى ساراي (چوڭ زال) غا بارغىلى بولىدۇ، بۇ ساراي ناھايىتى كەڭ سېلىنغان... ئالدى سارايدىن ئۆتكەندە 40 باسقۇچلۇق ئۈچ قاتار پەلەمپەي بار. پەلەمپەيدىن چىققاندا بىر لاپاس شەكىللىك كۆتۈرمە ئۆگزە كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئۈچ قاتار پەلەمپەينىڭ ئوتتۇرا يولى تاشتىن كەڭرەك قىلىپ ياسالغان، بۇ قۇمۇل ۋاڭى ئۈچۈن خاس ياسالغان! ئىككى تەرەپتىكىسى ياغاچتىن تارىراق قىلىپ ياسال-

غان، بۇنىڭدا ئادەتتە ۋاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار ماڭى-
دۇ. پەلەمپەيدىن لاپاسقىچە قاراڭغۇ دالان بار، قاراڭغۇ دالاندىن
ئۆتكەندە «سۇبھى پەيتىدىكى قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشى»، ۋە «ۋەھ-
شىي يولۋاسنىڭ قىيادىن سەكرىشى»، دېگەن مەزمۇندىكى تام
رەسىملىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ سۇپىسى
ۋە مەسچىت، خانىقا كۆرۈنىدۇ» ㉑. گەرچە ئىلگىرىكى ۋاڭ
ئوردىسىدىن ھازىر پەقەت ئانچە - مۇنچە پۇچۇق تاملارلا ساقلى-
نىپ قالغان بولسىمۇ، يۇقىرىقى مەنبەدە ئەينى ۋاقىتتىكى ۋاڭ
ئوردىسىنىڭ ھەشەمەتى ھەقىقىي يوسۇندا خاتىرىلەپ قالدۇرۇل-
غان. خەنزۇ بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مەزكۇر ئىمارەتلەر توپىغا
كۆرسەتكەن تەسىرى تېخىمۇ ئېنىق قەيت قىلىنغان. مەسىلەن،
ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئالدى قوۋۇقنىڭ «ئەگمەچ ئۈچلۇق شەكىلدە
پېشايۋانلىق» قىلىپ سېلىنىشى، خەنزۇ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق
ئۇسلۇبىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئالدى سارايدىن ئۆتكەندىن كېيىن،
كۆزگە چېلىقىدىغان «40 باسقۇچلۇق ئۈچ قاتار پەلەمپەي» بېي-
جىڭدىكى خان سارىيى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى ئەمەل-
دارلار مەھكىمىسىنىڭ پەلەمپەيلىرى بىلەن قۇرۇلما جەھەتتە
پۈتۈنلەي ئوخشاش، بولۇپمۇ ئوتتۇرىدىكى بىر يولنىڭ ۋاڭ ئۈ-
چۈن مەخسۇس ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى بەلكىم چىڭ سۇلالى-
سى پادىشاھىنى دوراشتىن كەلگەن بولسا كېرەك. ئۇدۇل تامغا
سىزىلغان تام رەسىمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى زال بىنا-
كارلىقىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭغا سىزىلغان
رەسىملەر كىشىنى تولىمۇ ئويلاندۇرىدۇ: «سۇبھى پەيتىدىكى
قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشى» ۋە «ۋەھشىي يولۋاسنىڭ قىيادىن
سەكرىشى» خەنزۇلار ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى رە-
سىم تېمىسى، بولۇپمۇ تىرىك جانىۋار يولۋاسنىڭ سىزىلىشى
ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن زادىلا سىغىشالمايدۇ. شۇڭا، بۇ رە-
سىملىك تام بىلەن ئۇنىڭدىكى رەسىملەرگە خەنزۇلارنىڭ مەدەنى-

يەت ـ سەنئىتى سىڭدۈرۈلگەن، دېيىشكە بولىدۇ.

ۋاڭ ئوردىسىدىكى «ئۆزۈن ئۆمۈر سارىيى» چىڭ خانلىرى-نىڭ رەڭلىك رەسىمگە ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان جاي بولۇپ، بۇمۇ «كىچىك تىپتىكى جۇڭگو ئەنئەنىۋى بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدىكى ئۆزگىچە زال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»㉒.

شامەخسۇت ۋاڭ 2500 سەر كۈمۈش خەجلەپ، بېيجىڭدىكى شۇەنۋۇمېن قوۋۇقىدا قۇمۇل سارىيى سالدۇرغان، بۇمۇ «ياغاچ ـ خىش قۇرۇلمىلىق، ئەگمەچ ئۈچلۈق پېشايۋانلىق خەن-زۇ ئەنئەنىۋى بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەت بولغان»㉓.

شامەخسۇت ۋاڭنىڭ قەبرىسى ئۇ ھايات ۋاقتىدىلا سېلىنىشقا باشلىغان، پۇتكۈل قۇرۇلۇش ئىككى يىلدا ئاران تاماملانغان. قەبرىسىنىڭ «سىرتقى ئايلانمىسى سۇپىتىدىكى ئىمارەت تۆت بۇلۇ-ڭىغا ئەگمەچ ئۈچلۈق پېشايۋان چىقىرىلغان ياغاچ راۋاق بولغان» ㉔. ۋاڭ ئوردىسىدىكى چارباغدا «ھەممىلا جايدا دېگۈدەك شى-پاڭ ـ راۋاقلار بولغان»㉕. ۋاڭ جەمەتىدىكى باشقىلارنىڭ قەب-رىسى «ياغاچ ئىمارەت بولۇپ، خىلمۇخىل شەكىلدە ياسالغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى دېگۈدەك جۇڭگوچە شەكىلدە بولغان»㉖.

## 5. ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى خەنزۇلار قۇمۇلدا كۆپلەپ ئولتۇراقلىشىش جەريانىدا تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى-مۇ ئېلىپ كەلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى گۈرجەك، ئارا، جوتۇ قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئۇيغۇرلار تەد-رىجىي قوبۇل قىلغان ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە ئىشلى-تىشكە باشلىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ كەتمەن قاتارلىق ئىشلەپچىقى-رىش قوراللىرىنى خەنزۇلارمۇ قوبۇل قىلغان.

قۇمۇل رايونىنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ بولغاچقا،

كۆپىنچە زور كۆلەملىك تېرىقچىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. تېرىلغان يەر كۆپ بولسىمۇ، ھوسۇل كۆپ چىقمايتتى، تۇجۇپىلەپ تېرىش، ئېتىزلارنى پەرۋىش قىلىش دېگەنلەرگە سەل قارالغاچقا ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى ئىنچىل تۆۋەن بولاتتى. كېيىن ئۇيغۇرلار شۇ جايدىكى خەنزۇلاردىن ئۆگىنىپ، ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق ئادىتىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتكەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئۇرۇق چاچقاندا ئاۋۋال ئۇرۇق چېچىپ، ئاندىن يەرنى ئاغدۇرۇپ، ئارقىدىن يەنە بىر قېتىم سۆرەم سالاتتى. بۇنىڭدا ئۇرۇق يەر ئاستىغا بەكلا چوڭقۇر كۆمۈلۈپ كېتىپ ياخشى ئۈسەلمەيتتى. ئۇزاق مەزگىللىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۇيغۇرلار خەنزۇلاردىن بىر قەدەر ئىلغار بولغان تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى، مەسىلەن، ئاۋۋال يەر ئاغدۇرۇپ، ئاندىن ئۇرۇق چېچىشنى ئۆگەنگەن. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى جوتۇنى «چوت» دەيدىغان بولۇپ، بۇ مۇشۇ سايماننىڭ خەنزۇچە نامىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن. ئۇيغۇرلار تېرىقچىلىقتا ئىلگىرى كەمدىن - كەم ئوغۇت ئىشلىتەتتى. كۆپىنچە ئەسكى ئۆينىڭ توپىسىنى ئوغۇت قىلاتتى. كېيىن خەنزۇلاردىن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ گەندىلىرىنى ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ، ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن. خەنزۇلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېتىشسىزلىكىنى تولدۇرغان. مەسىلەن، خەنزۇلار ئۇيغۇرلاردىن شىنجاڭنىڭ پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيەلىك مۇھىتىغا ئاساسەن يەر سۇغىرىشنى، كارىز كولاشنى، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈشنى ئۆگىنىۋالدى.

### 6. باشقا جەھەتتىكى تەسىرلەر

ھەرقايسى دەۋرلەردىكى قۇمۇل ۋاڭلىرى بىردەك تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن بولسىمۇ، ئۇلار دىن ۋە مىللەت چەمبىرىكى

بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان. ئەكسىچە باشتىن ـ ئاخىر خەنزۇ مەدەنىيىتىگە قارىتا ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىش پوزىتسىيە۔ سىدە بولۇپ كەلگەن. ۋاڭ ئوردىسىدىكى «ئۆزۈن ئۆمۈر سارد۔ يى» غا چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىختىكى خانلىرىنىڭ رەسىمى قو۔ يۇلغان. ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەھكاملىرى بويىچە مۇسۇلمانلار بۇتقا، رەسىمگە چوقۇنۇشقا بولمايتتى. بىراق، «ھەر يىلى كۈزدە ھەم ئەتىيازدا قۇمۇل ۋاڭى ۋە قۇمۇلدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەل۔ دارلىرى مۇشۇ سارايغا توپلىنىپ پادىشاھلارغا ئاتاپ نەزىر قىلى۔ غان» . «نەزىر باشلانغاندىن كېيىن ۋاڭ ۋە ئەمەلدارلار كۆچە كۆيدۈرۈپ رەسىملەرگە تەزىم قىلغان ۋە كۆچىنى ئۆز قولى بىلەن كۆچىدانغا سانجىپ قويغان» ㉗ .

شامەخسۇت ۋاڭ دائىم «سىرتتا سېرىق شايى چاپان كىيىدى۔ غان بولۇپ، چاپانغا ئەجدىھانىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەن» ، «سىرتقا چىققاندا ياكى مۇراسىملاردا، مېھمانلارنى قوبۇل قىلغان۔ دا ئوڭ ـ سول، ئالدى ـ كەينى تەرەپلىرىدىن چەك ئېچىلغان پەشمەت كىيىۋالغان، پەشمەتنىڭ ئۈستى تەرىپىگە يەتتە دانە سې۔ رىق ئەجدىھا رەسىمى چۈشۈرۈلگەن» ㉘ . ئەجدىھا — خەنزۇ مىللىتىنىڭ تۇتېمى بولۇپ، تەدرىجىي خان ـ پادىشاھلارنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالغان. قۇمۇل ۋاڭىنىڭمۇ خەنزۇ مەدەنىيە۔ تىدىن «ئەجدىھا» نى قوبۇل قىلىشى ئۇنىڭ يېگانە ھۆرمەت ساھە۔ بى بولۇش ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

خەنزۇ مەدەنىيىتى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم، زىبۇ زىننەتلىرىگىمۇ مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن، «قۇمۇلنىڭ دوپپىلى۔ رىغا خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر سەنئىتىنىڭ ئۆرنەكلىرى سىڭگەن بولۇپ، نەقىشلەر بىر قەدەر مۇرەككەپ، رەڭگى ناھايىتى ئو۔ چۇق» ㉙ .

ئۇيغۇرلار يىمەك ـ ئىچمەكتىمۇ خەنزۇلاردىن ئاز بولمىغان نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن. مەسىلەن، جۇۋاۋا، مانتا تۆگۈشنى ئۆگە۔

ئېتىۋالغان. خەنزۇلارمۇ يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە ئۇيغۇرلاردىن بەزى نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن. مەسىلەن، پولو، لەغمەن قاتارلىق. لار خەنزۇلار ياخشى كۆرىدىغان تائاملاردىن بولۇپ قالغان. قۇ. مۇلنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەنزۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارسىڭىز، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى قورۇق چۆپتىن پىشۇرغان تائاملارنى كۆرەلمەيسىز. ئەكسىچە ئۇلار ئۇي- غۇرچە چۆپ پىلتىسى بىلەن تاماق قىلىدۇ.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى ئۆلچەم بىرلىكلىرى قاپ، كۈرە، شىڭ قاتارلىقلارمۇ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقال- غان. غەللە ـ پاراق تاپشۇرۇش، قەرز ئېلىپ ـ قەرز قايتۇرۇش بىردەك قاپ، كۈرە، شىڭ بىرلىكلىرى بويىچە ھېسابلانغان.

## ئىزاھ:

① گۇەن يېۋې: «مۇقاملارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى»، «يې- پەك يولىدىكى مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 52 ـ بەت.

② زۇمرەت: «قۇمۇلنىڭ كۆك مەشرىپى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان.

③ جاڭ لوڭچۈن: «ئېۋىرغول كۈيى ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» 1987 ـ يىللىق 3 ـ سان.

④⑳ سۇ شيوڭ: «شىنجاڭ ھەققىدە بايانلار»، 2 ـ جىلد.

⑤㉕ شيې بىن: «شىنجاڭ خاتىرىلىرى»، مىنگونىڭ 18 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى. 78 ـ، 82 ـ بەتلەر.

⑥ لىن جىڭ: «غەربىي شىمال خاتىرىلىرى» شېنجو گوگۇاڭ نەشرى- ياتى، مىنگونىڭ 20 ـ يىلى، 231 ـ بەت.

⑦㉖ لېكوك: «شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت خەزىنىلىرى»، جۇڭخۇا مىنگونىڭ 23 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، 91 ـ بەت.

⑧⑨⑲ «قۇمۇل ۋاڭنىڭ سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن ھۆكۈم-

رانلىقى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار» ، 1 ـ قىسىم 10 ـ ، 11 ـ ، 2 ـ بەتلەر.

⑩⑫ «شىمالدىكى قومۇلۇق دالىلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» ، 46 ـ جىلد، 9 ـ ، 10 ـ بەتلەر.

⑪ «ۋاسساللار ھەققىدە مۇھىم بايانلار» ، 15 جىلد.

⑬⑭ «چىڭ مۇزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 72 ـ جىلد، توڭجى 2 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

⑮ «خوەن خوەن خاتىرىلىرى» ، 22 ـ جىلد.

⑯ جاڭ دېزې: «چىڭ دەۋرىدىكى دۆلەت ئاپپاراتلىرى ھەققىدە بايان» جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1981 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، 19 ـ بەت.

⑰ ئابدۇللا ھامىد: «ئون ئەۋلاد قومۇل ۋاڭى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1986 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑱ دوڭ ۋېنيى: «قومۇل ئۇيغۇر شېۋىسىنىڭ تارىخىي ئورنى» ، «ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان.

㉑㉒㉓㉔㉗㉘ قومۇل ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى تۈزگەن «قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» ، 1962 ـ يىلى شاپاگراف نۇسخىسى، 63 ـ ، 39 ـ ، 38 ـ ، 137 ـ ، 39 ـ ، 129 ـ بەتلەر.

㉙ ياڭ لى: «جۇڭگونىڭ يىپىكى» ، خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى، 80 ـ ، 81 ـ بەتلەر.

# ئالتىنچى باب  خەلقىنىڭ قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەشلىرى ۋە ۋاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋال تېپىشى

## § 1 . يانچىلارنىڭ دەسلەپكى قارشىلىق كۆرەشلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەشلىرى بۇرۇندىنلا باشلانغان. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى قارشىلىق كۆرەشلىرى توغرىسىدا، تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن تەپسىلىي بايانلارنى كەلتۈرۈشكە ئىلاج يوق، پەقەتلا قىسمەن پارچە ماتېرىياللارغا تايىنىپ، بەزى قىياسەن تەھلىللەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەبەيدۇللا جەمەتىنىڭ ئۆز تەۋەلىكىدە، فېئودال ئىگىدارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشىدا كۈچلۈك ئارقا تېرەك بولغان. بۇ نۇقتىنى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ تۇرپاندىكى ئىمىن خوجىغا بەرگەن كۆرسەتمىلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئىمىن خوجىدىن ئۆز پۇقرالىرىنى «ئالىقىنىدا چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش، قاچماقچى بولغانلارنى دەرھال تۇتۇپ جازالاشى»① نى تەلەپ قىلغان. چىڭ سۇلالىسى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا بولغان مۇتلەق ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلغان بولۇپ، يانچىلار ئۆز ھۆكۈمرانىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ئېزىشىگە شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك بولغان، ناۋادا ئۇلار بۇنىڭغا چىدىماي قاچسا، چىڭ سۇلا-

لىسىنىڭ ئىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلغان ھېسابلىنىپ، چىڭ سۇلا-لىسى ھۆكۈمىتى يەرلىك ھۆكۈمرانلارغا ئۇلارنى جازالاش ھوقۇ-قىنى بەرگەن.

زۇلۇم بولىدىكەن، مۇقەررەر يوسۇندا قارشىلىق بولىدۇ. «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۇ ئايدا (يەنى چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى 3 - ئاي)، (باش مۇشاۋىر، شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىسى خۇاڭ تىڭگۈي) يەنە مەلۇمات سۇنۇپ، ئۆتكەن يىلى قىشتا ئىمىن خوجىغا قاراشلىق نامرات ئۇيغۇرلاردىن بىر قانچە يۈز كىشىنىڭ قۇمۇلغا قېچىپ كەلگەنلىكىنى، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىن ئەتكەندىن كېيىن دەرھال لۇكچۈنگە قايتىشىنى بۇيرۇغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئىمىن خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغ-لىنىڭ بەگ مۇساغا ياردەملىشىشكە قۇمۇلغا كەلگەنلىكىنى ۋە ئاتىسىغا قاراشلىق بۇ 600 كىشىنى لۇكچۈنگە قايتۇرۇپ ئاپىرىپ يەر تېرىشقا سالماقچى بولغانلىقىنى، شۇڭا بۇلارنى يالاپ كېتىشكە لەشكەر سورىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى» ②. ئىمىن خوجا گۇاجۇدا «تىرىكچىلىك قىلىش قىيىن» بولغاچقا پۇقرالىرىنى باشلاپ، 1775 - يىلى لۇكچۈنگە قايتىپ كەلگەن. ئەمما، يۇرتىغا كېلىپ ئىككى يىل بولا - بولمايلا قول ئاستىدىكى پۇقرالىرى ئۇنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ئېزىشلىرىگە تاقەت قىلالماي تۈركۈم - تۈركۈملەپ سىرتقا قاچقان، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇلغا قېچىپ كەت-كەن ئۇيغۇرلارلا 600 نەچچە كىشىگە يەتكەن. بۇنداق يانچىلارنىڭ كۆپلەپ سىرتقا قېچىش ھادىسىسى 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى-دىكى شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا، قالاق ۋە ئەكسىيەتچىل فېئودال ئىگىدارلىق تۈزۈمىنىڭ خەلقنىڭ ئومۇميۈزلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سىيا-سىي بىلەن دىن بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىقى» ناملىق ماقالىدە مۇنداق دېيىلىدۇ. «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقى ئاس-

تىدا يانچىلار ھاياتلىق ئۈچۈن پات ـ پاتلا قېچىپ تۇراتتى، بەزىدە
كوللېكتىپ قاچىدىغان ئىشلارمۇ بولاتتى»③. بۇ ماقالىدە ئېيى-
تىلغىنى، ئاساسەن يېقىنقى زاماندىكى ئەھۋاللار بولۇپ، يانچىلا-
رنىڭ قېچىپ كېتىش ئارقىلىق قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا
قارشى تۇرۇشى، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئاساسلىق كۈرەش
شەكلى بولغان.
1864 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ چوڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى. دەسلەپ قوزغىلاڭ يالقۇنلىرى
قۇمۇلغا تۇتاشمىغان بولۇپ، بېشىر ۋاڭ «قۇمۇلدىكى مۇسۇلمان-
لارنى ئۆز ئالىقىنىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرغانىدى»④، شۇنداقتىمۇ
«مۇسۇلمانلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى» كۈنسېرى قۇمۇلغا قىستاپ
كېلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن تەشۋىشكە چۈشكەن بېشىر ۋاڭ سىرتقى
جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىشىنى
توسۇش ئۈچۈن، «ھەر قايسى تەيجى، بەگلەرگە ئوغرى، قا-
راقچىلارنى ئۆلتۈرۈپ خىزمەت ۋە تۆھپە كۆرسىتىش ھەققىدە
پەرمان چۈشۈردى»⑤. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ، بىر تە-
رەپتىن بېشىر بىلەن بىرلىكتە «مۇسۇلمان لەشكەرلەرنى چىقى-
رىش» ۋە «ئۇلارنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە
قاراقچىلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتىش»⑥نى مەسلىھەتلەشتى؛ يەنە بىر
تەرەپتىن قۇمۇل ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولماي قېلىشىدىن ئەنسى-
رەپ، قۇمۇلغا «خان يارلىقى ئەۋەتىپ «بېشىرغا ئۇنى ئۇيغۇرچى-
غا تەرجىمە قىلىپ ھەرقايسى يۇرت ـ مەھەللىلەرگە جاكار-
لاشنى بۇيرۇپ»⑦ شۇ ئارقىلىق قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوزغى-
لىپ كېتىشىدىن ساقلانماقچى بولدى.
1864 ـ يىلى قۇمۇلدىكى خۇيزۇلار تۇنجى بولۇپ قوزغال-
دى. توڭجىنىڭ 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا ئۇرۇمچى
ۋە ماناس قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولغا ئۆتكەندىن كېيىن، «قۇمۇلدى-
كى خەنزۇلار ۋە خۇيزۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مالىمان قوز-

غىدى ھەمدە ئوت قويۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلدى»⑧، بۇ جەدىنى
ئۆزگىرىشكە قارىتا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئە-
مەلدارلىرى ۋە بېشىر ۋاڭ تېزدىن ئىنكاس قايتۇرۇپ، چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنى ۋە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى بىرلىكتە قاراقچىلار-
نى تىنچىتىشقا ماڭدۇردى. «ئۇلار قاراقچىلارنى ھەش - پەش
دېگۈچە تولۇق يوقىتىپ، تېزلا نۇسرەت بىلەن قايتىپ كەل-
دى»⑨. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن
بولدى. ئەمما، بۇ قېتىمقى جەڭدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ «يىلتىزى-
دىن قۇرۇتۇلمىغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ يەنە ئىش
تېرىپ چىقىش ئېھتىمالىدىن» ئەنسىرەپ، يەنە قۇمۇلدا تۇرۇش-
لۇق چىڭ قوشۇنى ۋە بېشىرغا بىرلىشىپ تىنتىش ئېلىپ بې-
رىپ، «ۋاقتىدا بولغۇسى خەتەرنى تۈپ يىلتىزىدىن يوق قىلىۋې-
تىش، ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالدۇرماسلىق»⑩، ھەققىدە بۇي-
رۇق چۈشۈردى.
خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتا «بېشىر ئەسكەرلىرى
بىلەن كۈچلۈك ھەمدەم بولدى ھەمدە پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنى جان
پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىشقا تەشكىللىدى»⑪. چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى بېشىرغا سېرىق پوتا ئىنئام قىلىپ، ئۇنى «بېلىنى
تېخىمۇ مەھكەم باغلاپ» «يېڭى ئەجرى - تۆھپە كۆرسىتىپ
ئىنئام ئۇستىگە ئىنئام ئېلىش»قا بۇيرۇدى⑫.
ئاقىدىنلا توخۇلۇ يېزىسى (ھازىر ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە
تەۋە) ئەتراپىدىكى خۇيزۇلار قوزغىلىپ، باج ئىدارىسىنى بۇ-
لاپ - تالىدى ھەمدە تاشۇېلىققا قاراپ ئىلگىرىلىدى. بېشىر
ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ مانجۇ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە،
مالمانىنى ناھايىتى تېزلا باستۇرۇۋەتتى.
خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنىڭ قالدۇقلىرى تامام تىنچىتىلغاندىن
كېيىن، قۇمۇلدا نىسبىي تىنچلىق ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.
چىڭ ھۆكۈمىتى قۇمۇلنىڭ ئۆزىنى قوغداپ كېتەلەيدىغانلىقىنى

كۆزدە تۇتۇپ، گۇچۇڭ (ھازىرقى گۇچۇڭ) مۇھاسىرىسىنى بو-شتىش ئۈچۈن يەنە: «قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر سەرۋازلار ئىلگىرىكى بىر قانچە قېتىملىق جەڭلەردە قاراقچىلارنى نەچچە مەرتىۋە مەغ-لۇپ قىلدى. ئەمدى جۇزاق داگىنا (قۇمۇل ئىش بېجىرگۈچى ۋەزىرى) ۋە بېشىر يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇر سەرۋازلىرىنى باشلاپ سېپىشىن جىچىنىڭ غەربىتىكى قاراقچىلارنى يوقىتىشقا ياردەملەشسۇن» ⑬، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

1865 - يىلى ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان تومىڭ ئاخۇن (داۋۇت خەلىپە) قوزغىلاڭچى قوشۇنى قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلدى ۋە قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ خەلقى بىلەن ئالاقە باغلاپ، قۇمۇل شەھىرىنى ئىگىلەپ «شەھەر - يېزىلاردا ئوت قويۇپ، ئاھالىنى قىرىپ - چاپتى. ئەلەمدار ۋە قەلەمدار ئەمەلدارلارنىڭ قاياقلارغا كەتكىنىنى بىلگىلى بولمىدى» ⑭.

قوزغىلاڭچىلار قۇمۇلنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن قۇمۇلنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ساقلاۋاتقان بارىكۆلگە ھۇجۇم قوزغىدى. ئەمما، ھەر قېتىمدا مەغلۇپ بول-دى.

تۇڭجىنىڭ 5 - يىلى (1866 - يىلى) بېشىر ئۆز قوماندان-لىقىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇ-مۇلنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ماسلاشتى ھەم چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن 5000 سەر كۈمۈش «ياردەم» قىلدى.

تۇڭجىنىڭ 6 - يىلى (1867 - يىلى) قۇمۇل يەنە بىر قېتىم قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بېشىر ۋاڭ ئالاقزادە بولۇپ شەھەردىن قېچىپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆپ قىس-مى تۇرپاندىن كەلگەنلەر بولۇپ تەخمىنەن 7000 كىشىدىن ئاشات-تى. ئۇلار قۇمۇلنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇلاڭ - تالاڭ بىلەنلا بولۇپ كېتىپ جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى يەنە بىر قېتىم قايتۇرما ھۇجۇم تەشكىللەپ،

ناھايىتى تېزلا قۇمۇلنى قايتۇرۇۋالدى.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇمۇل ئۈچىنچى قېتىم قوزغىلاڭ-چىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. تەپسىلىي ئەھۋال مۇنداق ئىدى: سىرت-قى جايلاردىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلار يۈرۈش قىلىپ، لياۋدۇن ئەتراپىغا كەلگەندە بېشىر چىڭ قوشۇنى ۋە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. جەڭ باشلىنىش ئالدىدا، چىڭ سۇلالىسى قو-شۇنى ئالدىدا، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئارقىدا سەپ تۈزدى. جەڭدە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىردىنلا ئۆزگىرىش قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئارقىسىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپتىن تەڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغان چىڭ قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولدى. بېشىر بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن بارىكۆلگە ئادەم ئەۋەتىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن ياردەم سورىدى، يەنە بىر تەرەپتىن شەخسەن ئۆزى 2000 كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنىنى باشلاپ قوزغىلاڭچىلار بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. ئەمما، سان جەھەتتە ئاز بولغانلىقتىن تەڭ كېلەلمەي تىرىك تۇتۇلۇپ قالدى ۋە قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى.

بېشىر ئۆلگەندىن كېيىن يانچىلارنىڭ ئېزىلىش ئەھۋالىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. قوزغىلاڭچىلار قۇمۇلدىن چې-كىنىپ چىققاندىن كېيىن، بېشىر ۋاڭنىڭ ئاغچىسى داۋاملىق قۇمۇل ۋاڭى ئورنىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋەردى.

بېشىرنىڭ ئاغچىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە قوزغىلاڭچىلار بىر نەچچە قېتىم قۇمۇل تەۋەسىگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ باققان بولسىمۇ، قۇمۇلنى ئىشغال قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. خۇيزۇلاردىن بەي يەنخۇ گەنسۇدا ئىش تەۋرىتىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، غەربكە قېچىپ قۇمۇلغا كەلدى ھەم قۇمۇل شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، پوجوڭ ئاغچىنى ئە-سىرگە ئالدى. ئەمما، بۇمۇ ئوخشاشلا قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلمىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا

بەي يەنخۇمۇ تۇرپان ئەتراپلىرىغا چېكىندى.

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى بۇ قوزغىلاڭلارغا ئىشتىراك قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئاساسەن سىرتقى جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلغانىدى. 1864 ـ يىلىدىكى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدىكى دېھقانلار زور قوزغىلىڭى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشتەك ھەققانىيلىقىغا ئىگە بولغان. ئەمما، بۇ پۈتكۈل قوزغىلاڭنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلمىگەن. قوزغىلاڭ تەدرىجىي ھەرقايسى يەرلىك فېئوداللارنىڭ تەسىر دائىرە تالىشىش كۈرىشىگە ۋە غالجىرانە مىللىي قىرغىنچىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشتەك يوشۇرۇن ئامىل بولسىمۇ، بۇ ئامىل قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەن، سىرتقى ۋەزىيەت ۋە دىنىي كەيپىياتنىڭ تۈرتكىسىدە قوزغىلاڭ مۇددەتتىن ئاۋۋال پارتلىغان بولسىمۇ، پەقەت بىر مەيدان مالىمان بولۇپلا قالغان، بىر نەرە بىلەنلا كۆتۈرۈلۈپ بىر نەرە بىلەنلا ئۆچۈقتۇرۇۋېتىلگەن.

قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلار سىنىپ ۋە دەۋرىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشتەك كۈرەش نىشانىنى تۇرغۇزالمىغان، ئەمما ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ۋاڭلىق ھۆكۈمرانلىقىغا بىر قېتىملىق قاقشاتقۇچ زەربە بېرەلىگەن. بېشىر ۋاڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرى پاچاقلاپ تاشلانغان، ئۇيغۇر يانچىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇمۇل ۋاڭىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان. قۇمۇلدا «ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئىلگىرى 20 — 30 مىڭ كېلەتتى، ئەمدىلىكتە ئارانلا 2 ـ 3 مىڭ ئادەم قالدى. بۇنىڭدىن بەي يەنخۇنىڭ قاراقچىلىرى قورقۇتۇپ ھەيدەپ كەتكىنى بىر قانچە مىڭ، زۇلۇمغا چىدىماي يېرىنى تاشلاپ تۇرپانغا قېچىپ كەتكەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس» ⑮. بۇ مەنبەدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ-

كى، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋاڭلىقىغا قارشى كۈرىشى تېخى «زۇلۇمغا چىدىماي»، «يەرنى تاشلاپ قېچىپ كېتىش» تەك پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش باسقۇچىدىلا تۇرغان.

## § 2. 1907 ـ يىلىدىكى تورپاق يېغىلىقى

يۇقىرىلارنىڭ قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشلىرى ۋاڭلىق بىلەن تەڭ داۋاملاشقان. ئەمما، كۈرەشنىڭ تەرەققىياتىدا روشەن ھالدىكى ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، قۇمۇلدىكى يانچىلار ۋە دېھقانلار ئۇزاق مەزگىللىك كۈرەش ئەمەلىيىتىدىن قېچىپ كېتىشتەك پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش شەكلىگىلا تايانغاندا، ئۆزلىرىنىڭ مەھكۇملۇق ئورنىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن قوراللىق كۈرەش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتكەن. مانا بۇ 1907 ـ يىلىدىكى تورپاق يېغىلىقىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بولغان.

قۇمۇل ۋاڭىغا قاراشلىق يانچىلار ۋە دېھقانلار ۋاڭ ئوردىسى ئۈچۈن تۈرلۈك ھاشار مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشكە كېرەك ئىدى. ھاشار ۋاقتى ھەر ئايدا 5 — 7 كۈن بولۇپ، ھەر قايسى كاتتا ۋاشلارمۇ يۇقىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، دېھقانلارنى ئۆز مەيلىچە ھاشارغا بۇيرۇيتتى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ۋە يانچىلار ئۆزىنىڭ ياكى ئىجارىگە ئالغان يېرىنىڭ ئەمگەكلىرىگە ۋاقىت چىقىرالماي تېرىقچىلىق پەيتىنى قولدىن بېرىپ قوياتتى. نەتىجىدە ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى كېمىيىپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا ۋاڭ ئوردىسى ۋە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تۈرلۈك يەر ئىجارىسى، باج ـ سېلىقلىرىنى تولۇق تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلالمىسا ئۆلگۈدەك جازاغا تارتىلاتتى ياكى ھەپسىگە ئېلىناتتى.

1907 ـ يىلى باھاردا، بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپلا يۈز بەرگەن ئىككى ۋەقە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ پىلتىسى بولۇپ قالغان.

بىرى، يار تۈگمەنلىك دېھقان شەرۋللا ئاخۇن ۋاڭ ئوردىسىغا قەرز بولۇپ قالغان 5 پاتمان ئاشلىق بېجىنى تۆلەشكە زادىلا چارە قىلالمىغان، ئەمما ۋاڭ ئوردىسى ئۇنىڭ ئۆلۈش ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولماستىن، ئۇنىڭغا بىر ئايلىق سۈرۈك بەلگىلەپ بەرگەن. ئۇ ھېچ ئامال تاپالماي، سۈرۈك توشىدىغانغا ئىككى كۈن قالغاندا ۋاڭنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەتنامە يېزىپ، جىگدە دەرىخىگە ئېسىپ قويغان ۋە ئارقىدىن شۇ دەرەخكە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان. شەرۋللا ئاخۇننىڭ ئۆلۈمى كىشىلەرنىڭ قاتتىق ئىچىنى سىيرىلدۇرغەن ۋە ئۇلارنىڭ ۋاڭغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان.

يەنە بىرى، تارانچى كۆمۈر كېنى ۋەقەسى بولۇپ، مەزكۇر كۆمۈر كان قومۇل ۋاڭنىڭ ئالىقىنىدىكى دوزاق ئىدى. كان ئىشچىلىرى نازارەتچىلەرنىڭ قامچىسى ئاستىدا ئەمگەك قىلاتتى. كاندا ھېچقانداق بىخەتەرلىك تەدبىرى قوللىنىلمىغاچقا، پات ـ پاتلا ۋەقە يۈز بېرىپ تۇراتتى. شۇ يىلى ئەتىيازدا كۆمۈر كاندا قۇدۇق گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، كان ئاستىدىكى 17 دېھقان بىراقلا بەختسىزلىككە ئۇچرىغان⑯. ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر زار ـ زار يىغلاپ يېلىنسىمۇ، ۋاڭ ئوردىسى مىسقال چ 鉈 غلىق نەپىقە ياكى قۇتقۇزۇش بەرمىگەن. بۇ شۇبھىسىزكى ئوت ئۈستىگە ماي چېچىش بولغان.

مانا شۇ ۋاقىتلاردا، قۇمۇلدىكى ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلاردىن تورپاق راجى، تورپاق زېرىپ، تورپاق شاكىر ۋاڭ ئوردىسىغا قەرز بولۇپ قالغان 13 پاتمان «ئاشلىق بېجى» نى تۆلەشكە ئىلاج قىلالماي لاپچۇققا قېچىپ ماڭغاندا، تارانچى كۆمۈر كېنىدىن ئۆتۈپ قالغان ۋە كاندا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ھالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئۇلار كانچىلارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بو-

لىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، تېزلا 300 دىن كۆپرەك كىشىنى توپلىغان ۋە دېھقانلار، يانچىلارنىڭ جانجان تەلەپلىرىگە ئاساسەن قومۇل ۋاڭىغا تۆۋەندىكىچە تەلەپلەرنى قويغان:

1) قومۇل ۋاڭىنىڭ يېرى ۋە كۆمۈر كېنى پۈتۈنلەي دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىلىدۇ، ئىجارىگە ئالغانلار ئۆز ۋاقتىدا باج - سېلىق تاپشۇرغاندىن باشقا ھېچقانداق ھاشارنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

2) ھەر ئائىلىق ھاشار ئۈچ كۈندىن ئاشۇرۇلمايدۇ، قالغان ۋاقىتتا دېھقانلار ئۆز ئىشىنى قىلىدۇ.

3) يۇقىرىقى تەلەپلەرنىڭ ئورۇنلىنىشىغا قومۇل ئامبىلى كېپىل بولىدۇ ھەمدە يۇقىرىقى تەلەپلەر چاسا تاشقا ئويۇلۇپ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا تىكلىنىدۇ.

4) ئەگەر يۇقىرىقى تەلەپلەر رەت قىلىنسا خەلق ۋاڭ غوجام ۋە تەيجىلەرنى ئۆرۈپ تاشلايدۇ. ⑰

بۇ ئېنىق كۈرەش نىشانى خەلق ئاممىسىنى قوزغاشتا غايەت زور رول ئوينىغان. سۇمقاغا، ئاستانە، تۇغۇچى، لاپچۇق، قارا دۆۋە قاتارلىق جايلاردىن ناھايىتى تېزلا 500 نەچچە كىشى توپلانغان⑱.

قومۇلدا بۇ مەزگىلدە يەنە باشقا بىر تارماق كۈچ تېزدىن ئۇيۇشۇشقا باشلىغان. سودىگەر غوجامنىياز ۋاڭنىڭ جازانىخورلۇقىغا نىسبەتەن ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئاشلىق بېجىدىن جاق تويغان دۇگامەت دېگەن كىشى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىسلام ئەھكاملىرىدىن نەقىللەرنى كەلتۈرۈپ، ئەل - جامائەت ئارىسىدا «قۇرئان» دا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بابباراۋەر دېيىلگەن. ئەجەبا نېمە ئۈچۈن ۋاڭ غوجام ئەۋلادتىن ئەۋلاد شىلىلىمىزگە مىنىۋالىدۇ؟ بىز نېمە ئۈچۈن ئەۋلادتىن - ئەۋلاد ئۇلارغا قۇلدەك ئىشلەيمىز؟ بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەركىن - ياشاش ھوقۇقىمىزنى قولغا كەلتۈرىمىز. دەيدىكەنمىز

جەزمەن ۋاقىلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىمىز كېرەك» دېگەننى تەشۋىق قىلغان⑲. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دىنىي تۇس بېرىلگەن كۆرەش تۇغىنىڭ زور تۇرتكىلىك رول ئوينىشى تەبىئىي ئىدى. ئۇلار دىندىن قۇمۇل ۋاڭىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئاساس تېپىپ چىقالىغاچقا ئەتراپىغا تېزلا نۇرغۇن ئادەم توپلانغان.

غوجامنىياز قاتارلىقلار ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ۋە ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىدىدە قۇمۇل ئامبىلىغا شامەخسۇت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ بارغان. ئەينى ۋاقىتتىكى قۇمۇلنىڭ ياندا ش ئامبىلى چېن تيەنلۇ بۇرۇندىنلا ۋاڭنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ئاڭلىغان ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولغاچقا، كۆڭلىدە ۋاڭغا قارىتا نارازىلىقى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ دەرھاللا ئۇلارنى قوللىغان. بۇ غوجامنىياز قاتارلىقلارغا غايەت زور ئىلھام بولغان.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئەھۋالى جۇڭگو 1 - تارىخ ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان، خان ئۆزى تەستىق سالغان مىللەتلەر ئىشلىرى (ئۇيغۇرلار) غا دائىر مەلۇماتنامىلەر ئارىسىدىكى «گەنسۇ - شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى ليەن كۈينىڭ قۇمۇل، تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەللە - پاراقنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن تېرىغان ئىشى ۋە ئۇنىڭ باش جىنايەتچىلىرىنىڭ جازالانغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنامىسى» دا تەپسىلىي بايان قىلىنغان. «ئەسلىدە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى جاساق بەگ چىنۋاڭنىڭ پۇقرالىرى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك غەللە - پاراقلىرىنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ تىنچ ئۆتۈۋاتقىنىغا ئۇزۇن زامانلار بولغانىدى. بۇ يىل ئەتىيازدا تىنچلىقنى بۇزغۇچى غوجامنىياز، دۇگامەت قاتارلىق كىشىلەر شاپائەتنى ئۇنتۇپ قۇمۇل ۋاڭىنىڭ باشقۇرۇشىنى رەت قىلغان. ئۇلار غەللە - پاراقنى كېمەيتىش مەزمۇنىدا ئەرز يېزىپ، قۇمۇل ئامبىلىغا شىكايەت سۇنغان.

ياندااش ئامبال چىن تيەنلۇ ئاق ـ قارىنى ئىنقىلاپ كۆرمەيلا ئەرزىنى قوبۇل قىلغان ۋە شۇپىتى يۇقىرىغا مەلـۇمـات سۇنغان. 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۇنى غوجامنىياز، دۇگامەت دىگەنلەر توپىلاڭ-چىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئەلدە پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتقان. قۇمۇل ۋاڭى تەكشۈرۈپ ئۇلارنى بىر ياقلىق قىلغان. 27 ـ كۇنى مۇسۇلمانلاردىن بىرەر يۇزچە كىشى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ چوڭ دەر-ۋازىسىنى كىسەك بىلەن توسۇۋەتكەن، يەرلىك قەلەمدار ـ ئەلەم-دار سەرۋازلار ئوق ئىتىپ ئۇلارنى تارقىتىۋەتكەندىن كىيىن، ئىلگىرى ـ كىيىن بولۇپ ئۆلكىگە مەلۇم قىلغان. دەل شۇ ۋاقىتتا گەنسۇ ئاغلاقچىسى ياڭ زىڭشىن بۇيرۇققا بىنائەن يىڭى ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇش ئۇچۇن قۇمۇلدىن ئۆتۈپ كىتىۋاتقاندا، يۇقىرىدىن ئۇنىڭغا بۇ ۋەقەنى تىزدىن بىر ياقلىق قىلىش بۇيرۇل-غان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ هاشار مەجبۇرىيىتى ۋە تاپشۇرىدىغان غەللە ـ پاراق ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقىپ، مۇسۇل-مانلارنى رازى قىلغان».

بۇ مەنبەدە قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئەهۋا-لى ئىنچام ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بىزنىڭ قۇمۇلدا ئىلىپ بارغان ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىمىز بىلەن ئاساسەن بىردەك. پەقەت بىرلا نۇقتا ئۆزگىرا پەرقلىق، يەنى يۇقىرىقى مەنبەدە توپلان-غان كىشى «بىرەر يۇزچە» دىيىلگەن. ئەمما، ئەمەلىيەتتە توپلان-غانلار 200 ـ 300 چە بولغان. ئۇلار ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دەرۋازى-سىنى كىسەك بىلەن ئىتىۋەتكەندىن كىيىن، ۋاڭ ئوردىسىنى قورشىۋالغان. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەندىمۇ تارقالمىغان. بەزىلەر ئوردىغا هۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، پىكىر ئىختىلابى تۈپەيلىدىن بىردەك هەرىكەت قوللىنىلمىغان. ئاخىر «ئوققا تۇتۇلغاندىن كىيىن» قوزغىلاڭچى ئامما تارقىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما، دەسلەپكى باشقۇچتىكى كۇرەش يەنە مە-لۇم غەلىبىگە ئىرىشىپ، ياڭ زىڭشىنى قۇمۇل ۋاڭىغا نەسىهەت

قىلىپ «ئۇيغۇرلارنىڭ ھاشار مەجبۇرىيىتى ۋە تاپشۇرىدىغان غەللە - پاراق ئۆلچىمى» نى تۈزۈپ چىقىشقا مەجبۇر قىلغان.

يانچىلار ۋە دېھقانلار قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتەك تۈپ مەقسەتكە يېتەلمىگەن بولغاچقا، كۈرەش يەنىلا داۋام قىلغان. بۇ باسقۇچتىكى كۈرەش چېن تيەنلۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. «كېيىن چېن تيەنلۇ ئۇشتۇمتۇت قاراقچىلاردىن موللا راجىنى شاڭيولۇققا تەيىنلىگەن. ئۇ غوجامنىياز، دۈگامەت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قوتراتقۇلۇقىغا شېرىك بولۇپ، ئەل - جامائەتنى توپلاپ، قورئان، تۇتۇپ قەسەم قىلغان. ئارقىدىنلا شەھەرگە كىرىپ غوۋغا چىقارغان ۋە ھەر قايسى يۇرتلاردىكى ئاق كۆڭۈل پۇقرالارنى ۋاڭنىڭ ئىدارىسىگە قارشى چىقىشقا قىستىغان» [20]. بۇ باسقۇچتىكى كۈرەش ئالدىنقى باسقۇچتىكى كۈرەشكە قارىغاندا بەزى ئىلگىرىلەشلەرگە ئىگە بولغان، يەنى ئۇلار قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئىدارە قىلىشىنى ئۈزۈل - كېسىل تەرك ئېتىپ، «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» نى، بىۋاستە قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشنى تەلەپ قىلغان. چېن تيەنلۇ موللا راجىنى غەرەزلىك ھالدا «شاڭيو» لۇققا قويغان بولۇپ، شامەخسۇت بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، باش مۇپەتتىش ليەن كۈيگە تېلېگرامما يوللاپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان. ليەن كۈي «چېن تيەنلۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئۆلكە مەركىزىگە كېلىپ تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇغان». قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارمۇ چېن تيەنلۇغا ئەگىشىپ ئۆلكىگە كەلگەن ۋە «ئەرز سۇنۇپ» چېن تيەنلۇنى مۇشكۇلچىلىكتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغان. ئەمما، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چېن تيەنلۇنى قولغا ئالغان.

بۇ ۋاقىتتا موللا راجى رەھبەرلىكىدىكى ئىسيانكار ئامما غوجامنىياز باشچىلىقىدىكى ئىسيانچى ئامما بىلەن بىرلىشىپ جەمئىي «مىڭ نەچچە يۈز كىشى بولغان»، موللا راجىنىڭ رەھ-

بەرلىكى ئاستىدا «قوللىرىغا كەتمەن، قارا مىلتىق، ئورغاق،
كالتەك ئېلىپ كونا شەھەرنى قورشىۋالغان ۋە ‹ۋاڭنىڭ قولى
بولمايمىز! ۋاڭ غوجىلار يوقالسۇن!›، دېگەندەك شوئارلارنى توۋ-
لىغان»㉑، شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇلارنى
ئوققا تۇتقان. ئۇلار قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن، «ئاۋۋال
ئوق ئېتىپ ۋە تاش ـ داڭگال ئېتىپ مۇداپىئەدە تۇرغان، چېرىك-
لەردىن ئون نەچچىنى يارىلاندۇرغان»، «قەلەمدار ـ ئەلەمدار
سىپاھلار مۇداپىئە سېپىنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىدىن ئەنسى-
رەپ، توپلاڭچىلار ۋاڭ ئوردىسىغا بېسىپ كىرسە ئىشنىڭ يوغى-
نى چىقىدۇ دېگەن خىيالدا، لەشكەرلەرگە مەھكەم مۇداپىئەدە
تۇرۇشنى بۇيرۇغان. شۇ كۈنى قاراقچىلاردىن تۆلەندى، غوجام-
يار، شاكىر، مەمەت ھەسەن، سىيىت، يۇنۇس قاتارلىق ئالتەي-
لەن ئېتىپ تاشلانغان. قالغانلىرى قىيا ـ چىيا قىلىشىپ قې-
چىشقان. موللا راجى تىرىك تۇتۇلغان» قوزغىلاڭ ئەنە شۇ يوسۇن-
دا باستۇرۇۋېتىلگەن.
لىيەن كۇي قۇمۇلدىكى «ئەلەمدار ـ قەلەمدارلار» غا قۇمۇل
ۋاڭى بىلەن بىرلىكتە باش جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىشقا كۆر-
سەتمە بەرگەن. قۇمۇلنىڭ ياندىش ئامبىلى ليۇرۇنداۋ بارىكۆل
باشبۇغى يې شىڭفۇ بىلەن بىللە قايتا سوراق قىلىپ، موللا
راجىنىڭ «ئاممىنى غوۋغا چىقىرىشقا قۇتراتقانلىقى» غوجامنى-
ياز، دۇگامەت قاتارلىقلارنىڭ «كۈشكۈرتكەنلىكى» نى ئىسپاتلاپ
چىققان، موللا راجى بۇنىڭغا ئىقرار بولغان. ئەيىبنامىدە «غو-
جامنىياز، دۇگامەت قاتارلىقلار ھاشار ۋە غەللە ـ پاراقنى كېمەي-
تىشنى باھانە قىلىپ موللاراجى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان.
ئۇلار ئاممىنى قۇترىتىپ ۋاڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلغان. ئاۋۋال
ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىنى كېسەك بىلەن توسۇۋەتكەن، ئار-
قىدىنلا شەھەردە مالىمان چىقارغان. قىلمىشى ئىسيان كۆتۈرۈش-
كە يېتىدۇ. غوجامنىياز، دۇگامەت، موللا راجى قاتارلىق ئۈچ

جىنايەتچى ئاممىنى ئالداپ، ئومۇمنىڭ ئىشى دېگەن باھانە بىلەن توپىلاڭ پەيدا قىلغىنى ئۈچۈن بېشىنى چېپىشقا تېگىشلىك ئىدى. يېڭى نىزامغا بويسۇنۇش يۈزىسىدىن ئېتىپ تاشلاشقا ھۆكۈم قىلىندى» دېيىلىپ㉒ تورپاق راجى، تورپاق زېرىپ قاتارلىقلارمۇ ئېتىپ تاشلانغان. قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ «سانى كۆپ بولسىمۇ كۆپىنچىسى ھە ـ ھۇ بىلەنلا ئەگىشىپ چىققانلار بولغاچقا قاتتىق سوروشتۇرۇلۇشتىن ساقىت قىلىنغان». ئەرز قىلغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى «بۇرۇنلا ئۆلكە مەركىزىگە كېتىپ قالغانلىقى»، «شەھەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە نەق مەيداندا بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ئايرىم سورىلىپ، جازادىن خالاس قىلىنغان». چېن تيەنلۇغا «ئۆز مەيلىچە ئەرزنى قوبۇل قىلىپ ھوقۇق دائىرىسىگە پىسەنت قىلمىغان، يەنە قاراقچىلار ئاقساقىلىنى شاڭيۇلۇققا تەيىنلىگەن، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشقۇدەك جىنايەتكە ياتىدۇ. يۇقىرىنىڭ رايى بىلەن ھېسابلاشمايلا ئۆز ئالدىغا بىلگىنىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش جازاسى بېرىش بىلەنلا بولدى قىلغاندا قىلمىشىغا چۇشلۇق ئىش بولماي قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەرقايسى ئورۇنلاردا مەڭگۈ قايتا ۋەزىپىگە قويۇلمىسۇن، جىنايىتىنى تولۇق تاپشۇرغىنى ئۈچۈن يۇرتىغا يالاپ ئاپىرىۋېتىلسۇن، شىنجاڭدا قېلىشقا روخسەت قىلىنمىسۇن»، دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغان.

1907 ـ يىلىدىكى تورپاق يېغىلىقى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كېيىنكى كۈرەشلەر ئۈچۈن قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قالدۇرغان:

(1) قوزغىلاڭچىلار قۇمۇل ۋاڭىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىگە زەربە بېرىپ، ھاشارنى بىكار قىلىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە قۇمۇل ۋاڭى ئۈچۈن ئايدا ئۈچ كۈن ھاشارغا ئىشلەشكە قوشۇلغان. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ئۇلارنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىگە قارشى ئىنقىلابى زادىلا

ئۈزۈل ـ كېسەل ۋە قەتئىي بولمىغان. قوراللىق توقۇنۇشتا قوزغىلاڭچىلار «ۋاڭ غوجامنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى» ، دېگەن شۇ- ئارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بۇ شۇئارنى ئۆز ھەرىكىتىگە پروگراما قىلالمىغان. شۇنداقلا ئاممىغا چوڭقۇر تەشۋىقات ئې- لىپ بارالمىغان. شۇڭا، كۈرەش يەنىلا مەلۇم چەكلىمىلىكتىن خالىي بولالمىغان.

(2) قوزغىلاڭچىلار ئېنىق كۈرەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقال- مىغان، توغرا بولغان بىر يۈرۈش كۈرەش ئىستراتېگىيىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويالمىغان. كۈرەش دەسلەپتە قوراللىق كۈچ كۆرسى- تىشتىن باشلىنىپ، كېيىنچە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئوققا تۇتۇشى بىلەن قوراللىق تىركىشىشكە ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما جەڭدە ئۇلاردا مۇكەممەل تەشكىلىي تۈزۈلۈش بولمىغان، بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىق ۋە ھەرىكەتمۇ بولمىغان. شۇڭا، چىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن ناھايىتى تېزلا باستۇرۇپ تاشلانغان.

(3) قوزغىلاڭچىلارنىڭ قۇمۇل ۋاڭى ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ماھىيەتلىك تونۇشى تولىمۇ يېتەرسىز بول- غان. ئۇلارنىڭ قۇمۇل ۋاڭىغا بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرلىك بول- ماسلىقى، قوزغىلاڭنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئىپادىلەنگەن. قوزغىلاڭ باشلىنىشتىن ئاخىرلاشقۇچە پەقەتلا قوراللىق نامايىش بولغان ھەم قوزغىلاڭچىلار قوزغىلاڭ نامىدىن پايدىلىنىپ، قۇ- مۇل ۋاڭىنى ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى قوبۇل قىلىش- قا قىستىغان. ئۇلار قۇمۇل ۋاڭىدىن ئېكسپلاتاتسىيە ۋە ئېزىش ئىمتىيازىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ، ئەمەلىيەتتە ئۆ- لۈكتىن ئىمان سورىغاندىن پەرقسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتمىگەن. ئۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بولغان ماھى- يەتلىك تونۇشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، چىڭ سۇلالىسى ھۆ- كۈمىتىگە نىسبەتەن خام خىيالدا بولغانلىقىدا ئىپادىلەنگەن. ئۇلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە تايىنىپ قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئېكسپلا-

تاتسىيىنى چەكلەشكە ئورۇنغان، ئەمما چىڭ سۇلالىسىنىڭ قىسمەن ئەمەلدارلىرىنىڭ قوللىشى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىغانلىقىغا باراۋەر ئەمەسلىكىنى ئويلىمىغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭنى باستۇرغۇچى جاللاتقا ئايلانغاندىلا، ئۇلار ئاندىن قانلىق ساۋاقتىن ھوشىنى تاپقان.

گەرچە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مۇئەييەن چەكلىمىلىككە ئىگە بولسىمۇ، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش كۆرەشىدىن كۆپ ئىلگىرىلىگەن. ئۇلار قورallىق كۆرەشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن. بۇ قېتىمقى كۆرەشنىڭ مەغلۇبىيىتى، تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەن بىر مەيدان ئىنقىلابنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

## 3 § . 1912 — 1913 ـ يىللاردىكى تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى

1912 ـ يىلى ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت — «شىنجاڭ ئىلى بۇيۇك تۇتۇق مەھكىمىسى»نى قۇرۇپ چىقتى. شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا پۈتى كۈيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ، جاي ـ جايلاردىن قوشۇن توپلاپ، ئىلى ئالدىنقى سېپىگە قوزغىلاڭ يالقۇنلىرىنى ئۆچۈرۈشكە ئەۋەتتى. شامەخسۇت يۈەن داخۇانىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن دەرھال ھەرقايسى تاغلاردىن ئەسكەر ئالدى. بەلگىلىمە بويىچە ئىككى ئوغۇللۇق ئائىلىلەر بىر ئوغلىنى ئەسكەرلىككە بېرىپ، ئاتنى ئۆزلىرى تەييارلاپ بەردى. شۇ قېتىم ۋاڭ ئوردىسى 200 (بەزىلەر 500 دەيدۇ) ئەسكەر توپلىغان بولۇپ، قورايلىق نوسۇرمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى.

بۇ قېتىمقى ئەسكەر ئېلىش چارۋىچىلارغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق پاراكەندىچىلىك بولدى. ئەسكەرلىككە ئوغۇللىرى يوق ئائىلىلەر پۇل ۋە ئاشلىق چىقىرىشقا مەجبۇر قىلىندى. ھەر قايسى جايلاردىكى دورغىلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خەلقنى تالان - تاراج قىلدى. چارۋىچىلار قاتتىق غەزەپلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش كويىغا چۈشتى. تۆمۈر 1907 - يىلىدىكى يېغىلىقنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن ساۋاق ئېلىپ، ئاۋۋال قولغا قورال ئالمىغاندا قوزغىلاڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، دەپ قارىدى. شۇڭا، باشقىلارنى ۋاڭ ئوردىسى قورال تارقىتىپ بەرگەندىن كېيىن، قوزغىلىشقا قايىل قىلدى. 200 كىشىلىك بۇ قوشۇنغا ھەجەر باقى دېگەن كىشى باشچىلىق قىلغان بولۇپ، ئۇلار ۋاڭ ئوردىسىدىن قورال تارقىتىپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇرۇمچىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. قوشۇن لياۋدۇنغا كەلگەندە تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قوشۇن باشلىقى ھەجەر باقى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنباسارلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، كۆپچىلىككە: «قۇمۇل ۋاڭىنى مانجۇ خانلىقى تىكلىگەن، ھازىر مانجۇ خانلىقى تەختتىن چۈشتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ۋاڭنىڭ يەنە نېمە كېرىكى؟ بىز دەرھال قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ ۋاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىمىز كېرەك»، دەپ خىتاب قىلدى. كۆپچىلىك دەرھاللا ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوشۇننى باشلاپ قورايغا قايتىپ كەلدى. ۋاڭ ئوردىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قورايغا ئادەم ئەۋەتىپ تۆمۈر خەلپىنى تەھدىت ئارىلاش سۆزلەر بىلەن قورال تاپشۇرۇشقا ئۈندىدى. ئەمما، قوزغىلاڭچىلار بۇنى قەتئىي رەت قىلدى. شامەخسۇت ئۇلارنى باستۇرۇشقا قورايغا قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن قوراي تاغ ئېغىزىدا قاتتىق مەغلۇپ قىلىندى، بۇ قېتىمقى جەڭدىن قوزغىلاڭچىلار نۇرغۇن قورال - ياراغ غەنىيمەت ئېلىپ ئۆز قوشۇنىنى كېڭەيتتى.

تۆمۈر خەلىپە بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىنى يەكۈنلەپ چىقتى ۋە: «نىجىس ئەمەلدارلارنى يوقىتىپ ۋاڭنى ئاغدۇرۇپ تاشلايمىز! قۇل بولمايمىز ۋە غەللە ـ پاراق تاپشۇرمايمىز! كەمبەغەللىنى باي قىلىپ قەددىمىزنى رۇسلايمىز!»㉓ دېگەن شۇئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شامەخسۇت ھېچ ئامال قىلالماي بارىكۆلدىكى يې شىڭفۇغا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن كىشى ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتىشنى ئۆتۈندى. قوزغىلاڭچىلار بۇ خەۋەرنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، پىستىرما قويۇپ يې شىڭفۇنىڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار يې شىڭفۇ قوشۇنى چوقۇم ئۆتىدىغان كۆشۆتە ئېغىزىغا پىستىرما قويۇپ، يې شىڭفۇ قوشۇنى كەلگەندە شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بىر دەمدىلا تىرە ـ پىرەن قىلىۋەتتى. يې شېڭفۇ تىرىك ئەسىرگە چۈشتى. يې شېڭفۇ 1907 ـ يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن، ئىككى قولى خەلقنىڭ قىزىل قېنى بىلەن بويالغان جاللات بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار بۇرۇندىنلا ئۇنىڭغا چىش ـ تىرناقلىرىغىچە ئۆچ ئىدى. شۇڭا، ئۇنى پارە ـ پارە قىلىپ ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلدى.

تۆمۈر خەلىپە 1907 ـ يىلىدىكى يېڭىلىقتىن ساۋاق ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قوراللىق قوشۇنىنى زورايتىپ، تاغلىق رايوندا مۇستەھكەم بازا قۇرۇپ چىقتى. شۇنداقلا قۇمۇل ۋاڭى كونترول قىلىدىغان جايلارغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن شامەخسۇت ھەر بىر كۈنىنى دەككە ـ دۈككىدە ئۆتكۈزىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان دېھقانلىرىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز ئارا ھەمدەم بولدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل شەرقىي شىنجاڭ ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالدى.

1912 ـ يىلى 2 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەختتىن

چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. يۈەن شىكەي جۇڭخۇا مىنگو ۋاقىتلىق
هۆكۈمىتىنىڭ دازوڭتۇڭلۇقىغا تەيىنلىنىپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈ-
مىنى يۇرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتى-
شى يۈەن داخۇامۇ 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جۇمھۇرىيەتنى يولغا
قويىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ
ھەممىلا جايىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىۋاتقان، گېلاۋخۇيچىلار ھەم-
مىلا جايدا ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈۋاتقان بولغاچقا، يۈەن داخۇا ھېچ
ئامال قىلالماي، ئىستېپا بېرىپ يۇرتىغا قايتىدىغانلىقىنى جاكار-
لاشقا مەجبۇر بولدى.

يۈەن داخۇا قايتىش يولىدا قۇمۇلدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ،
ئۆز كۆچىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ قۇمۇل ۋاڭى بىلەن مەس-
لىھەتلىشىپ، ئەسكىرىي كۈچىنى كۆشۈتە، تاشۋېلىق، شۈپۈل
قاتارلىق ئۈچ جايغا توپلىدى ۋە قوزغىلاڭچىلارنى ئەل بولۇشقا
دەۋەت قىلىپ كىشى ئەۋەتتى. بۇ ئىش يۈەن داخۇانىڭ «رېنزى
يىلىدىكى سەپەر خاتىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئۇيغۇر
ئەسكەردىن ئالتىسى تاغقا كىرىپ قاراقچىلارغا نەسىھەت قى-
لىشقا ئەۋەتىلدى» ، «ئارقىدىنلا تۇڭچى چۈنشېڭ ماڭدۇرۇل-
دى، توپىلاڭچى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى ۋە چۈن
شېڭنىڭ ئېتىنى تۇتۇپ قالدى» [24] ، شۇنىڭ بىلەن يۈەن داخۇا
ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، چيەن گۇاڭخەننى
قوشۇن باشلاپ تاغقا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، قوزغىلاڭچىلارنى يو-
قىتىشقا ئەۋەتتى. چيەن گۇاڭخەننىڭ قىسمى يەر شەكلى بىلەن
ناتونۇش بولغانلىقتىن «خاتا ھالدا كۆشۈتىگە جايلاشتى. قاراقچى-
لار ئېگىز تاغ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئەسكەرلەرنى كۆپلەپ يارىدار
قىلدى. ئاقىۋەت پۈتۈن قوشۇن چېكىندى» [25] . چيەن گۇاڭخەن
يەنە بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، غەلىبە
قازىنالمىدى. قوزغىلاڭچىلار پۈتۈنلەي تاغلىق بولغاچقا، ئۇلارغا
ھەممىلا جاي ئۆز ئۆيىدەكلا تونۇش ئىدى. جەڭ قىلغىلى بولمى-

غان چاغلاردا «تاغقا كىرىپ كەتسە ھەرگىزمۇ تاپقىلى بولمايتتى»㉖. يۈەن داخۇا ھېچ ئىشنى ئاقتۇرالماي، ئاقىۋەت چيەن گۇاڭخەننى داۋاملىق قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئالدىراپ - تېنەپ ئىچكىرىگە يول ئالدى.

ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندا شىنجاڭ «ئىچكى - تاشقى جەھەتلەردىن خىرىس ۋە دۈشۋارچىلىققا دۇچ كەلگەن، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان خەتەرلىك ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتاتتى». ئۇ تۆمۈر خەلىپىنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەنلىكتىن، «زورلۇق كۈچى بىلەن تىنچىتىش يولىنى تۇتقاندا ئاۋارىچىلىكنىڭ كۆپىيىپ كېتىپ، ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى يىغىشتۇرۇۋېلىشنىڭ قىيىن بولۇپ قېلىشى» دىن ئەندىشە قىلىپ㉗، «پۈتۈن كۈچ بىلەن ھال سوراش» ئىستراتېگىيىسىنى قوللاندى. شۇڭا، قۇمۇلدا جەڭ قىلدۇۋاتقان بەي ۋېنچاۋنى «مەزكۇر ئامبال جەڭلا دەيدۇ، ئەمما جەڭ قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ، كەمىنە لەشكىرىي ئىشلاردىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرىم بار بىر تۇتۇق تۇرۇقلۇق قارامىلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا تەۋەككۇل قىلالمايۋاتسام، بۇ ئامبالنىڭ بۇنى شۇنچىۋالا ئاسان ئىش چاغلاپ قالغىنى نېمىسى؟»㉘ دەپ قاتتىق ئەيىبلىدى. يەنە شامەخسۇتقىمۇ «ھەددىدىن زىيادە ئالدىراڭغۇلۇق ئەھۋالنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئۇ چاغدا چاتاق تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئومۇمەن ھازىر ۋەزىيەت يەنىلا خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرغاندا، ئىشنى تېخىمۇ يوغىنىتىۋەتمەسلىك زۆرۈر»㉙، دەپ نەسىھەت قىلدى. ئۇ قوزغىلاڭچىلارغىمۇ قاتتىق - يۇمشاق ۋاستىلەرنى تەڭ قوللىنىپ «ئەگەر ئۇۋالچىلىق ۋە بېسىم بەكمۇ ئېغىرلاپ كەتكەن، غەللە - پاراق، ھاشار - سەيسە ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىپ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولغان بولسا، پېقىر تۇتۇق بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن باش مەسئۇلىيەت-

نى ئۇستۇمگە ئېلىپ، بۇنىڭ چارىسىنى قىلىشقا ۋەدە بېرىمەن.
مىنگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئىلگىرىكى بارلىق قاتتىق سىياسەت-
لەر، خەلق ئىچىدىكى بارچە ئاغرىنىشلار تەكشۈرۈپ تۈزىتىلدى-
غۇ؟ سىلەر ئانچە - مۇنچە كۆڭۈلسىزلىكنى دەپلا كۆتۈرۈلۈپ
ئىسيان قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟ سىلەردىن سوراپ باقاي:
هۆكۈمەت چېرىكلىرى بىلەن تۇتۇشساڭلار سىلەر ئۇستۇن چىقام-
سىلەر ياكى هۆكۈمەت چېرىكلىرى ئۇستۇن چىقامدۇ؟ بۇ سىلەر-
گە بەش قولدەك ئايان. بۇنىمۇ دېمەي تۇراي، چېرىكلەرنى
ئوزۇق - تۈلۈك، ئوق - دورا قاتارلىقلار بىلەن دۆلەت تەمىنلەي-
دۇ، دۆلەت قۇرۇماس بولاقتۇر. سىلەر بولساڭلار بولارنى ئۆ-
زۈڭلار تەييارلايسىلەر. تۈگىسە تەسلىم بولۇشتىن باشقا يول
تاپالمايسىلەر. بۇنى كۆڭلۈڭلار كۆتۈرمىسە هەممىڭلارنىڭ ئۆلۈ-
شىگە توغرا كېلىدۇ. ئەهۋال شۇ دەرىجىگە يېتىپ، تېرە - پېرەن
بولۇپ، تامام قىرىلىپ كەتكىنىڭلاردىن كۆرە پېقىرنىڭ نەسىهە-
تىگە قۇلاق سېلىپ ئەل بولغىنىڭلار تۈزۈك» ㉚، دەپ ئالدىدى.
ياڭ زېڭشىن كۆرۈنۈشتە چېرىكلەرنى كۆپلەپ يۆتكەپ كېلىپ،
هۇجۇم بىلەن قىرىپ تاشلايدىغاندەك تەسىرات پەيدا قىلدى، ئەمە-
لىيەتتە بولسا ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىشنى ئاساس قىلدى.
ئۇنىڭ بۇنداق تېرە تاراقشىتىشتىكى مەقسىتىمۇ يەنىلا سۆهبەتنى
ئىلگىرى سۈرۈش ئىدى.

تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ياڭ زېڭشىن-
نىڭ هىيلە - نەيرەڭلىرىنى بىلگەچكە، ياڭ زېڭشىننىڭ كۆپ
قېتىملاپ ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىشى هېچقانداق نەتىجە بەرمە-
دى. شۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىن يەنە بىر يېڭى هىيلە ئويلاپ
تېپىپ، ئاۋامنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ،
دىنىي زاتلارنى ئەل قىلدۇرۇشقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىش قارارىغا
كەلدى.

ياڭ زېڭشىن خۇيزۇ باتالىيونىنىڭ كوماندىرى لى شۇفۇنى

ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۆمىكىنى باشلاپ قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۆھ-
بەتلىشىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار قوللىرىغا «قۇرئان» تۇتۇپ، ئىسلام
دىنى نامىدىن «قورالنى تاشلىساڭلارلا بارلىق شەرتلەرنى كېڭە-
شىپ ھەل قىلىمىز ھەمدە بىرمۇ قوزغىلاڭچىنى ئۆلتۈرمەسلىككە
كاپالەتلىك قىلىمىز»، دەپ ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر
خەلپە تەۋرىنىپ قالدى ۋە سۆھبەت ئۈتكۈزۈشكە قوشۇلۇپ تۆۋەن-
دىكىچە كېلىشىم ھاسىل قىلدى:

1) ھاشار پۇتۇنلەي بىكار قىلىنىدۇ.

2) بىرمۇ قوزغىلاڭچىنىڭ ئۆلتۈرۈلمەسلىكىگە كاپالەتلىك
قىلىنىدۇ.

3) ئۇرۇش جەريانىدا مۇسادىر قىلىنغان ۋاخىنىڭ ئاشلىق
ۋە چارۋىلىرى تۆلەپ بېرىلمەيدۇ.

4) شاھىدلىققا ئۇيغۇر مەسچىتى، خۇيزۇ شەنشى مەسچىتى
ۋە سۇجۇ مەسچىتىنىڭ چوڭلىرى قول قويىدۇ ㉛.

كېلىشىم تۈزۈلگەندىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى
قۇرئان تۇتۇپ تۇرۇپ، «كالامى شەرىپ گۇۋاھ بولسۇنكى، ۋەدە-
مىزگە ۋاپا قىلىمىز، سۆزىدىن يېنىۋالغانلارنى ئاللاتائالا ئۇدۇنيا
ۋە بۇ دۇنيا ئەھلى دوزاققا مەھكۇم قىلغاي»، «كېلىشىم ئۇيغۇر-
چە، خەنزۇچە يېزىقلاردا يېزىلىپ ئىككى تەرەپ مۆھۈر - تامغە-
لىرىنى باسىدۇ ۋە ھەربىر تەرەپ بىر پارچىدىن ساقلايدۇ»㉜،
دەپ قەسەمياد قىلىشتى.

1913 - يىلى 3 - ئايدا تۆمۈر خەلپە ۋە قوزغىلاڭچىلاردىن
160 كىشى چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى ئاتلىق قوشۇن 3 - باتاليو-
نى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، تۆمۈر خەلپە باتاليون
كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى. قوشۇن ئۇرۇمچىدە تۇرغۇزۇلدى.

بۇ ئىشلار بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شامەخسۇت ۋالى تەتۈر
ھېساب ئېلىشقا كىرىشتى، ئۇ قوشۇن ئەۋەتىپ قوزغىلاڭغا قات-
ناشقان 16 كىشىنى تۇتۇپ كاللىسىنى ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىنى

قومۇل سېپىلىغا ئېسىپ سازايى قىلدى، يەنە تاغلىق رايونلارغا يايلارنى ئەۋەتىپ مال - چارۋىلارنىڭ سانىنى ئالدى، كېمەيگەن قىسمىنى چارۋىچىلارغا تۆلەتكۈزدى، بەزىلەر تۆلەشكە ئىلاج قىلالمىغانلىقتىن باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كەتتى. دېھقانلار ۋە يانچىلار يەنىلا ھاشارغا ھەيدەلدى، تۈرلۈك ئالۋان - ياساق، باج - سېلىقلارمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئېلىنىۋەردى.

تۆمۈر خەلىپە بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، قورال - ياراغلىرىنى يوشۇرۇنچە شەھەر سىرتىغا يۆتكەپ چىقىپ، قايتىدىن ئىش تەۋرىتىشنى پىلانلىدى. ئەمما، ياڭ زېڭشىن بۇنى بايقاپ قېلىپ، تۆمۈر خەلىپىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ھەم «ئىككى كۈندىن كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ تۆمۈرنىڭ قوشۇنلىرىنى تارقىتىۋەتتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قايتا ئىش تېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەڭگۈ قومۇلغا قايتماسلىق شەرتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا پالىۋەتتى» ㉝.

شۇنىڭ بىلەن 1912 — 1913 - يىللاردىكى تۆمۈر خەلىپە يېغىلىقى مەغلۇپ بولدى. ئەمما، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ 1907 - يىلىدىكى تورپاق يېغىلىقىغا قارىغاندا جىق ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. ئۇلار قوراللىق كۈرەشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى، شۇنداقلا تاغلىق رايونلاردا مۇستەھكەم تايانچ بازا قۇرۇپ، جانلىق ئۇرۇش قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى قوللاندى ۋە ھۆكۈمەت، قومۇل ۋاڭىنىڭ قوشۇنلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. ئەمما، قوزغىلاڭچىلار يەنىلا ياڭ زېڭشىن ۋە شامەخسۇتقا قارىتا يېتەرلىك، ماھىيەتلىك تونۇشقا ئىگە بولمىغاچقا، ئۇلارغا نىسبەتەن تۈرلۈك خام - خىياللاردا بولدى، ياڭ زېڭشىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى قاپقانغا چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ يەنىلا مەغلۇپ بولدى.

## 4 § . ۋاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋال تېپىشى

1930 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شامەخسۇت كېسەل سەۋەبىدىن
ئۆلدى. ئۇزۇندىن بېرى قۇمۇل ۋاڭىغا قۇل بولۇپ كەلگەن
دېھقانلار ۋە يانچىلار بەس ـ بەستە «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە
باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» نى، يەنى قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ باش-
قۇرۇشىدا بولۇشىنى، قايتىدىن قۇمۇل ۋاڭىغا قۇل بولماسلىقى-
نى تەلەپ قىلىشتى، ئەينى ۋاقىتتا جىن شۇرېن شىنجاڭ ئۆلكى-
سىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان بولۇپ، مالىيىدە قىزىل رەقەم
كۆنسېرى كۆپىيىپ كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمايۋاتاتتى. ناۋادا
قۇمۇلدا «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» يولغا
قويۇلسا، تەبىئىي يوسۇندا باج ـ سېلىق ئېلىش دائىرىسى كېڭە-
يىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئوبيېكتى كۆپىيەتتى. شۇڭا،
جىن شۇرېن بۇنىڭغا بەكلا كۆڭۈل بۆلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا
قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ شىجاڭى ليۇ شېزېڭ، ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەت ئىچكى ئىشلار نازىرى دېڭ چېڭجاۋ (قۇمۇللۇق)
قاتارلىقلارمۇ جىن شۇرېنغا مەكتۇپ سۇنۇپ، قۇمۇلدا «مەمۇرىي
تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» نى يولغا قويۇش تەكلىپى-
نى بەردى. جىن شۇرېن ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ، بۇ ئىككىي-
لەننىڭ پىكىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە شامەخسۇت ۋاڭىنىڭ ئوغلى
نەزەرنى ئۈرۈمچىگە ئەكېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي
دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەپ، قۇمۇلدا «مەمۇرىي تۈ-
زۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» نى يولغا قويۇشقا باشلىدى.

«مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» —
قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىش
ئىدى. شۇنداقلا، بىر قانچە قېتىملىق قارشىلىق كۆرسىتىپ
قان ـ ياش بىلەن قۇربان بېرىپ يەتمەكچى بولغان نىشانى ئىدى.
شۇڭا، جىن شۇرېننىڭ بۇ قارارى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئېقىمى-

غا ماس ئىدى، خەلقنىڭ كۆڭلىگىمۇ ياقاتتى. ئەمما، جىن شۈرېننىڭ «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» نى يولغا قويۇشقا خۇسۇسىي بايلىقىنى كۆپەيتىش، خەلقنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە شۇلۇۋېلىش مۇددىئاسى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جىن شۈرېندا سىياسىيونغا خاس نەزەر كەم ئىدى. قۇمۇل ۋاڭى گەرچە ئالىلىقاچان خەلقنىڭ نەزەرىدىن قالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ جەمەت نېمىلا دېگەن بىلەن قۇمۇلنى 230 نەچچە يىل سورىغانلىقتىن زور بىر تۈركۈم چوڭ - كىچىك كاتتىۋاشلارنى يېتىشتۈرگەن بولۇپ، بۇ كاتتىۋاشلارنىڭ ھەممىسى تۈرلۈك فېئوداللىق ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىدى. «ناۋادا ناھىيە قۇرۇلۇپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش يولغا قويۇلسا، بارلىق ئىمتىيازلىرى پۈتۈنلەي قولدىن كېتەتتى. شۇنداقلا ئادەتتىكى پۇقرالارغا ئوخشاشلا ناھىيىلىك ساڭغا ئاشلىق تۆكۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ كاتتىۋاشلار بولسا بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ رازى بولمايتتى»㉞. بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا جىن شۈرېندا قىلچە تەييارلىق يوق ئىدى. سابىق تۇتۇق ياڭ زېڭشىنمۇ «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، مىنگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە سۇنغان بولسىمۇ، بۇنى يولغا قويمىغان، ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئەكسىچە بۇ ئىشنى زادىلا تىلغا ئالمىغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى سەزگۈرلۈك بىلەن بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەنىدى، جىن شۈرېن بولسا ئۇنچىلىك دانا ئەمەس ئىدى. ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندىمۇ كاللىسىغا كەلگەنچە قىلىۋېرەتتى. شۇڭا، ئۇ قۇمۇلدا مۇشۇنداق دەۋر بۆلگۈچ ئۆزگەرتىشنى ئېلىپ بېرىشنى ئويۇننىڭ قاتارىدىكى ئوۋ-ئاي ئىش، دەپ سەل چاغلىدى ياكى پۇختا قەدەملىك ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى كېيىنكى ئىشلارنى ئەتراپلىق بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقمىدى. ئەكسىچە زورلۇق - زومبۇلۇق ۋە ئۆزۈمچىلىك بىلەن خەلق كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان، مىللىي

زىددىيەتلەرنى كۈچەيتىۋېتىدىغان، بىر قانچە ئىشنى سادىر قىلـ-
دى:

1) ئاراتۇرۇكتە ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، جىن
شۇرېن گەنسۇ خىجۇدىن كەلگەن قاچاق سەرگەردان يۇرتداشلىرىـ-
نى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، نومدىكى ئۇيغۇرلار ئىجارە ئېلىپ
تېرىۋاتقان ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالدى ۋە بوز يەر
ھېسابىدا يۇرتداشلىرىغا بۆلۈپ بەردى. كېيىن بۇ يەرلەرمۇ يېـ-
تىشمەي، يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ خۇسۇسىي يەرلىرىنى بوز يەر
ھېسابىدا خەنزۇلارغا بۆلۈپ بەردى ھەمدە ئۇلارغا بۇ كۆچمەنلەرنى
ئۇلاغ، سايمان قاتارلىقلار بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش توغرىسىدا
كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈردى. ھۆكۈمەتنىڭ يەر بېجى ھەققىدىكى
بەلگىلىمىسىمۇ نامۇۋاپىق بولۇپ، ئۇيغۇرلار 1929 - يىلىدىن
تارتىپ باج تۆلەشكە ھەم بىر يىللىق باجنى قوشۇپ تاپشۇرۇشقا
بۇيرۇلدى. خەنزۇ كۆچمەنلىرىدىن بولسا تېرىۋاتقان مۇنبەت يەر-
لىرىنىڭ ئۈچ يىللىق بېجى كۆتۈرۈۋېتىلدى. ئۇچىغا چىققان بۇ
تەڭسىزلىك مىللىي زىددىيەتنى بىراقلا كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

2) ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەر دەرىجىلىك ئەمەلـ-
دارلار ئۇيغۇرلارغا تولىمۇ ئەشەددىي، ھايۋان كەبى مۇئامىلە قىلـ-
دى. ئۇلار ئۇيغۇر قىزلىرىنى كۆڭۈل ئېچىشقا مەجبۇرلاپ،
مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتقا زەرەر يەتكۈزدى. يەنە يەر-
لىكلەر خەنزۇلار بىلەن تويلاشسۇن، دىنىنى بىكار قىلسۇن، دەپ
داۋراڭ سالدى. بۇلار ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېتىقاندا زادىلا
سەۋر قىلىپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئىشلار ئىدى.

شۇنداق قىلىپ مىللىي زىددىيەت سىنىپىي زىددىيەتنى بې-
سىپ كەتتى، ۋاڭ ئوردىسىدىكى كونا ئەمەلدار - تۆرىلەر كەڭ
ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە بولغان غەزىپىدىن
پايدىلىنىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى يىرىكلەشتۈردى. شۇنىڭ
بىلەن ۋاڭ ئوردىسىدىكى كونا ئەمەلدارلار تەشكىللىگەن ۋە رەھـ-

بەرلىك قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى كۆزگە كۆرۈ-
نۈپلا قالدى. ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق ئارا تۈرۈكنىڭ 6 -
رايوندىكى ئابدۇنىياز مىراب بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئاساسلىق
تەشكىللىگۈچىسى ۋە رەھبىرى بولدى. جىن شۇرېن يولغا قويغان
«مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» سىياسىتى
ئۇنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتقاچقا، ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق
نارازى ئىدى. جىن شۇرېن ئەمەلدارلىرىنىڭ چېرىكلىكى، مىلە-
لىي زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن
ئىش تېرىشنىڭ ياخشى باھانىسى بولۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ 6 - رايوندىكى ئادەملىرىنى توپلاپ، قوزغىلاڭ قىلىشنى
پىلانلىدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدىكى يېتەكچىلىك
ئورنىنى تىكلىدى. يەنە شۇپۇلغا ئادەم ئەۋەتىپ سالى مەتنىياز
دورغا بىلەن ئالاقە باغلىدى. سالى مەتنىياز دورغا شۇپۇل، قارا
مۇقچى قاتارلىق جايلاردىكى ئادەملىرىنى يىغىپ، قوراللىق ئىس-
يان مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى ھەم ئۆزى شۇپۇل ئەتراپىدىكى
قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى بولدى.

نوم ۋە شۇپۇل يېزىلىرى زىچ ئالاقىدا بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا
ئىش باشلاشنى كېلىشىۋالدى. دەل مانا مۇشۇ ۋاقىتتا «شۇپۇل
ۋەقەسى» يۈز بەردى: شۇپۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ پەيجاڭى
جاڭ گوخۇ بىر ئۇيغۇر قىزىنى مەجبۇرى يوسۇندا نىكاھىغا ئالماق-
چى بولدى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە مۇخالىپ كەلگەچ-
كە، يەرلىك ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋاقتىنى ئالدىغا سۈرۈپ، جاڭ
گوخۇ تويلىشىدىغان كۈنگە تۇغرىلىدى. 1931 - يىلى 2 -
ئاينىڭ 27 - كۈنى جاڭ گوخۇ قىز كۆچۈرگىلى كەلگەندە شۇپۇل
دېھقانلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇن-
نى تولۇق جايلىۋەتتى ھەمدە قوشنا قاراۋۇلخانىغا ھۇجۇم قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئارتۇرۇكتە ئابدۇنىياز مىراب قوماندا-

لىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار توخۇلۇ، باي، تۇركۆل قاتارلىق جايلار-دىكى تەكشۈرۈش ئىدارىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئوفىتسېر - ئەس-كەرلەرنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. ئاراتۇرۇك ئەتراپىدىكى خەنزۇ سو-دىگەرلەرنىڭ يېرىمى ئۆلتۈرۈلدى. نوم تەرەپتىكىلەرمۇ شۇ ئاخ-شىمى، تەكشۈرۈش ئىدارىسى ۋە قاراۋۇلخانىدىكى ئەسكەرلەرنى تامام يوقاتتى ھەم بۇ جايدىكى 120 نەچچە كۆچمەن خەنزۇ دېھقان-نى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. شۇ كۈنى قوزغىلاڭ ھەرقايسى تاغلىق رايونلاردا ئومۇميۈزلۈك پارتلىدى.

قوزغىلاڭ باشلانغاندىن كېيىن، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ نەۋرى-سى بېشىر قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا ئالتۇن ۋە پۇل - پۈچەك ئىئانە قىلدى، ۋاڭ ئوردىسىدىكى سابىق ئەمەلدار يولۋاسمۇ قوز-غىلاڭچىلار قوشۇنىغا يوشۇرۇنچە ھەربىي ماددىي ئەشيا ئەۋەتىپ بەردى. قوزغىلاڭچىلار ھۆكۈمەت قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەي قې-لىشتىن ئەنسىرەپ، يەنە گەنسۇ ئەتراپىدىكى خۇيزۇ ئىسيانچى ماجۇڭيىڭنى شىنجاڭغا كېلىشكە ۋە قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىك-تە قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. جىن شۇرېن قۇمۇلغا بىر قانچە قېتىم قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھەممىسىدىلا مەغلۇپ بولدى.

قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تەدرىجىي ئىككى زور كۈچ بولۇپ شەكىللەندى: بىر قىسىم كۈچلەرگە ۋاڭ ئوردىسىدىكى سابىق ئەمەلدار يولۋاس باش بولدى، يەنە بىر قىسىم كۈچلەرگە خوجى-نىياز ھاجى باش بولدى. بۇ ئىككى بۆلەك كۈچ بىر - بىرىگە بويسۇنمىغانلىقتىن، قولمۇقول جەڭ قىلمىقى تولىمۇ قىيىن بول-دى. قوزغىلاڭچىلار بىلەن ماجوڭيىڭ قىسمىمۇ «ھەر كاللىدا بىر خىيال» دېگەندەك ئەھۋالدا ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوز-غىلاڭنىڭ تېزدىن كېڭىيىشىنى چەكلەپ قويىدىغان مۇھىم ئامىل-لاردىن بولۇپ قالدى.

قۇمۇل قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ

سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى مالىمانچىلىقتا چۈشۈپ قالدى، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىمۇ بوراندىكى قامغاقتا ئوخشاش لىڭشىپ قالدى. 1933 - يىلى شىنجاڭدا «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، جىن شۇرېن تەختتىن غۇلاپ چۈشتى. جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ تەرىپىدىن بىكار قىلىنغان قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئاتا مىراس ھۆكۈمرانلىقىمۇ دەۋر-نىڭ تەرەققىياتى، تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشى ئاستىدا قايتا ئەسلىگە كېلەلمىدى.

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ئەڭ دەسلەپ تەشكىللىگۈچى-لەر ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كونا ئەمەلدارلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوز-غىلاڭ قىلىشتىكى مەقسىتى ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. بۇ ھال بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايتتى. بېشىرنىڭ قوزغىلاڭ-چى قوشۇنغا ياردەم بېرىشى، يولۋاسنىڭ بىۋاسىتە قىستىلىپ كىرىشىمۇ، مۇئەييەن دەرىجىدە قوزغىلاڭنىڭ خاراكتېرىنى بەل-گىلەپ قويغانىدى. بۇ كىشىلەر ئۆزىنىڭ سىنىپىي مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ «ۋاڭلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرەيلى» دېگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. كەڭ خەلق ئاممىسى دەماللىققا چىقىش يولى-نىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇلار قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قۇللۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشنى ئۆزۈندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئورنىغا جىن شۇرېننىڭ قاتمۇقات بويۇنتۇرۇقى ئالماشتى! ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دەھشەتلىك ھاشار سەيسىلىرىنىڭ ئورنىنى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ زور-لۇق - زومبۇلۇقى ۋە مىللىي زۇلۇمى ئىگىلىدى. ئۇلار پەقەت جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەكلىكىنىلا بىلەتتى. ئەمما، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش-تىكى مەقسەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. خوجىنىياز ھا-جى بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدا بارلىققا كەلگەن دېھقانلار داھىيسى

بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا يىراقنى كۆرەرلىك كەمچىل ئىدى، شۇڭا ئۇمۇ بىخۇدلۇقتىن ساقلىنالمىدى. «ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشتەك سىياسىي قارا نىيەت يوق ئىدى، شۇنداقلا ئۇ پانتۈركىزملىق ئېتىقادتىمۇ ئەمەس ئىدى، پەقەتلا بىر رايوننى بۆلۈۋېلىش خىيالى بار ئىدى. ناۋادا بىرەر ياخشى ھۆكۈمەت بولسا، ئۇ بۇ ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشنى رازىمەنلىك بىلەن خالايتتى. ناۋادا بۇنداق ھۆكۈمەت بولمىسا ئۇ مۇقەررەركى داۋاملىق ئۆز كۈچىنى كېڭەيتىپ، كۈچىيىشىنى ئىستەيتتى»㉟. سىنىپ ۋە دەۋرنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن خوجىنىياز ھاجى بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدىكى سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمدىن ئۈزۈل - كېسىل ئازاد بولۇش يولىغا باشلىيالمىدى، نەتىجىدە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ تارىختىكى يەنە بىر قېتىملىق تراگېدىيە بولۇپ قالدى.

## ئىزاھ:

① «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 544 - جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى 8 - ئاي.

② «چىڭ گاۋزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 535 - جىلد، 28 - 29 - بەتلەر.

③ «قۇمۇل ۋاڭنىڭ سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىقى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1 - قىسىم 30 - بەت.

④ «چىڭ مۇزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 110 - جىلد، توڭجىنىڭ 3 - يىلى 7 - ئاي.

⑦⑥⑤ «چىڭ مۇزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 113 - جىلد، توڭجىنىڭ 3 - يىلى 8 - ئاي.

⑧ «چىڭ مۇزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 117 - جىلد توڭجى-

نىڭ 3 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

⑨⑩ «چىڭ مۇزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 118 ـ جىلد، توڭجىنىڭ 3 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

⑪⑫ «چىڭ مۇزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 120 ـ جىلد، توڭجىنىڭ 3 ـ يىلى 11 ـ ئاي.

⑬ «چىڭ موزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 128 ـ جىلد، توڭجىنىڭ 4 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

⑭ «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان قاراقچىلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 107 ـ جىلد.

⑮ يۇقىرىقى ئەسەر، 219 ـ جىلد.

⑯⑰⑲㉓㉛㉜㉝ شىنجاڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى تۈزگەن «قۇمۇل دېھقانلار ھەرىكىتىگە ئائىت ماتېرىياللار»، 1962 ـ يىل 4 ـ ئاي، شاپاگراف نۇسخىسى 5ـ، 6ـ، 9ـ، 12ـ، 12ـ، 13ـ بەتلەر.

⑱ زاكىر نىياز: «تورپاق يېغىلىقى ۋە تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى»، «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 13 ـ قىسىم.

⑳ جۇڭگو 1 ـ تارىخ ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان، خان ئۆزى تەستىق سالغان مىللەتلەر ئىشلىرى (ئۇيغۇرلار) غا دائىر مەلۇماتنامىلەر «گەنسۇ ـ شىنجاڭ باش مۇپەتتىش ليەن كۇينىڭ قۇمۇل، تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەللە ـ پاراقنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن تېرىغان ئىشى ۋە ئۇنىڭ باش جىنايەتچىلىرىنىڭ جازالانغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنامىسى».

㉑㉒ سەي جىنسوڭ، سەي يىڭ: «1907ـيىلىدىكى قۇمۇل دېھقانلار ھەرىكىتىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» 1987ـ يىللىق 1 ـ سان.

㉔㉕㉖ يۈەن داخۇا: «رېنزى يىلىدىكى سەپەر خاتىرىسى».

㉗ ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر»، 2 ـ جىلد. بىرىنچى قىسىم «قۇمۇلدىكى ئىسياننىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن باش

دۇان بېگى جاڭ سەيتىڭنىڭ ئەل قىلدۇرۇشقا بارغانلىقى توغرىسىدا تېلېگ-رامما» .

㉘ ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر» ، 2 - جىلد، بىرىنچى قىسىم «قۇمۇل ئامبىلى بەي ۋېنچاۋنىڭ توپلاڭچىلارغا ھۇجۇم قوزغاش ھەققىدىكى تەكلىپىگە بېرىلگەن بۇيرۇق» .

㉙ ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر» ، 2 - جىلد، بىرىنچى قىسىم «قۇمۇل ۋاڭنىغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالۋان - سەيسە-سىنى ئازايتىش توغرىسىدا بېرىلگەن تەكلىپ» .

㉚ ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر» ، 2 - جىلد، بىرىنچى قىسىم «قۇمۇلدىكى غەلىيانچى مۇسۇلمانلارنىڭ قورالىنى تاشلاپ ئەل بولۇشى توغرىسىدا چۈشۈرۈلگەن پەرمان» .

㉞ چېن گېڭيا: «غەربىي شىمالنى تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى» ، جۇڭ-خۇا مىنگونىڭ 25 - يىلى 10 - ئاي نەشرى 350 - بەت.

㉟ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم» 1984 - يىلى نەشرى 133 - ، 134 - بەتلەر.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى

وفات [illegible]

[illegible]

# يەتتىنچى باب ئىمىن خوجىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكى يولىدا قوشقان تۆھپىلىرى

## § 1 . ئىمىن خوجىنىڭ لۈكچۈننىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىشى

چىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە تۇرپان ئويمانلىقىغا چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. 1680 - يىلى جۇڭغار موڭغۇللىرى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىستېلا قىلدى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرىنىڭ كۈچى قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، پەقەت نامىدىلا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىپ، ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى تەيىنلىگەن ھۆكۈمرانلار قولىغا ئېلىۋالدى.

«خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن قارام بولغان موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭ - بەگلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەردە، ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلارغا مۇناسىۋەتلىك يازما خاتىرىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا «كاڭشىنىڭ 59 - يىلى تەرتىپ ۋەزىرى ئالانا لەشكەرلەر بىلەن پىچان، لۈكچۈن، تۇرپان قاتارلىق شەھەرلەرگە يېتىپ كەلدى. ‹زور قوشۇن جۇڭغارلارغا يۈرۈش قىلىدۇ. ھەرگىزمۇ سىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ› دەپ يارلىق چۈشۈرۈلدى… ئۇيغۇر ئاۋاملىرى ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلىپ چارۋىلىرىدىن 500 تۇياقتىن تاپشۇرۇشتى. ئاغلاقچى شاھ زەپەر، بەگ ئاق سۇلتان قاتارلىقلار ئەل بولدى. تۇرپاننىڭ

ئاقساقىلى ئاسى خوجا تەسلىم بولماي جوڭغارلار يېرىگە كەتتى»①، دەپ خاتىرىلەنگەن. مانا بۇلاردىن ئىمىن خوجىنىڭ بۇ مەزگىللەردە تېخى تۇرپان ئويمانلىقىدا مۇھىم شەخسكە ئايلانمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە «ئىمىن خوجا تۇرپانلىق ئۇيغۇر، بوۋىسى سوپى خوجا قاراغوجىنىڭ ئاخۇنى، دادىسى نىياز خوجا تۇرپاننىڭ چوڭ ئاخۇنى، ئىمىن خوجا جەمەتى لۇكچۇنگە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان»② دەپ خاتىرىلەنگەن. يەنى ئىمىن خوجىنىڭ بوۋىسى ۋە دادىسى پەقەتلا دىنىي زاتلار بولغان، ھەرگىزمۇ ھاكىمىيەت تۇتقان جەمەت بولمىغان. مەزكۇر ئەسەردە «كاڭشىنىڭ 59 - يىلى زور قوشۇن تۇرپاننى ئەمىن تاپقۇزدى، ئىمىن خوجا شۇئان لۇكچۇندە ئەل بولدى»③، دېيىلگەن. ئەمما، «جوڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا يۇقىرىدىكى بايان شۇبھىلىك بولۇپ، «ئىمىن خوجا غوجەش بەگنىڭ دادىسى ئاسى خوجا ئەسلىدە تۇرپاننىڭ بېگى ئىدى. كاڭشى يىللىرىدا زور قوشۇن تۇرپانغا كىرگەندە، ئىككى قېرىندىشىم لۇكچۇندە ئەل بولدى. ئاسى خوجا جوڭغارلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى. زور قوشۇن چېكىنگەندىن كېيىن سىۋان ئارابدان ئاسى خوجىنى قويۇپ بېرىپ ئىككى قېرىندىشىمنى قەتل قىلدى. تۇرپان، لۇكچۇندىكى ئۇيغۇر ئاۋاملىرىنى قارا شەھەرگە كۆچۈردى. كېيىن يەنە ئۈچقا كۆچۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەر ئۈچتۇرپان دەپ ئاتالدى دېگەن»④. بۇ مىسال قىلىنغان تارىخىي ماتېرىياللار ئىمىن خوجىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتقىنى بولۇپ، ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى. ئۇنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، 1720 - يىلى ئۇنىڭ ئىككى قېرىندىشى لۇكچۇندە ئەل بولغان، ئەمما ئۇ لۇكچۇندە ئەل بولمىغان.

يەنە «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى

خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، «كاڭشىنىڭ 18 - يىلى (1679 - يىلى) ئىمىن خوجا پىچاننىڭ ھاكىملىق ئەمىلىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، جۇڭغار باسمىچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى دەستىدىن ئۇيغۇر ئاۋامىلىرىنى باشلاپ ئىچكىرىگە بەيئەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان»⑤. بۇ نۇقتا توغرىسىدا زوكوتۇ ئەپەندى «بۇ يازما خاتىرە ئاساسلانغان ئاساسىي تارىخىي دەلىللەر ئېنىق ئەمەس، بەيئەت قىلغان يىل، ئايلارمۇ ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن. «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى»، كاڭشىنىڭ 59 - يىلى (1720 - يىلى) 8 - ئاي تارمىقىدا «پىچان شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى 300 ئادەمنى باشلاپ ئەل بولدى، دەپ يېزىلغان. بۇ يەردە گەرچە بۇ پىچان شەھىرىنىڭ ئاقساقىلى ياكى بېگىنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئىمىن خوجا ئىكەنلىكىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ»⑥ دەيدۇ. بىزمۇ زوكوتو ئەپەندىنىڭ تەھلىلىنىڭ ئاساسى يوق دەپ قارىمايمىز. ئالدى بىلەن، لۇكچۈننى ئۇنىڭ ئىككى قېرىندىشى باشقۇرغان بولۇپ، ئىمىن خوجىنىڭ مەزكۇر شەھەردە ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشىنىڭ تازا مۇمكىنچىلىكى يوق. ئەينى چاغدا ئاسى خوجا لۇكچۈنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇرۇشتا ئۇنىڭ ئىككى قېرىندىشى ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلاردىن ئەينى ۋاقىتتىكى كۈرەشنىڭ تۇيۇقسىز ۋە شىددەتلىك بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. ھەتتا ئۇلارمۇ قېچىپ كېتەلمىگەن ياكى ھايات قالالمىغان يەردە ئىمىن خوجا لۇكچۈندە بولسا ھايات قېلىش مۇمكىنچىلىكى ھەرگىزمۇ زور بولمايدۇ. ئاسى خوجا بىلەن ئىمىن خوجا بۆلۈنمىچىلىككە قارىمۇقارشى پوزىتسىيە تۇتقان. ئاسى خوجا جۇڭغار بۆلگۈنچى كۈچلىرىگە يۆلىنىپ قارا شەھەرگە كۆچۈپ بېرىۋالغان. ئىمىن خوجا ۋە ئىككى قېرىندىشى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇرۇپ، لۇكچۈن شەھىرىنى تەقدىم قىلىپ بەيئەت قىلغان. سىياسىي جەھەتتىكى چەك - چېگرا ئۆچمەنلىك ۋە قىرغىنچىلىقنى كەلتۈ-

روپ چىقارغان. يەنە باشتىكى گېپىمىزگە كەلسەك، ئىمىن خوجا
ئۆزى لۈكچۈننىڭ ئاقساقىلى بولغان ئەمەس. ئاسى خوجا شەھەر-
گە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنىڭ ئىككى قېرىندىشىنى تۇتقۇن قىلىپ
ئۆلتۈرگەن ۋاقىتتا، ئىمىن خوجا ئېھتىمال توردىن چۈشۈپ
قالغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا، «جۇڭغارلارنى تىنچى-
تىش تەدبىرلىرى» ۋە «چىڭ شىنزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»
دىمۇ ئوخشاشلا «تۇرپانلىق ئۇيغۇر ئالىم خوجا قاتارلىقلارنىڭ
ئېيتىشىچە، سىۋان ئارابدان ئۇيغۇر ئاۋاملىرىنى قارا شەھەرگە
كۆچۈرگەندە ئۇيغۇرلار ئارقا - ئارقىدىن قېچىپ كېلىشكەن.
جۇڭغارلار قوغلاپ كەلگەندە ئۇيغۇرلار پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى-
لىق كۆرسىتىپ ئۇلارنى چېكىندۈرگەن. ھازىر لۈكچۈندە تۇرۇ-
ۋاتقانلار بىرلىكتە توختى مامۇت قاتارلىقلارنى باش قىلىشنى
كېڭىشىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن»
⑦ دېيىلگەن. ئەگەردە ئىمىن خوجا لۈكچۈننىڭ ئاقساقىلى بول-
غان بولسا، ئۇ ھالدا توختى مامۇتنىڭ پۇت تېرەپ تۇرۇشى تەس
بولىدۇ. چۈنكى، بوستانلىقتىكى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى يەر ۋە
سۇنى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، سىرتتىن نۇرغۇن كۆچمەنلەرنىڭ
كېلىشى مۇقەررەر ھالدا يەرلىكلەر بىلەن يەر تالىشىش توقۇنۇشى-
نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، يەنى ئىمىن خوجىنىڭ يەرلىك ئاھالى-
لەرگە باشلامچىلىق قىلىپ توختى مامۇتنى چەتكە قېقىشى چو-
قۇم. توختى مامۇتنىڭ لۈكچۈندە پۇت تېرەپ تۇرالىشى ئېھتىمال
لۈكچۈننىڭ يەرلىك ئاقساقاللىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاھالىلىرى-
نىڭ باشسىز قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە،
ئەگەردە لۈكچۈننىڭ يەرلىك ئاقساقىلى ئىمىن خوجا بولغان بول-
سا، ئۇنداقتا «مۇسۇلمان رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»
دەك مۇشۇنداق ئەسەردە ئاشۇنداق مۇھىم شەخسنىڭ لۈكچۈندە
ئەل بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن يەردە «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى»
دە ئۇ توغرۇلۇق خاتىرىنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئەمە-

لىيەتتىمۇ 1730 ـ يىللارغا كەلگەندە ئاندىن ئىمىن خوجىنىڭ بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك يازما خاتىرىلەر كۆرۈ-لۈشكە باشلايدۇ⑧. يـۇقىرىقـىلارنـى كـۆزدە تـۇتقـاندا، ئـىـمىن خوجا 1720 ـ يىللاردا لۈكچۈندە بولمىغان دېگەن پەرەزلەر بىر قەدەر ئىشەنچلىكتەك تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ: «1720 ـ يىلى (كاڭشىنىڭ 59 ـ يىلى) ئىمىن خـوجا پىچـانغـا ھـاكىمبـەگ قىلىپ تەيىنلەنگەن»⑨، دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئۇنداقتا ئىمىن خوجا قانداق قىلىپ پىچاننىڭ ھاكىمبەگلى-كىدىن لۈكچۈننىڭ ئاقساقاللىقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟

بىز 1988 ـ يىلى قىشتا پىچاننىڭ لۈكچۈن بازىرىدا ئەمە-لىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، بەزىبىر رىۋايەتلەرنى توپلىغان-دۇق. تۆۋەندىكىسى قەلەمگە ئېلىنىپ رەتلەنگەنلىرى بولۇپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ياردىمى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 18 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە لۈكچۈندە ئەخمەت باھادىر ۋاڭ ئىسىملىك بىرەي-لەن ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئىنتايىن زالىم ھۆكۈمران بولغاچقا، يەر-لىك خەلق ئۇنىڭدىن بىزار ئىكەن. ئىمىن خوجا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز جەمەتىنىڭ ئەسلىدىكى يېرى — لۈكچۈننى ئىگى-لىمەكچى بولۇپتۇ. شۇ ۋەجىدىن ماددىي ئەشيالارنى تەييارلاپ ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇپتۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىشلار ئەخمەت باھادىر ۋاڭنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر كۈنى مېھمان چاقىرىش نامى بىلەن ئىمىن خوجىنى ۋاڭ مەھكىمىسىگە ئالداپ ئەكېلىپ، كاللا كېسەللەرنى يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ. ئىمىن خوجا 10 نەچچە ھەمراھىنى ئەگەشتۈرۈپ زىياپەتكە كېلىپتۇ. ئەمما، ئىمىن خوجىغىلا ئىچ-كىرىگە كىرىشكە ئىجازەت بېرىلىپ، ھەمراھلىرى سىرتتا قالدۇ-رۇلۇپتۇ. ئىمىن خوجا بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ قاپتۇ. دەل شۇ

چاغدا، ئەخمەت باھادىر ۋاڭنىڭ ئىمىن خوجا بىلەن بىر يۇرتلۇق ئۇچىنچى ئايالى ئاستىرتتىن ئىمىن خوجىغا كاللا كېتىدىغانلىقىنىڭ ئىشارىتىنى قىپتۇ. ئىمىن خوجا شۇئان سەگەكلىشىپ، دەرھال كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ ـ دە، «مەن سوۋغىنى سىرتتا ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن، بېرىپ ئەكېلەي» دەپ بۇرۇلۇپلا ئۇچقاندەك قورۇدىن چىقىپ، ھەمراھلىرىغا «تېز قېچىڭلار، ۋاڭ بىزنى ئۆلتۈرمەكچى» دەپ ۋارقىراپتۇ. ھەمراھلىرى شۇئان ئاتلىرىغا مىنىشىپ ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىشىپتۇ.

ئىمىن خوجا ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يېرىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەسكەرلەرنى تېخىمۇ قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇپ، ئات ـ ئۇلاغ توپلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئەخمەت باھادىر ۋاڭنىڭ سىرتقا ئوۋغا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋاڭ مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىپتۇ. ئەخمەت باھادىر ۋاڭ قايتىپ كېلىپ، ھەممەيلەننىڭ ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال قويرۇقىنى خادا قىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىمىن خوجا ئۆز جەمەتىنىڭ ئىگىدارچىلىق يېرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، لۈكچۈننىڭ سەردارى بولۇپ قاپتۇ.

بۇ رىۋايەتتە گەرچە ئىمىن خوجىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەر كۆرسىتىپ بېرىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يىچان دەپ قىياس قىلغىلى بولىدۇ. لۈكچۈننىڭ ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر دېيىلىشىمۇ ئىمىن خوجا قەيت قىلغان ئۇنىڭ ئىككى قېرىندىشىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا لۈكچۈننى تەقدىم قىلىپ بەيئەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى يازما خاتىرىلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن يىل بىزنىڭ قىياسىمىزچە 1725 ـ يىلى توختى ماموت 600 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ سۇجۇ ئايمىقىنىڭ جىنتا ئىبادەتخانىسى، ۋېيلۇ قورغانلىرىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئەمەلىي ھوقۇقلۇق شەخس ئەخمەت باش كۆتۈرۈپ چىققان چاغ بولسا كېرەك. ئۇنداقتا ئىمىن خوجىنىڭ

ئەخمەت باھادىر ۋاڭنى مەغلۇپ قىلىشى 1725 — 1730 - يىللىرىدىكى ئىش بولىدۇ.

## § 2 . چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىپ جۇڭغار بۆلگۈنچى كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش

چىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭغار موڭغۇللىرى چىڭ سۇلالىسىغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى. 1672 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غالداننىڭ جۇڭغارلارنىڭ ئاقساقىلى بولۇشىنى تەستىقلىدى. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەيلا غالدان چىڭ سۇلالىسىغا: «غەربىي شىمال ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىگە مەن ئىگىدارچىلىق قىلىشىم كېرەك. كۆكنۇرنى مېنىڭ ئەجدادلىرىم بىلەن سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار تەڭ ئىگىدىلىگەن. بۇگۈنگە كەلگەندە سىلەر تەنھا ئىگىلىۋالدىڭلار. ئەمدى مەن ئۇنى قايتۇرۇۋالىمەن» ⑩ دېدى. ئۇنىڭ بۇ غەرىزى گەرچە ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۆلگۈنچىلىك قارا نىيىتى ئاشكارىلىنىپ قالدى. 1678 - يىلى، ئۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى دىنىي مەزھەپ كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ، ئەسكەر چىقىرىپ جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋالدى. ئون نەچچە يىل ئىچىدە «ئۇيغۇرلارنى قوشۇۋېلىپ، قوشنا قەبىلىلەرنى يۇتۇۋېلىپ، كۈچى بارغانسېرى زورىيىپ، نەپسىمۇ بارغانسېرى يوغىنىدى» ⑪ . 1690 - يىلى غالدان خالخا موڭغۇللىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىش نامى بىلەن بېيجىڭغا 700 چاقىرىم كېلىدىغان ئۇلان بوتۇنغىچە يېتىپ كېلىپ، كاڭشى خانغا «ئالىيلىرى جەنۇبنى باشقۇرسىلا، مەن شىمالنى باشقۇراي» ⑫ دېدى. بۇ ئەھۋالدا كاڭشى خان ئۆزى بىۋاستە 1690 - يىلى، 1696 - يىلى ۋە 1697 - يىلى ئۈچ قېتىم جازا يۈرۈشىگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولدى. غالدان مەغلۇپ

بولۇپ، ئاخىر زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالدى.

غالدان ئۆلگەندىن كېيىن، سىۋان ئارابدان جوڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقتى. ئەمما، ئۇ داۋاملىق ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. قارام بولغان ئۇيغۇرلارغا قارىتا كۆلنى لىيىتىپ بېلىق تۇتۇشتەك بۇلاڭچىلىق شەكىلدىكى ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويدى. «ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئۇنىڭ دەھشەتلىك بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرىغاچقا، ئۆچمەنلىكى قاتتىق كۆچەيدى»⑬. 1697 ـ يىلى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەردارى ئەبەيدۇللا بەگ غالداننىڭ ئوغلىنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى چىڭ سۇلالىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ بەيئەت قىلدى. 1720 ـ يىلى چىڭ قوشۇنلىرى تۇرپان ئويمانلىقىغا كىردى. خۇددى ئالدىدا بايان قىلىنغاندەك، ئىمىن خوجا پىچاننىڭ ھاكىمبېگى سالاھىيىتى بىلەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جوڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى. باشقا شەھەرلەر، مەسىلەن لۈكچۈن، تۇرپان قاتارلىق شەھەرلەرمۇ دەررۇ چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى تۇرپان ئويمانلىقىنى بىۋاسىتە كونترول قىلىشقا باشلىدى.

ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە چەمبەرچاس باغلىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قوۋۇقتىن چىققاندا ھەربىي ئاشلىق تەمىناتى ئىنتايىن مۇھىم ھەم ناھايىتىمۇ قول تۇتىدىغان مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. تۇرپاننىڭ ھاۋاسى ئىللىق، يېرى مۇنبەت بولغاچقا، ئىمىن خوجا ئۆزىگە قاراشلىق ئۇيغۇرلارغا باشلامچىلىق قىلىپ «بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ»، پەرمانبەردار بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى ئاشلىق غېمىدىن خالاس قىلدى. يۇڭجېڭ خان ئىمىن خوجىغا 20 توپ شايى، قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارغا 2000 سەردىن

كۆمۈش ئىنئام قىلدى⑭.

جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ تۇرپانغا قارىتا پاراكەندە قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىشتىكى مەقسىتى «چىڭ قوشۇنلىرىنى ھالىدىن كەتكۈزۈش» ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ئەسكەر چىقىرىپ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغا ياردەم قىلغان ۋاقىتتا، ئۇلار شەپىنى ئاڭلاپلا بەدەر تىكىۋەتتى.

يۇڭجېڭنىڭ 9 ـ يىلى (1731 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا سېۋان ئارابدان ئەسكەر ئەۋەتىپ لۈكچۈنگە ھۇجۇم قىلدى. ئىمىن خوجا قاتتىق تۇرۇپ شەھەرنى قوغداپ، ئاساسەن ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ جۇڭغارلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى.

شۇ يىلى 6 ـ ئايدا، جۇڭغار موڭغۇللىرى يەنە لۈكچۈنگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش توغرىسىدا «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دە بىر قەدەر تەپسىلىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بولۇپ، «يارلىق بويىچە مۇشاۋۇرلار يىغىلىپ، ئۇلۇغ سانغۇن يۆجوڭچىنىڭ مەلۇماتنامىسى يەتكۈزۇلدى: جۇڭغار ئوغرىلىرىدىن 2000 دىن ئارتۇقى لۈكچۈن شەھىرىنى قورشىۋېلىپ 20 كۈندىن ئارتۇق كېچە ـ كۈندۈز دېمەي ھۇجۇم قىلغان. تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار باتۇرلۇق بىلەن قايتۇرما زەربىگە ئۆتۈپ، ئوغرىلاردىن 200 دىن ئارتۇقىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇرغۇنىنى يارىلاندۇرغان» ⑮ . دېيىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇرۇش يەنىلا داۋاملاشقان. يۆجوڭچىنىڭ مەلۇماتنامىسىدا «ئوغرىلار لۈكچۈننى 40 كۈندىن ئارتۇق قورشىۋالدى» دېيىلگەن. مانا بۇنىڭدىن ئۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقانلىقىنى، ناھايىتى دەھشەتلىك بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «ئوغرىلار لۈكچۈن شەھىرىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىغاندىن كېيىن، ئەتراپتىكى قارا غوجا قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ 300 دىن ئارتۇق ياغاچ شوتا بىلەن سېپىلغا ھۇجۇم قىلغان. ئۇيغۇرلار مىلتىق بىلەن 300 دىن ئارتۇقىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن»⑯ .

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى لۇكچۇن شەھىرىگە كەلگەن ۋاقىتتا، «ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى ئىمىن خوجا ۋە قېرى - ياش، ئەر - ئايال ھەممەيلەن شەھەردىن چىقىپ قارشى ئالغان. تەنتەنە ساداسى جاھاننى لەرزىگە سالغان»⑰.

يۇڭجېڭ خان ئىمىن خوجىنىڭ ساداقەتمەن جاسارىتىدىن ناھايىتىمۇ مەمنۇن بولغان ھەمدە «ئىمىن خوجا ئۇيغۇر ئاۋامىلىرى بىلەن سەمىمىي نىيەتتە خانىدانلىقىمىزغا بەيئەت قىلىپ، ئوغرىلارغا باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. ئالدىنقى يىلى ئوغرىلار 3 قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇيغۇر پۇقرالار ۋە سەركەردە - لەشكەرلەر باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ پۈتۈن شەھەرنى ئامان ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پۇرسەت تېپىپ قايتۇرما زەربىگە ئۆتۈپ ئوغرىلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى بىتچىت قىلدى. ئۇلارنىڭ ساداقەتمەنلىك، جاسارەتلىك ئىرادىسى تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ» ⑱ دېگەن. ئىمىن خوجىنىڭ جۇڭغار موڭغۇللىرىغا قارشى تۇرغانلىق ئەھۋالى توغرىسىدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئەنقەرە ئانتروپولوگىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىمۇ يازما خاتىرىلەر بار⑲.

يۇڭجېڭ خان «تۇرپان ئوغرىلارغا ناھايىتى قاتتىق دەككە بەردى. ئوغرىلارمۇ ئۇلارغا ناھايىتى ئۆچ بولۇپ كەتتى. كېيىنچە ئۇلار تۇرپانغا قاتتىق تېگىش قىلىپ ئۆچ ئېلىشى چوقۇم»⑳ دەپ قاراپ، ئىمىن خوجا باشچىلىقىدا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى گەنسۇنىڭ گۇاجۇ دېگەن يېرىگە كۆچۈرۈشنى قارار قىلدى. 1732 - يىلى، ئىمىن خوجا جۇڭغار بۆلگۈنچى كۈچلىرىگە قارشى جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىگە قاراشلىق ئۇيغۇرلارنى باشلاپ گەنسۇغا كۆچتى.

## § 3 . تۇرپاندىكى مەڭلىك توپىلىڭىغا قارشى تۇرۇش

«ۋاڭ - بەگلەرنىڭ تەرجىمىھالى» دا مەڭلىكنىڭ نەسەبى توغرىسىدا: «بوۋىسى مارجان چوقى، دادىسى تۆمۈر خوجا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە تۇرپاندا ئولتۇراقلىشىپ ئاغلاقچى بولغان، مەڭلىك تارخان بەگ دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن㉑. چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى) «تۇرپاننىڭ بېگى مەڭلىك 1000 تۈتۈننى باشلاپ ئەل بولغان»㉒. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» 29 - جىلددا خاتىرىلىنىشىچە، شۇ يىلى 11 - ئايدا «تۇرپاننىڭ تارخان بېگى مەڭلىك ئوغلى ئاق غوجىنى ئەۋەتىپ، ئەسكەر چىقىرىپ ياخشىلىق قايتۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى» بىلدۈرگەن. چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى (1756 - يىلى) «مەڭلىك ئات سوۋغا قىلىپ، ئىنىسى ھاشىم، ئوغلى نىياز بىلەن ئوردىغا سالامغا بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان». چىڭ سۇلالىسى «تۇرپان ھازىرچە مۇقىم ئەمەس. مەڭلىك ئۆز يېرىنى ياخشى باشقۇرۇپ تۇرسۇن. بۇ قېتىم ئىنىسى ياكى ئوغۇللىرىدىن بىرىنى بېيجىڭغا ئەۋەتسۇن، ئۆزى ۋاقتىنچە سالامغا كەلمەي بىر - ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن قايتا ئىلتىماس سۇنسۇن»㉓ دېگەن. كېيىن «مەڭلىك ۋاقتىنچە ئۆزىگە قارام ئاۋامنى باشقۇرۇپ تۇرۇپ... ئوغلى ئاق غوجىنى ئوردىغا سالامغا ئەۋەتكەن»㉔. شۇ يىلى مەڭلىكنىڭ تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا قارام پۇقرالارنى «ئىمىن خوجىغا تۇتقان مۇئامىلە بويىچە خوشۇندىن تۆۋەن تۇرىدىغان دەرىجە بويىچە تەشكىل قىلىپ، ئۇنى ياندانش ئەمىر قىلغان»㉕.

1755 - يىلى، ئىمىن خوجا يەنە لۇكچۇنگە كۆچۈپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسى ئىمىن خوجا بىلەن مەڭلىككە باشقۇرىدىغان يەر-

لەرنى ئايرىپ بەردى، يەنى «تۇرپاننىڭ شەرقىدىكى پىچاندىن قارا غوجىغىچە بولغان ئىمىن خوجىنىڭ تەۋەلىكىدىكى كونا يەرلەر يەنىلا ئىمىن خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلدى، تۇرپاننىڭ غەربىدىكى ئىلانلىقتىن ئاق تاغقىچە بولغان يەرلەر مەڭلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلدى»㉖ .

ئەمما، مەڭلىكنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىشى پەقەتلا بىر ۋاقىتلىق تەدبىر ئىدى. چيەنلۇڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) 11-ئايدا مەڭلىك بەيئەت قىلغان موڭغۇللارنىڭ كاتتىبېشى بىلەن بىرلىشىپ توپىلاڭ قوزغىدى. ئۇ چىڭ سۇلالىسى سانغۇنى خېچى قوشۇن باشلاپ پىچاندا ئەسكەر تۇرغۇزۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ كىچىك ئاتامانى نىما باشچىلىق قىلغان 1500 دىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن بىللە خې چىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا «خې چى 400 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەگەشتۈرۈپ پىيادە ئايلىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىپ، ئېغىر دەرىجىدە يارىلاندى»㉗، كېيىن ئۆلدى. بۇ قېتىمقى توپىلاڭنىڭ باش جىنايەتكارى مەڭلىك بولۇپ، ئۇ «ئالدىنئالا پىلانلاپ، تۆگە - ئاتلارنى يۆتكەپ سەرۋاز - لەشكەرلەرگە ھۇجۇم قىلغانىدى»㉘ .

بۇ ۋاقىتتا ئىمىن خوجىمۇ 400 نەپەر لەشكەر بىلەن خې چىغا ئەگىشىپ لەشكىرىي ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن مەڭلىك ئىمىن خوجىنى توپىلاڭغا قاتنىشىشقا زورلاپ تەھدىت سالدى. ئىمىن خوجا «ئوغرىلارغا تىز پۈكمەي»㉙ چىڭ تۇردى. ئۇ ئۆزى تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان ئەھۋالدىمۇ چارە تېپىپ مەڭلىك قاتارلىقلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىك خەۋىرىنى چىڭ سۇلالىسىغا دوكلات قىلدى ھەمدە خەت ئەۋەتىپ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەردارى يۈسۈپكە ئەھۋالنى يەتكۈزۈپ «مەڭلىكنىڭ توپىلاڭنىڭ ئەھۋالىدىن ۋاقىپلاندۇردى»㉚ . يۈسۈپ بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن،

تاۋاپتىن قايتىپ قۇمۇل ئارقىلىق ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان
مەڭلىكنىڭ ئوغلى ئاق خوجىنى تۇتۇپ قېلىپ، بۇ ئارقىلىق
مەڭلىكنىڭ تۇپلاڭنى كۈچلۈك ئىسكەنجىگە ئالدى. بۇنىڭدىن
چىڭ خانى مەمنۇن بولۇپ «ئىمىن خوجا ئەجدادىدىن تارتىپ ئەڭ
سادىق كىشىمىزدۇر. ھىممىتىمىزگە نائىل بولغاچقا ئادەم ئەۋە-
تىپ خەۋەر يەتكۈزدى. مەن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. ھازىر ئۇ
گۇاجۇدىن ئۆز يېرىگە كۆچۈپ كەلدى. نۇرغۇن ئىشلىرى تېخىچە
ئىزىغا چۈشمىدى. مۇبادا ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇدەك كۈچى بولۇپ
مەڭلىكنى ئالداپ تۇتالىغان بولسا، ناھايىتىمۇ ياخشى بولغان
بولاتتى. نۇسرەت قازىنىپ زەپەر قۇچقاندىن كېيىن، مەڭلىكنىڭ
يەرلىرىنى ئىمىن خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كې-
رەك. مۇبادا كۈچى يەتمىسە ئۇ مۇۋاپىق چارە قوللىنىپ ئۆز
جايىدا قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن زور قو-
شۇننىڭ يېتىپ كېلىپ تۇپلاڭنى تىنچىتىشىنى كۈتسۇن»㉛
دېدى.

ئىمىن خوجا لۈكچۈننى بازا قىلىپ «ئۇيغۇرلارغا تاقابىل
تۇرۇپ قاتتىق مۇداپىئە كۆردى» ھەمدە ئوغلى سۇلايماننى «قۇ-
مۇلدىكى چىڭ قوشۇنلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش»قا ئەۋەتتى.
تۇپلاڭغا قارشى تۇرۇشتا ئاتا - بالىلارنىڭ تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك
بولغانلىقتىن، ئىمىن خوجىغا «بېزىلىق مەرتىۋىسى، ئوغلى سۇ-
لايمانغا بەگلىك مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىندى»㉜.

مەڭلىك ئوغلى ئاق غوجىنىڭ ۋاقتىدا قايتىپ كېلەلمىگەنلى-
كىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئالدىدا كۈيئوغلى ھوشۇرمەتنى㉝، ئار-
قىدىن ئىنىسى جورۇب بەگنى㉞ قۇمۇلغا خەۋەر تىڭ - تىڭلاپ
بېقىشقا ئەۋەتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى چىڭ قوشۇنلىرى-
نىڭ قولىغا چۈشتى. مەڭلىك ئوغلى، ئىنىسى ۋە كۈيئوغلىنىڭ
ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش
نىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئەگەشكۈچىلىرىدىن 21

ئادەمنى باشلاپ قومۇلغا بېرىپ ئەل بولماقچى بولدى. چىڭ قوشۇنىنىڭ سانغۇنى بوكۇي 1000 لەشكەرنى باشلاپ تۇركۆلدە ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ، مەڭلىكنى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. كېيىن چىڭ سۇلالىسى بوكۇينى خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ «خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ ئالدامچىلىق قىلغان» دېگەن گۇناھ بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

شۇنداق قىلىپ مەڭلىكنىڭ توپىلىڭى ناھايىتى تېزلا تىنچىتىلدى. بۇنىڭدا ئىمىن خوجا زور تۆھپە كۆرسەتتى: بىرىنچىدىن، ئۇ تېزلىكتە چىڭ سۇلالىسىغا ۋە قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارىغا مەڭلىكنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىك ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قومۇلدا ئۇنىڭ ئوغلى ئاق غوجىنى تۇتۇپ قېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. مانا بۇ مەڭلىك توپىلىڭىنى پارچىلاشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ لۈكچۈننى قاتتىق قوغداپ توپىلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇشى مەڭلىكنى ئەل بولۇشقا مەجبۇر قىلىشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

## § 4. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ھەمكارلىشىپ توپىلاڭچىلارنى تازىلاپ، ئۆتەڭلەرنى تىنچىتىش

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئالاقىسىنى، بولۇپمۇ شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا قوشۇن تۇرغۇزۇپ قوغدايدىغان نۇرغۇن ئۆتەڭلەرنى تەسىس قىلغانىدى. ئۆتەڭلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ھەرقايسى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى يارلىق ۋە مەلۇماتنامىلارنى يەتكۈزۈش ھەمدە ھۆكۈمەت ئەشيالىرىنى يۆتكەش، توشۇش قاتارلىق مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، مەر-

كىزىي ھۆكۈمەت بىلەن يەرلىك ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى باغلاپ تۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايتتى.

ئويرات موڭغۇللىرى ئەل بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كىچىك ئاتامانلىرىدىن ساراس، ماخۇس قاتارلىقلار «ئاسىيلىق قىلىپ»، چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى (1757 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تۇرپان بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرىدىغان ئالغۇيدىكى بۇدۇك ئۆتەڭنى بۇلاپ - تالىدى ھەم ئۆتەڭدە تۇرۇشلۇق لەشكەرلەردىن ئالتىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى㉟.

چيەنلۇڭ خان بىر تەرەپتىن ئۆتەڭلەرنى چارلاۋاتقان چىرىك قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىسى مەنفۇنىڭ قوغلاپ زەربە بەرمىگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىمىن خوجىغا ئادەم ئەۋەتىپ چارلاش ھەم چىرىك قوشۇنلىرىنىڭ توپىلاڭچى باندىتلارنى تازىلىشىغا ھەمدەم بولۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. ئىمىن خوجا يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر تىڭ - تىڭلىدى، يەنە «يول ئۇزاق بولغانلىق سەۋەبىدىن ئەگەر تەكشۈرۈش خەۋىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئاندىن مەلۇماتنامە يوللاپ يولغا چىقسا، كېچىكىپ ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ»، دەررۇ ئەسكەر باشلاپ يولغا چىقىپ توقسۇنغا ئورۇنلىشىپ، خەۋەر كۈتتى. چيەنلۇڭ خان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭ «ئالاھىدە تەرىپىنى قىلدى» ھەمدە: «خان ئامباللار ھەمىشە خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاندىن ھەرىكەتكە كېلىمەن دەپ يۈرمەي، ئىمىن خوجىدەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەكتۇر. مۇشۇنداق قىلغاندىلا پۇرسەتنى چىڭ تۇتقىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا چوڭ ئەتلىك تاۋاردىن 4 توپ ئىنئام سۈپىتىدە سوۋغا قىلىنسۇن»㊱ دېدى.

مەنفۇ ئەسكەر باشلاپ قوغلاپ زەربە بېرىپ يۇلتۇزغىچە كەلدى ھەم «ئارقا - ئارقىدىن ئوغرىلار تەرىپىدىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان ئالتە ئۆتەڭنى ئىگىلىدى»㊲. ئەمما ساراس، ماخۇسلار

يەنە قاراقۇمۇش، ئۇلان خاتۇنغا قېچىپ كەتتى. چيەنلۇڭ خان بارىكۆلنىڭ خان ئامبىلى ئارغۇن ۋە ئىمىن خوجىلارغا ئەسكەرلەرنى باشلاپ مەنفۇ بىلەن ھەمكارلىشىپ توپىلاڭچىلارنى قورشاپ يوقىتىشقا بۇيرۇدى.

ساراس، ماخۇس باشچىلىقىدىكى توپىلاڭچىلارنىڭ تۇرار جايى مۇقىم ئەمەس بولۇپ، پاراكەندىچىلىك قىلىشنى ئاساس قىلاتتى. ئىمىن خوجا ئالدىدا ئادەم ئەۋەتىپ قارا شەھەردىن خەۋەر تىڭ - تىڭلىغان بولسىمۇ نەتىجىسى بولمىدى. ئارقىدىن يەنە باشقا جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، خەۋەر تىڭ - تىڭلىدى. چيەنلۇڭ خان ئۇنى يەنە ماختاپ «ئىلتىپاتىمغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ سەمىمىيلىك بىلەن خىزمەت قىلىشى، ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ» ㊳ دېدى.

ئىمىن خوجا، ئارغونلار «ئازغان بۇلاق، خوشت يولى بىلەن ئايلىنىپ، 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ساراس، ماخۇسلار يايلاپ يۈرگەن قارا شەھەر قاتارلىق جايلارغا يېتىپ كەلدى ۋە خىلۋەت تاغلارغا يوشۇرنۇۋالغان ئوغرىلار توپىنى تىنتىپ، ئەر - ئايال 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا چۈشۈرۈپ، ماخۇسنىڭ توپىنى قورشاپ يوقاتتى. ئاندىن كېيىن دالان چوققىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ساراس، ئانجىدەينىڭ ئوغرىلار توپىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى».

ساراس، ماخۇس قاتارلىقلار يەر شەكلىنى پىششىق بىلگەچكە، سايىسىنى كۆرسەتمەي قېچىپ يۈردى ۋە مەنفۇنى «ئۆزلىرىنىڭ بۇكتۇرمە دائىرىسىگە ئالداپ ئەكىرىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى» ㊴. ئەمما، ئىمىن خوجا قەتئىي قورقۇپ قالماستىن باتۇرلارچە قوغلاپ زەربە بەردى. ئۇ ساراس، ماخۇسلارنىڭ كۆچاغا قاراپ قاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن «تونۇش يول ئارقىلىق ئادەم ئەۋەتىپ توستى» ㊵ ھەم قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئەشمە تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى خوراتېغىغا كەلدى. چيەنلۇڭنىڭ

23 ـ يىلى (1758 ـ يىلى) 1 ـ ئايغا كەلگەندىلا ئاندىن «يارلىققا بىنائەن يۈرۈشتىن توختىدى»㊶. ئىمىن خوجا سا-راس، ماخۇس قاتارلىقلارغا قوغلاپ زەربە بېرىشتە 4 ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ ئاي ـ دالىلاردا يېتىپ قوپۇپ، بىر قانچە مىڭ چاقىرىم يول باستى. ئاخىرىدا گەرچە قالدۇق توپىلاڭچىلار تەلتۆكۈس يوقىتىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆتەڭلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە راۋانلىقى ئۈنۈم-لۈك هالدا قوغداپ قېلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىمىن خوجا ۋە ئوغلى سۇلايمانلار داۋام-لىق ئەسكەر باشلاپ ئۆتەڭلەرنى چارلاپ، توپىلاڭچىلارنى تۇتۇپ، ئۆتەڭلەرنىڭ راۋان بولۇشىنى قوغداپ تۇردى.

## 5 §. چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا قاتنىشىش

1755 ـ يىلى 5 ـ ئايدا چىڭ قوشۇنلىرى گېدىن تېغىدا جۇڭغارلارنىڭ هۆكۈمرانى داۋاچىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى ئەخمەتنىڭ ئىككى ئوغلى بۇرهانىدىن (چوڭ خوجا) ۋە خوجا جاهان (كىچىك خو-جا) نى قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنى «تۆرە» لىككە تەيىنلەپ ئۇيغۇرلار رايونىغا هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى㊷. ئەخمەت ئۇيغۇرلار ئىچىدى-كى ئاق تاغلىقلار گۇرۇهىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، 1700 ـ يىلى جۇڭغارلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، ئىلىدا نەزەر بەنت قىلىن-غانىدى. چوڭ ـ كىچىك خوجىلار جۇڭغارلار جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈلەپ تۇرغۇزغان قارا تاغلىقلار گۇرۇهىنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، 1757 ـ يىلى «باتۇرخان دۆلىتى» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان توپىلاڭ

قوزغىدى.

چيەنلوڭ خان چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا توغرا تەدبىر قوللاندى ھەم 1757 ـ يىلى ئىمىن خوجىغا «مىڭسۇي قەشقەر، يەكەننىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان، سانغۇن ۋە ئامباللار ياردەملىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار-نىڭ ئەھۋالاتلىرىنى سىز پىششىق بىلىسىز، شۇڭا سىز لەشكە-رىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى بولۇپ، ئالدىن يۈرۈڭ» دەپ يارلىق چۈشۈردى.

ئىمىن خوجا جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشتىن ئاۋۋال چىڭ سۇلالىسىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى يوللارنىڭ ئەھۋالاتلىرى توغرىسىدا مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىدى ھەمدە ئوت-تۇرا يولدا ماڭغان قوشۇنلارغا يول باشلاپ بېرىشكە ئۇيغۇرلانى ئەۋەتتى. يەنە ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ خەرىتىسىنى سىزغۇزۇپ، چيەنلوڭ خاننىڭ تەدبىر بەلگىلەشتە پايدىلىنىشىغا سۇندى.

1758 ـ يىلى 5 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى يارخاشەننى ئاسىي-لارنى تىنچىتىش سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ 10 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن كۇچاغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. سەپەرگە ئاتلى-نىشتىن ئاۋۋال چيەنلوڭ خان ئاگاھلاندۇرۇپ «يارخاشەن مەخ-سۇس ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئىمىن خوجا بىلــەن ئــەستايىدىل مــەسلىھــەتلىشىپ ئىش كۆرۈشى زۆرۈر»㊸ دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىمىن خوجىغا بېلى ئەمىلىنى ئىنئام قىلدى.

كۇچاغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى ناھايىتىمۇ كەسكىن بولدى. جەڭ داۋامىدا ئىمىن خوجا سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ جەڭ قىلدى، «ئوغرىلار سېپىلنىڭ كۇنگورىسىدىن ئۆزلىرى ياسىغان زەمبە-رەكلەر بىلەن توپ ئېتىپ، ئىمىن خوجىنىڭ ئوڭ مەڭزىنى يارىلاندۇردى. ئۇ جەڭدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن قەسەم قىلىپ: ‹ مەن ئۇلۇغ خاننىڭ زور ھىممىتىگە ئېرىشكەن، چوقۇم

پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن جەڭ قىلىمەن، »㊹ دېدى. خان بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن «ئوردىدا تاقايدىغان ئېسىل بېزەك ۋە 2000 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلدى» ھەمدە «مەن ئىمىن خوجىنى ئۆزىنى توختاتقان، تەدبىرلىك دەپ قارىغاچقا، لەشكىرىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى قىلغان. ھەرگىزمۇ ئۇنى قوشۇنىنىڭ ئالدىدا مې- ڭىپ جەڭگە كىرسۇن، دېمىگەن. بۆگۈن ئۇنىڭ پىداكارلىق كۆرسىتىپ جەڭدە يارىلانغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، چوڭقۇر تە- سىرلەندىم. بۇنىڭدىن كېيىن بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىپ ئىشلارنى ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىشى، ھەرگىز- مۇ قارامىلىق بىلەن شەھەرگە ھۇجۇم قىلماسلىقى كېرەك» دېدى. يارخاشەنىمۇ ئىمىن خوجىنىڭ «ئۆزى بىۋاستە ھۇجۇمغا ماڭغى- نىنى بىلىپ تۇرۇپ توسىمىغان» دەپ ئەيىبلىدى㊺.

يارخاشەنىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى تۇپەيلى 10 مىڭدىن ئارتۇق چىڭ قوشۇنى ئىككى ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاندىن كۇچانى ئىشغال قىلدى. چيەنلۇڭ خان جاۋ خۇيىنى يارخاشەنىڭ ئورنىغا چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنى يوقىتىشقا قوماندان قىلىپ بەلگىلىدى ھەم يارلىق چۈشۈرۈپ «ئىمىن خوجا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدۇ، ئەقىللىق، ئىرادىلىك. جاۋخۇي ئۇنىڭغا ئالا- ھىدە ئېتىبار قىلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى كېرەك»㊻ دېدى.

چوڭ ـ كىچىك خوجىلار بىر قانچە مىڭ كىشىلىك قوشۇنى باشلاپ كۇچاغا ياردەمگە كەلگەن بولسىمۇ، مەغلۇپ بولۇپ، چوڭ خوجا قەشقەرگە، كىچىك خوجا يەكەنگە قېچىپ، داۋاملىق ھالدا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق قىلدى. ئىمىن خوجا جاۋ خۇيغا ئەگىشىپ ئاقسۇغا كېلىپ، ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى غوجەشنى ئەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئىمىن خوجىنى ئېسىل بېزەك بىلەن تارتۇقلىدى㊼. 1758 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىمىن خوجا جاۋ خۇي بىلەن بىللە 4000 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ يەكەن شەھىرى ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى ۋە شەھەرنىڭ

شەرقىي شىمالىدىكى 5 ـ 6 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا توپىلاڭچى قوشۇنلار بىلەن جەڭ قىلىپ، توپىلاڭچىلاردىن 20 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئەمما، قوشۇن تەنها ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنلىكتىن، يەكەن شەھىرى ئەتراپىدىكى قارا سۇ دەرياسى بويىدا قورشاۋغا چۈشۈپ قالدى. جاۋخۇي بىلەن ئىمىن خوجا توپىلاڭچى قوشۇن بىلەن بىر قانچە قېتىم كەسكىن جەڭ قىلىپ ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن خوجىغا «ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىندى». ⑱ 3 ئايدىن كېيىن ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگەندىلا ئاندىن ئۇلار قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ ئاقسۇغا چېكىندى.

1759 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، چىڭ قوشۇنلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئۇدۇل قەشقەر ۋە يەكەنگە ئاتلاندى. چوڭ ـ كىچىك خوجىلار بۇنى ئاڭلاپلا بەدەر قاچتى. چىڭ قوشۇنلىرى قىلىچلىرىنى قانغا بويىمايلا يەكەن، قەشقەر شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. ئىمىن خوجا «هازىر قەشقەرنىڭ بۇغداي پىشقان مەزگىلى دەپ قاراپ، ئوغلى يانداش تەيجى مۇسانى تېزلىكتە شەھەرگە كىرىپ، ھەربىي تەمىناتقا ئاشلىق غەملەشكە بۇيرۇدى» ⑲. كېيىنچە مۇسا «ئاۋامنى ئىمىن تاپقۇزۇپ، يەرلەرنى ئۆلچەپ، زور كۈچ چىقارغانلىقى» ئۈچۈن بەگ مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىندى⑳.

چوڭ ـ كىچىك خوجىلار بەدەخشانغا قېچىپ بارغاندا، بەدەخشان ئەمىرى سۇلتان شاھ ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى ھەمدە كىچىك خوجىنىڭ كاللىسىنى چىڭ قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. 1763 ـ يىلى سۇلتان شاھ يەنە بورھانىدىننىڭ جەسىتىنى ۋە خوتۇنىنى تاپشۇرۇپ بەردى. ئىمىن خوجا قاتارلىقلار «بەدەخشاندىكى ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغان» لىقتىن ئىنئامغا ئېرىشتى㉑.

1759 ـ يىلى 7 ـ ئايدا چىڭ قوشۇنلىرى چوڭ ـ كىچىك

خوجىلارنىڭ توپىلاڭلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تىنچىتقاندىن كېيىن، چىيەنلۇڭ خان يەكەن بىلەن قەشقەر «يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىزى» دەپ قاراپ، يۇسۇپنى قەشقەرنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى، «ئىمىن خوجىغا ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسىنى بېرىپ، يەكەننى باشقۇرۇشقا قويدى»[52].

## ئىزاھ:

① «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن قارام بولغان موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭ - بەگلىرىنىڭ تەرجىمىھالى»، 110 - جىلد، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى.

② ③ ㊹ ㊺ ㊻ ㊼ ㊾ (52) خې نىڭ: «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 4 - جىلد، «ئىمىن خوجىنىڭ تەرجىمىھالى».

④ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» 51 - جىلد، 19 - بەت.

⑤ خې نىڭ: «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 12 - جىلد، خۇيزۇلار.

⑥ زوكۇتو يازغان، لىلىڭ سۇڭچۇن تەرجىمە قىلغان: «18—19 - ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 1983 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى، 23 - بەت.

⑦ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، دەسلەپكى 9 - جىلد، 10 — 12 - بەتلەر. «چىڭ شېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 293 - جىلد.

⑧ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، دەسلەپكى 20 - جىلد، 8 - بەت. «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 99 - جىلد.

⑨ ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 180 - بەت.

⑩ «چىڭ شىنزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 83 ـ جىلد.
⑪ «شىمالدىكى قۇملۇق دالىلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 1ـ جىلد، «شىمالدىكى قۇملۇق دالىلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرىگە مۇقەددىمە».
⑫ «شىمالدىكى قۇملۇق دالىلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 7 ـ جىلد.
⑬ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 531 ـ جىلد.
⑭ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 99 ـ جىلد.
⑮⑯⑰ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 107 ـ جىلد.
⑱ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 125 ـ جىلد.
⑲ زوكۇتو يازغان، لىك سۇڭچۈن تەرجىمە قىلغان: «18 — 19ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، 20 ـ، 23 ـ بەتلەر.
⑳ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 112 ـ جىلد.
㉒ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 10ـ جىلد، 30ـ، 31ـ بەتلەر. «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 487 ـ جىلد.
㉓ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 515 ـ جىلد.
㉔ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 30 ـ جىلد، 19 ـ بەت.
㉕ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 30ـ جىلد، 30 — 31 ـ بەتلەر. «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 519 ـ جىلد.
㉖ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 519 ـ جىلد.
㉗ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 527 ـ جىلد.
㉘ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 528 ـ جىلد.
㉙㉚㉛ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 527 ـ جىلد.
㉜ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 529 ـ جىلد.
㉝ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 530 ـ جىلد.
㉞ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 531 ـ جىلد.
㉟ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 546 ـ جىلد.

㊱㊲ «چىڭ گاۋزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 549 ـ جىلد.
㊳ «چىڭ گاۋزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 551 ـ جىلد.
㊴㊵ «چىڭ گاۋزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 549 ـ جىلد.
㊶㊸ «چىڭ گاۋزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 557 ـ جىلد.
㊷ «تەزكىرەئى خوجىگان».
㊽ «چىڭ گاۋزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 575 ـ جىلد.
㊿ «چىڭ گاۋزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 595 ـ جىلد.
51 «چىڭ گاۋزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 682 ـ جىلد.

# سەككىزىنچى باب تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈش جەريانى

يوڭجېڭنىڭ 10 - يىلى (1732 - يىلى) ئىمىن خوجا تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى باشلاپ گۇاجۇغا كۆچۈپ باردى. 20 نەچچە يىلدىن كېيىن، يەنى چيەنلوڭنىڭ 21 - يىلى (1756 - يىلى) يەنە تۇرپانغا قايتىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى كۆچۈش چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى زور ۋەقە ھېسابلىنىدۇ.

## §1 . كۆچۈشنىڭ سەۋەبى

چاڭ جۇننىڭ «دۇنخۇاڭ خاتىرىلىرى» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى «17 شەھەرگە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جۇڭغارلارغا بېقىنغان، يىلدا باج تاپشۇرغان»①. بۇ ھەقتە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئارخىپلاردا تېخىمۇ تەپسىلىي خاتىرىلەر بولۇپ، «ھەر يىلى رەختتىن توقۇلغان پىرىجىدىن 250 دانە، ماتادىن 250 توپ، 250 جىڭ پاختا، 40 دەن ئۈزۈم تاپشۇرغان»②. ئۇلار يەنە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن ھەرخىل ئالۋاڭ - ھاشار مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتىگەن، «بەلگىلەنگەن مۇددەتتە يىغىلىپ ئۇلارنىڭ ئالۋاڭ - ھاشىرىغا ئىشلىگەن»③. جۇڭغارلارنىڭ زورلۇق بىلەن ئالۋاڭ - سېلىق سېلىپ خەلقنى شۇلۇشى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەلبىگە ئاللابۇرۇنلا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك سالغان.

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەبەيدۇللا كاڭشىنىڭ 36 - يىلى (1697 - يىلى) چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ قېتىم جۇڭغارلارنىڭ پاراكەندە قىلىشىغا ئۇچرىدى. چىڭ سۇلالىسى قۇمۇلنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ جۇڭغار بۆلگۈنچى كۈچلىرىنى يوقىتىش ئۇچۇن، ئاۋۋال تۇرپاننى ئىگىلىمىسە بولمايتتى. تۇرپان ئويمانلىقى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، شىمالدا ئۈرۈمچى، ئىلىغا، غەربتە تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارغا، شەرقتە قۇمۇل ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تۇتىشاتتى، تارىختىن بۇيان ھەممە تالىشىدىغان جاي ئىدى. كاڭشىنىڭ 54 - يىلى (1715 - يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى شى جۇ: «تۇرپان قۇمۇل بىلەن چېگرىداش، شۇنداقلا سۇان ئارابدانىنىڭ مۇھىم بازىسى، ئالدىدىن ئىگىلىمەي بولمايدۇ④» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى كاڭشىنىڭ 56 - يىلى، چىڭ قوشۇنلىرى «تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلدى. مۇشۇ ۋاقىتتىلا ئاندىن تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، چىقتىم، پىچان، تۇرپان ئۈچ شەھەرنى ئىشغال قىلدى»⑤. ئەمما، تۇرپان بىلەن قۇمۇل، بارىكۆل ئارىلىقىدىكى قۇملۇق يول بىرقانچە يۈز چاقىرىم دائىرىدە توسۇلۇپ قالغانلىقتىن پۇختا پۇت دەسسەپ تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ناھايىتى تېزلا چېكىنىپ كەتتى.

كاڭشىنىڭ 59 - يىلى (1720 - يىلى) چىڭ قوشۇنلىرى جەنۇب، شىمال ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ جۇڭغارلارغا ھۇجۇم قىلدى. شىمالىي يولغا ئاسىيلارنى تىنچىتىش سانغۇنى فو نىڭئەن يېتەكچىلىك قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلدى؛ يەنە بىر يولغا تەرتىپ ۋەزىرى ئالانا يېتەكچىلىك قىلىپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ تۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى. ئالانا چىقتىم دېگەن يەردە جۇڭغار قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ ئارقا - ئارقىدىن چىقتىم، پىچان، تۇرپان قاتارلىق ئۈچ شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، ئايلىنىپ بارىكۆلگە قايتتى.

چىڭ قوشۇنلىرى ئىككىنچى قېتىم تۇرپان ئويمانلىقىغا هۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا، پىچان، لۈكچۈن، تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ هۆكۈمدارلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئەل بولۇپ بېيئەت قىلدى. ئالانا تۇرپان ئويمانلىقىغا يۈرۈش قىلغان ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلارغا «خان قوشۇنى جۇڭغارلارغا جازا يۈرۈش قىلىدۇ، سىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ»⑥ دېگەن يارلىقنى جاكارلىغانىدى. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشى سۇئان ئارابدانىنى تېترىتىپ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇرپاندىكى «ئۇيغۇر ئاۋامىلىرىنى قاراشەهەرگە مەجبۇرىي كۆچۈردى، ئۇيغۇر ئاۋامىلىرى ئارقا - ئارقىدىن قاچتى. جۇڭغارلار قوغلاپ كەلگەندە، ئۇيغۇر ئاۋامىلىرى جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇلارنى چېكىندۈردى»⑦. ئۇلار لۈكچۈنگە توپلىشىپ توختى مامۇتنى سەردار قىلىشىپ، چىڭ سۇلالىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئىمىن خوجىمۇ «ئەلچى ئەۋەتىپ ئىچكى ئەهۋالنى دوكلات قىلىپ نۇرغۇن قېتىم ياردەمچى قوشۇن تەلەپ قىلدى.»⑧ شۇنىڭ بىلەن تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېيئەت قىلىش ئارزۇسى چىڭ هۆكۈمىتىنىڭ تۇرپانغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ ئۇنى هەربىي بازا قىلىش ئىرادىسىگە تۈرتكە بولدى.

كاڭشىنىڭ 60 - يىلى (1721 - يىلى) ئالانا قاتارلىقلار قوشۇن باشلاپ تۇرپانغا ياردەمگە كەلدى. «ئالانا تۇرپانغا كېلىپ 2000 دىن ئارتۇق جۇڭغار ئاسىيلىرىغا يولۇقۇپ، ئۇلارغا زەربىدارلىق بىلەن هۇجۇم قىلدى. ئاسىيلار ئاتلىرىنى تاشلاپ قاچتى. ئالانا ئۇلارنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ تۇرپانغا ئورۇنلاشتى»⑨. مانا بۇ چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم تۇرپانغا كېلىپ ئورۇنلىشىشى ئىدى. تۇرپاننىڭ هاۋاسى ئىللىق، يېرى مۇنبەت بولغاچقا، لەشكەرلەرنىڭ بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناهايىتى تېز بولدى. كاڭشىنىڭ 61 - يىلىغا كەلگەندە تۇرپاندا تۇرۇۋاتقان سەككىز

تۇغلۇق، يېشىل تۇغلۇق سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ سانى 11 مىڭغا يېتىپ، غەربىي يولدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىدى.

چىڭ ئوردىسى زور كۈچ بىلەن غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە، كاڭشى خان ئۆلۈپ يۇڭجېڭ خان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. دەل شۇ مەزگىلدە سۋان ئارابدان «ئەلچى ئەۋەتىپ سۇلھى تەلەپ قىلدى». يۇڭجېڭ خان ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بولۇپ كېتىپ، غەربىي يۇرتقا قارىغۇدەك چولىسى تەگمىگەچكە، سۋان ئارابدان بىلەن كېلىشىم تۈزدى. يۇڭجېڭنىڭ 4 ـ يىلى (1726 ـ يىلى) چىڭ قوشۇنلىرى تۇرپان ۋە باركۆلدىن چېكىنىپ چىقتى.

يۇڭجېڭنىڭ 7 ـ يىلى (1729 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلار ئوتتۇرىسىدا يەنە ئۇرۇش باشلاندى. چىڭ قوشۇنلىرى ھەيۋەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ باركۆل، تۇرپانغا ئورۇنلاشتى. سۋان ئارابدان تۇرپاننىڭ ئۆزىنىڭ جان تومۇرى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقان بولسىمۇ، ئەمما چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن تالىشىشقا قۇربىتى يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن پاراكەندىچىلىك سېلىپ ھالىدىن كەتكۈزۈش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، يۇڭجېڭنىڭ 9 ـ ۋە 10 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۇرپاننى 4 قېتىم پاراكەندە قىلدى. ھەر قېتىم چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەندە، شەپىنى ئاڭلاپ بەدەر قېچىپ ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتىن ئۆزلىرىنى تارتتى. بۇ تاكتىكا دەرۋەقە ئۈنۈم بەردى. چىڭ قوشۇنلىرى باركۆل، تۇرپانغا بېرىپ كېلىشتە ئىسكەنجىگە ئېلىنىپ قېلىپ ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. چىڭ ئوردىسىنىڭ تۇرپاننى قوغداش ئىرادىسىمۇ بارا ـ بارا سۇسلىشىپ قالدى. ئەمما، «ياۋايى ئۇيغۇرلار تۇرپانغا چىشلىرىنى بىلەپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۆچ ئېلىشى چوقۇم، كېيىنچە زور كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىشى تۇرغان گەپ»⑩ دەپ ئويلىشىپ، تۇرپان

ئۇيغۇرلىرىنى ئىچكىرىگە كۆچۈردى.

ئىچكىرىگە كۆچۈرۈش يۇڭجېڭنىڭ 4 ـ يىلىلا باشلانغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا چىڭ قوشۇنلىرى تۇرپان ئويمانلىقىدىن چېكىنىپ چىققاندا «تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار سۋان ئارابدانىنىڭ پاراكەندە قىلىشىدىن قورقۇپ، جەمئىي 655 ئادەم ئىچكىرىگە كۆچۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى»⑪ ۋە توختى ماموتنىڭ باشلامچىلىقىدا گەنسۇنىڭ ۋېيلۇ قەلئەسى دېگەن يېرىگە كۆچۈپ بېرىپ ئورۇنلاشقانىدى.

يۇڭجېڭنىڭ 10 ـ يىلى (1732 ـ يىلى) ئىمىن خوجا ئوردىنىڭ شەرققە كۆچۈش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ «ئۇيغۇرلاردىن چوڭ ـ كىچىك بولۇپ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ، 15 ـ كۈنلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا چىقتى»⑫. شۇ يىلى قىشتا ئۇلار قۇمۇلنىڭ تاشۋېلىق دېگەن يېرىدە تۇرۇپ قالدى. ئىككىنچى يىلى يەنە تاشۋېلىقتىن گۇاجۇغا قاراپ يولغا چىقتى. «يول بويى ئۆرۈلۈپ ـ سوقۇلۇپ تىرىپىرەن بولۇپ، گۇاجۇغا يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك بولۇپ پەقەت 8013 ئادەملا قالدى»⑬. چىڭ ئوردىسى ئۇلارنى گۇاجۇدىكى بەش قەلئەگە ئورۇنلاشتۇردى.

## 2 § . كۆچكەندىن كېيىنكى ئەھۋالى ۋە جەمئىيەت تەشكىلىي شەكلى

### 1. بەش قەلئەگە ئورۇنلاشتۇرۇش

گۇاجۇغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار جەمئىي 8013 ئادەم بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى «ھەممە ئۇيغۇرلار بىر جايغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشسا تېرىقچىلىق يەرلىرى يىراقتا قېلىپ، قولايسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئايرىم 5 قەلئە قۇرۇپ ئولتۇراق-

ـلاشتۇرۇش لازىم»⑭ . دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇنىڭ پرىنسىـ
پى 16 يۇرتتىكىلەرنى 5 قەلئەگە ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇش، شۇنـ
ـداقلا ھەرقايسى يۇرت ئاھالىلىرىنى بىر ئورۇنغا توپلاش ئىدى.
بۇ 5 قەلئە ۋە ئۇلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار تۆۋەندىكىچە ئىدى:
بىرىنچى قەلئە: ئەنشى بازىرى بىلەن ئارىلىقى تەخمىنەن 12 كىلومېتىر بولۇپ، لۇكچۈن، سىركىپ ئىككى يۇرتنىڭ ئادەملىـ
ـرىدىن جەمئىي 1017 ئۆيلۈك 4064 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
ئىككىنچى قەلئە: بىرىنچى قەلئەنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، قارا غوجا، مۇرتۇق ئىككى يۇرتنىڭ ئادەملىرىدىن جەمئىي 348 ئۆيلۈك 1254 ئادەم ئورۇنـ
ـلاشتۇرۇلدى.
ئۈچىنچى قەلئە: ئىككىنچى قەلئەنىڭ غەربىي شىمالىغا 5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، سۇبېشى، لەمجىن، كىچىك ئاستانە، پىچان ۋە شۇگى بەش يۇرتنىڭ ئادەملىرىدىن جەمئىي 307 ئۆيلۈك 1244 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
تۆتىنچى قەلئە: ئۈچىنچى قەلئەنىڭ غەربىي شىمالىغا 2 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، سىڭگىم، يانقىر، تۇيۇق ئۈچ يۇرتنىڭ ئادەملىرىدىن جەمئىي 327 ئۆيلۈك 1351 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
بەشىنچى قەلئە: تۆتىنچى قەلئەنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، تۇرپان، ئاستانە، يۇتۇق، خاندو تۆت يۇرتنىڭ ئادەملىرىدىن جەمئىي 338 ئۆيلۈك 1351 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى⑮ .

## 2. ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىنلەش

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى گۇاجۇغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيـ
ـغۇرلارنى زۆرۈر ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بولغان يەر، دېھـ

قانچىلىق سايمانلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرى بولغان ئولتۇراق ئۆي، تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بىلەن ھەقسىز تەمىنلەپ ئۇلارغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى.

«قايتىدىن تۈزۈلگەن سۇجۇ يېڭى تەزكىرىسى» دە «يوڭجېڭ-نىڭ 11 ـ يىلى لەشكىرىي تەمىرات بېگى ۋاڭ چۈەنچىن 2000 دادەنلىك يەر ئېچىپ، ئەسلىدىكى 1500 دادەنلىك يەر بىلەن قوشۇپ، جەمئىي 3500 دادەنلىك يەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى قامدىشى ئۈچۈن بەردى. يوڭجېڭنىڭ 12 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە 1500 دادەنلىك يەر ئاچقۇزدى. يۇقىرىدىكىلەرنى قوش-قاندا جەمئىي 5000 دادەن يەر بولدى. 4500 دادەنلىك يەرگە بۇغداي، 500 دادەنلىك يەرگە ئارپا تېرىلدى. يەنە 5 قەلئەدىكى ئۇيغۇرلار يەر ئېچىپ 2000 مو يەرگە قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات تېرىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «شىنجاڭ تەزكىرىسى» دە «بىر مو يەرگە تەخمىنەن بىر كۈرە ئۇرۇق چېچىلىدۇ» ⑯ دەپ خاتىرى-لەنگەن بولۇپ، 5000 دادەنلىك يەر تەخمىنەن 50 مىڭ مو يەر بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 35 مىڭ مو يەرنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈ-مىتى ھەقسىز تەمىنلىگەن. يەنە چاڭ جۈننىڭ «دۇنخۇاڭ خاتىرى-لىرى» دىمۇ «ئىلگىرى بېرىلگەن گۇاجودىكى 30 چاقىرىملىق قۇدۇق ئەتراپىدىكى 5000 دادەنلىك يەردىن سىرت كېيىن يەنە قازاق ئويىدىنمۇ 3000 دادەنلىك يەر كۆپەيتىپ بېرىلىپ، جەم-ئىي 8000 دادەنلىك 40 مىڭ مو يەر بېرىلدى. . . يەنە گۇاجۇ ئەتراپىدىن 1000 دادەنلىك تېرىلغۇ يەر سېتىپ بېرىلىپ، مىۋە ـ چېۋە ئۆستۈرۈلدى»⑰ دەپ خاتىرىلەنگەن. ئىككى ئەسەردى-كى يازما خاتىرىلەردىكى پەرق ناھايىتى چوڭ كۆرۈنگەندەك قىلى-سىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنداق چوڭ ئەمەس. پەقەتلا كېيىنكى-سىدە 40 مىڭ مو، ئالدىنقىسىدا 35 مىڭ مو دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، پەرق 500 مو. ئۇنىڭدىن باشقا «قايتا تۈزۈلگەن سۇجۇ يېڭى تەزكىرىسى» دە ھۆكۈمەت بۆلۈپ بەرگەن يەردىن باشقا

يەرلەر ئۇيغۇرلار ئاچقان يەرلەر، دەپ خاتىرىلەنگەن. «دۇنخۇاڭ خاتىرىلىرى» دە ھۆكۈمەت بۆلۈپ بەرگەن يەرلەردىن باشقا يەرلەر ئۇيغۇرلارغا سېتىپ بېرىلگەن يەرلەر، دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇرلار مىڭ چاقىرىملىق يەرلەردىن كۆچۈپ كەلدى دەپ قارىلىپ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەقسىز تەمىنلەنگەن ئەھۋالدا، چىڭ ئوردىسىنىڭ يەرلەرنى ئۇيغۇرلارغا سېتىپ بېرىشى مۇمكىنچىلىكتىن يىراق. يەنە شۇنىمۇ نەزەرگە ئېلىشى كېرەككى، «قايتىدىن تۈزۈلگەن سۈجۇ يېڭى تەزكىرىسى» ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدە تۈزۈلگەن، ئاساسلىق مەنبەسى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ خەت - ئالاقە، ئارخىپلىرى بولۇپ، ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسى يۇقىرى. ئەمما، چاڭ جۇنىڭ «دۇنخۇاڭ خاتىرىلىرى» بولسا شەخس يازغان، ماتېرىيال مەنبەسى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئېھتىمال خەت - ئالاقە، ئارخىپلارنى ئاساس قىلغان بولۇشىمۇ، شۇنداقلا كوچا - كويلاردا ئاڭلىغان خەۋەرلەرنى مەنبە قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ توغرىلىق ۋە ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسى ئالدىنقى ئەسەرگە يەتمەيدۇ. يەنە «دۇنخۇاڭ خاتىرىلىرى» دە 8000 دادەنلىك يەر 40 مىڭ مو دېيىلگەن بولۇپ، ئىككى كۇرە ئۇرۇق تېرىلىدىغان يەر بىر مو ھېسابلانغان. ئەگەردە بۇ باياننى توغرا دەپ قارىساق، ئۇنداقتا ئالدىدا قەيت قىلىنغان 3500 دادەنلىك يەر ئەينى ۋاقىتتا 17 مىڭ 500 مو بولىدۇ. ئۇ ھالدا بۇنىڭ كېيىنكى 40 مىڭ مو يەردىن پەرقى ناھايىتى يىراقلاپ كېتىدۇ. ئادەت بويىچە مۆلچەرلىگەندە، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قالاق بولۇپ، كىشىلەر قوپال ئىگىلىككە ئادەتلىنىپ قالغان. گۇاجۇغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئېھتىمال يەنىلا كونا ئادىتىنى داۋاملاشتۇرغان. شۇڭلاشقا، يەرلەرنىڭ بىرلىكىنى ھېسابلاشتا ئېھتىمال يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ كونا ئۇسۇلىنى قوللانغان. ھۆكۈمەت تەزكىرە تۈزگەن ۋاقىتتا مۇقەر-

رەر هالدا ئەينى ۋاقىتتىكى دەسلەپكى يازما خاتىرىلەردىن پايدىلان‑غان، شۇڭلاشقا يەنىلا ئەسلىدىكى يەر ئۆلچەش بىرلىكىنى ئىشلەتكەن. چاڭ جۈن «دۇنخۇاڭ خاتىرىلىرى» نى يازغان ۋاقىتتا ئېھتىمال تۇرپان ئۇيغۇرلىرى گۇاجۇدىكى يەرلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، تەدرىجىي هالدا قوپال ئىگىلىكتىن ئىنچىكىلىك بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشقا ئۆتكەن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىرلىك مەهسۇلات مىقدارىنى ئۆستۈرگەن بولسا كېرەك. بىرلىك مەهسۇلات مىقدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ چارىسى مۇۋاپىق زىچ تېرىش بولۇپ، ئىككى كۇرە ئۇرۇق بىلەن بىر مو يەرنى تېرىش ئېھتىمال ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋال بولسا كېرەك. ئەگەردە يەنىلا ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇق چېچىش ئەھۋالى بويىچە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلىدىغان بولساق، ئۇنداقتا 8000 دادەنلىك ئۇرۇق تېرىلىدىغان يەرنى 40 مىڭ مو يەر دەپ قارىساق بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئۆي ئاجرىتىپ بەرگەن. چىڭ ئوردىسى چوڭ ـ كىچىك جەمئىي 4866 ئېغىز ئۆي سېلىپ، 9264 ئادەمگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن⑱، يەنى هەر ئىككى ئادەمگە بىر ئېغىزدىن جەمئىي 4632 ئېغىز ئۆي بەرگەن. ئىمىن خوجا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارلىرىغا كۆپرەك ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ كۆلىمى چوڭ، هەشەمەتلىك بولۇپ، ئالاهىدە مۇئامىلە قىلىنغان. «چىڭ ئوردىسى ئىمىن خوجىغا ئۈچ چوڭ هويلا تەقسىم قىلىپ بەرگەن، ئۈچ هويلىدا 27 ئېغىز چوڭ ئۆي بولغان. بىرىنچى دەرىجىلىك بەگلەر 29 نەپەر بولۇپ، ئائىلىسىدىكى هەر ئىككى ئادەمگە بىر ئېغىزدىن ئۆي تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن باشقا يەنە هەربىر ئادەمگە بىر ئېغىز ئۆي قوشۇپ بېرىپ جەمئىي 87 ئېغىز ئۆي بەرگەن. ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگلەر 39 نەپەر بولۇپ، ئائىلىسىدىكى هەر ئىككى ئادەمگە بىر ئېغىزدىن ئۆي

تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن باشقا، يەنە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ ئىككى ئېغىزدىن ئۆي قوشۇپ بېرىپ جەمئىي 78 ئېغىز ئۆي بەرگەن. ئۈچىنچى، تۆتىنچى دەرىجىلىك بەگلەر جەمئىي 42 نەپەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ھەر ئىككى ئادەمگە بىر ئېغىزدىن ئۆي تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن باشقا، ئۆزلىرىگىمۇ بىر ئېغىزدىن ئۆي قوشۇپ بېرىپ، جەمئىي 42 ئېغىز ئۆي بەرگەن.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە شۇ يىلى ئېھتىياجلىق ئو-زۇقلۇق ئاشلىقىنى ئاجرىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىش-لەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ بەر-گەن. تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

9 ـ جەدۋەل چىڭ ئوردىسىنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارغا ئاجرىتىپ بەرگەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى

| دەرىجىسى ياكى ئائىلە سانى | ئائىلە سانى | تۆگىسى | تېرىقچىلىق كالىسى | خېچىر | قوي | قازان | ئوتىغۇچ | ياغاچ سايمان | تۆمۈر سايمان | سېۋەت | غالۋىر | تورغاق | چېلەك |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىمىن | 1 | | 4 | 4 | 80 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 1 |
| بىرىنچى دەرىجىلىك بەگ | 29 | | 4 | 2 | 20 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 |
| ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگ | 39 | | 4 | 2 | 18 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 |
| ئۈچىنچى دەرىجىلىك بەگ | 30 | | 2 | 2 | 16 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۆتىنچى دەرىجىلىك بەگ | 22 | | 2 | 2 | 14 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 |
| 10 دىن 13 كىچە نوپۇس | 4 | 44 | 2 | 2 | ھەربىر نوپۇسقا بىر تۇياق | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 |
| 7 دىن 9 قىچە نوپۇس | 12 | 598 | 2 | 1 | ھەربىر نوپۇسقا بىر تۇياق | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 |
| 4 دىن 6 گىچە نوپۇس | 837 | 3838 | 2 | 1 | ھەربىر نوپۇسقا بىر تۇياق | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 |
| 2 دىن 3 كىچە نوپۇس | 1306 | 3052 | 1 | 1 | ھەربىر نوپۇسقا بىر تۇياق | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 |

ئەسكەرتىش: ئىمىن خوجا ئائىلىسىنىڭ يەنە 4 سىغىن كالىسى، 1 دانە تال كۆرەسى، 1 دانە قۇرۇق يارغۇنچاق تېشى، 1 دانە تاش تۇلۇقى، 1 دانە يەرلىك تۇلۇقى، 4 تال ئارغامچىسى بولغان.

ئىمىن خوجىدىن تاشقىرى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 2388 ئۆيلۈك 8116 نوپۇستىن ھەر 40 ئادەمگە بىردىن قۇرۇق تۇگمەن تېشى، 6 سۇ تۇگمىنى، 50 دادەن ئۇرۇق بېرىلىپ، ھەر 10 دادەنگە بىر يارغۇنچاق تۇلۇق قوشۇپ بېرىلگەن.

## 3. باج - سېلىقتىن خالاس قىلىش

چىڭ سۇلالىسى قۇمۇل، تۇرپاندا ئەسكەر تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش، جيايۇگۇەن قوۋۇقىنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى ئېچىش جىددىي ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ۋەزىپە بولۇپ قالدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەرخىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىچكىرىدىن بۇ ئورۇنلارغا كۆچمەنلەرنى جەلپ قىلدى. كاڭشىنىڭ 56 - يىلى (1717 - يىلى) قوۋۇقنىڭ غەربىدىكى ليۇگۇ، چىڭ نىي قاتار-

لىق ئورۇنلارغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان كۆچمەنلەردىن
10 يىللىق سېلىق كەچۈرۈم قىلىندى[19]. يوڭجېڭنىڭ 4 - يىلى
(1726 - يىلى) شاجۇغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلاردىن
5 يىللىق سېلىق كەچۈرۈم قىلىندى[20]. هالبۇكى، چىڭ سۇلالە-
سى گۇاجۇغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارغا قارىتا
تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئېتىبار قىلىپ «ئۇلارغا ئۆزلىرى تېرىقچى-
لىق قىلىپ ئۆزىنى قامداش، ئاشلىق، ئوت - چۆپ ۋە باج -
سېلىق، هاشار - ئالۋاڭدىن خالاس قىلىش پەرمانىنى چۈ-
شۈردى[21]». قوۋۇقنىڭ غەربىنىڭ هاۋا كېلىماتى ناهايىتى نا-
چار، تۇپرىقى ئۈنۈمسىز بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ هەر يىلى ئالغان
ئاشلىقى ئۆزلىرىگە يېتىشمىگەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرى-
دىكى ئارخىپلارغا ئاساسلانغاندا «هەر يىلى ئەتىياز پەسلىدە ئۇ-
رۇق، ئوزۇقلۇق ئاشلىقلار يېتىشمىگەنلىكتىن، ئامباردىن
ئىنئام ئاشلىقلىرىغا ئېرىشىپ تېرىقچىلىق قىلىپ هوسۇل
ئالغان»[22]. گۇاجۇغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان دەسلەپكى بىرقانچە
يىلدا، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا كېرەكلىك هەرخىل
قورال - سايمانلار كەمچىل بولغاچقا، تۇرمۇشى خېلىلا جاپالىق
بولغان. چىڭ سۇلالىسى ئۇلار قەرز ئالغان ئوزۇقلۇق ئاشلىق،
ئورۇقلارنى كۆپىنچە هاللاردا كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن. مەسىلەن،
«يۇڭجېڭنىڭ 12 - يىلى (1734 - يىلى) قۇرغاقچىلىق تۇپەيلى
هوسۇل كېمىيىپ كەتكەچكە، 1500 دادەندىن ئارتۇق ئوزۇقلۇق
ئاشلىقنى ئىنئام قىلىپ بەرگەن. 13 - يىلى (1735 - يىلى)
هوسۇل كېمىيىپ كەتكەچكە، 12 مىڭ دادەندىن ئارتۇق ئۇرۇق،
ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى قەرز بەرگەن. ئاشلىق توشۇغۇچىلارنىڭ
ئىش هەققى 2270 سەر كۈمۈشتىن ئارتۇق بولغان. چيەن-
لۇڭنىڭ 3 - يىلى يارلىقتا بىنائەن بۇ تۈردىكى كۈمۈش، ئاش-
لىقلارنىڭ هەممىسى كەچۈرۈم قىلىۋېتىلگەن»[23]. چيەنلۇڭ-
نىڭ 15 - يىلى (1750 - يىلى) ئەتىياز پەسلىدە ئوزۇق

كامچىل، ئۇرۇق يېتىشمىگەنلىك سەۋەبىدىن «ئىمىن خوجا قوۋ-
مۇزۇش ئاشلىقى سۇپىتىدە 6000 دادەن ئاشلىق قەرز بېرىشنى
تەلەپ قىلغان. كۈزدە قايتۇرۇپ بېرىش ھېسابىغا ئۇ دېگەن سان
بويىچە قەرز بېرىلگەن»㉔. كېيىنچە كەچۈرۈم قىلىۋېتىلگەن.
پەقەت ئەڭ ئاخىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن تۇرپان ئۇيغۇرلىرى قەرز
ئالغان ئاشلىقنى قايتۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. مەسىلەن، چيەن-
لوڭنىڭ 31 ـ يىلى (1756 ـ يىلى) گەنسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى
ۋۇداشەننىڭ ئوردىغا يوللىغان مەلۇماتنامىسىدە: «چيەنلوڭنىڭ
21 ـ يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەۋسۇمىدا، گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلا-
رنىڭ ئۇرۇقى، ئوزۇقلۇق ئاشلىقى يەنىلا ئۈزۈلۈپ قالدى، جا-
ساق بەگ ئىمىن خوجىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئىلتىماس
قائىدىسىگە ئاساسلىنىپ قوتقۇزۇش ھېسابىدا ئامبارىدىكى بۇغداي-
دىن 4000 دادەن قەرز بېرىلدى. كۈزلۈك ھوسۇلدىن كېيىن
ساننى تولدۇرالمىسا مەزكۇر جاساق تولۇقلاپ تۆلەشكە رازى
بولدى... بۇرۇنقى قائىدە بويىچە ئەنشى ۋازارىتىدىكى ئاشلىق
ئامبىرىدىن دېگەن سان بويىچە قەرز بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈل-
دى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاستىلىرى تولۇق بولغاچقا، كۈزدىكى
ھوسۇلدىن ئۈمىد بار»㉕ دېيىلگەن.

## 4. جەمئىيەت تەشكىلىي شەكلى

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى كۆچۈشتىن ئاۋۋال چىڭ سۇلالىسى ھۆ-
كۈمىتى ئۇلارنىڭ باشچىلىرىغا تېخى مەنسەپ، ئۇنۋان بەرمىگەن،
شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇرۇندىن بار بولغان جەمئىيەت تەشكىلىي
شەكلىنى ئۆزگەرتمىگەنىدى. كۆچۈش باشلانغاندىن كېيىن يوڭ-
جېڭ خان ئىلتىپات قىلىپ «ئىمىن خوجىغا جاساق، قوشۇمچە
ئەركانبەگلىكنى بەردى. باشقا بەگلەر ئىچىدىن ئەمەلگە تەيىنلەش-
كە تېگىشلىكلىرىگە تەكشۈرۈش مەلۇماتنامىسى يېتىپ كەلگەندىن
كېيىن ئاندىن يارلىق چۈشۈرمەكچى بولدى»㉖. گۇاجۇغا يېتىپ

كەلگەندىن كېيىن چىڭ ئوردىسى ئىمىن خوجىغا مۇھۇر بېرىپ، «ئۆز ئاۋاملىرىغا باش سەردار قىلىپ، قالغان بەگلەرنى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ دەرىجىگە ئايرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەل تۈزۈمى بويىچە باش، ياندىش مىڭبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، ھەرقايسى قەلئەلەرگە تارقاقلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلاشتۇردى» ㉗. چيەنلۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (1737 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭ ـ كىچىك بەگلەرنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ دەرىجىسىنى بەلگىلىدى: «جاساق ياندىش ئەركانبەگ بىلەن باراۋەر. باش مىڭبېگى ياندىش ئەمىر بىلەن باراۋەر. ياندىش مىڭبېگى شىرمەت چەۋەندازلار بېشىغا باراۋەر» ㉘. چيەنلۇڭنىڭ 19 ـ يىلى (1754 ـ يىلى) چىڭ ئوردىسى گۇاجۇ بەش قەلئەدىكى ئۇيغۇرلاردىن «خوشۇن تەشكىللەپ زەنگى، جارا ئېرچىن، ياندىش ئەمىر، شىرمەت چەۋەندازلار بېشى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىپ، خۇددى قۇمۇلغا ئوخشاش قىلدى» ㉙. شۇنداق قىلىپ چىڭ ئوردىسى گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە خوشۇن تۈزۈمىنى رەسمىي تەشكىل قىلىپ، ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بەگلەر چىڭ سۇلالىسى تەيىنلىگەن يەرلىك ئەمەلدارلاردىن بولۇپ قالدى.

## § 3 . تۇرپانغا قايتىپ كېلىش

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى گۇاجۇغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان 20 نەچچە يىل جەريانىدا تۇرمۇشى تولىمۇ جاپالىق بولغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى (1755 ـ يىلى) داۋاچى توپىلىڭىنى تىنچىتقاندا، تۇرپان ئاندىن جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن خالاس بولدى. گەنسۇنىڭ پەرمانبەردارى مىڭ دې چيەنلۇڭ خانغا مەلۇماتنامە سۇنۇپ: «تەكشۈرۈشىمىزچە گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلار ئەسلىدە تۇرپانلىق ئۇيغۇرلار بولۇپ، جۇڭ-

غارلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قورقۇپ، يوڭچېڭنىڭ 10 ـ يىلى ئىچكىرىگە بەيئەت بولغان، ئالدىدا قۇمۇلنىڭ تاشۋېلىقتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كېيىن يۇڭچېڭنىڭ 10 ـ يىلى گۋاجۇدا 5 قەلئە سېلىنىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. بۇنىڭغا 20 يىلدىن ئېشىپتۇ. ئەمما، ئەنشى، گۋاجۇ ئەتراپىدىكى يەرلەر پۇتۇنلەي سۇلى دەرياسىنىڭ سۇغۇرۇشىغا تايىنىدۇ. ئېغىزىنىڭ سىرتىدا بوران كۆپ، يامغۇر ئاز، دەريا سۈيى دائىم ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھوسۇلى ئۇدا كېمىيىپ كەتكەچكە كۆندىلىك ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ئارانلا قامداپ كېلىۋاتىدۇ. تەكشۈرۈپ تەھقىقلەشكە قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە كەلگەن ۋاقىتتا 8100 نوپۇستىن كۆپرەك ئىكەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە 10 مىڭ نەچچە يۈز نوپۇسقا يېتىپتۇ. كەلگۈسىدە نوپۇس سانى بارغانسېرى كۆپەيسە مۇقەررەر ھالدا ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ يېتىشمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. . . . بۈگۈن تۇرپان قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ زېمىنىمىزغا تەۋە بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. بۇ ئورۇنلارنىڭ ئەھۋالاتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش كېرەك. ئەگەردە ئاچىدىغانغا يەر، ئورۇنلىشىشقا ئورۇن بولسىلا خىراجەت ئاجرىتىپ ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرغان تۈزۈك، يەنى جاساق بەگ ئىمىن خوجىنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنى تۇرپانغا قايتۇرۇپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش زۆرۈر» ㉚ دېدى. ئىمىننىڭمۇ يۇرتىغا قايتىش ئارزۇسى بولۇپ، «مەن ئۆتكەن يىلى بۇيرۇق بويىچە ئەسكەر باشلاپ ئىلىغا بېرىپ، قايتىشىمدا تۇرپانغا كېلىپ قارىسام موڭغۇللارمۇ قالماپتۇ، پەقەت ئۇيغۇرلاردىن 400 ئائىلىلىك بار ئىكەن. ئىلىغا بارغاندا ئىلگىرىكى يىللاردا تۇتقۇن بولۇپ كەلگەن 100 ئائىلىلىك ئۇيغۇرنى كۆرۈپ ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەلدىم. تۇرپاندا جەمئىي 500 ئۆيلۈك ئاھالە بولدى. بۇ ئورۇنلار ئۆزۈلمەي ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار ۋە كۆچۈش دەستىدىن ۋەيران بولۇپ سورۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەمما، تۇرپان، لۈكچۈن قاتارلىق 16 ئورۇندا ئېتىزلار خېلى بار ئە-

كەن. نۆۋەتتە گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلار 2370 ئائىلە بولۇپ، جەمئىي 8815 نوپۇس. تۇرپانغا قايتىپ بارسا ئولتۇراقلىشىپ سىغدىشىپ كېتەلەيدۇ» ㉛ دېدى. بىر يىلدىن ئارتۇق مەسلىھەت قىلىش ئارقىلىق گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلار چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن سەپەرگە ئاتلاندى. «مەزكۇر ئۇيغۇرلار 2452 تۈتۈن بولۇپ، ئەر - ئايال، قېرى - ياش بولۇپ جەمئىي 8578 نوپۇس ئىدى. ئائىلىسىدىكىلەرنى كۆچۈرۈشكە ئات - ئۇلاغلىرى بار بولسىمۇ، پەقەت ئۇندىن ئىككى - ئۈچىدىلا بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار يەتتە توپقا بۆلۈنۈپ، كەبىسە 9 - ئاينىڭ بېشىدا ئارقا - ئارقىدىن يولغا چىقتى» ㉜. ئالدىدا ئىمىن خوجا قەيت قىلغان گۇاجۇدىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرى 8815 ئادەم بولۇپ، ئەمەلىيەتتە كۆچۈپ ماڭغىنى 8578 ئادەم بولغان. 200 دىن ئارتۇق ئادەم ئېھتىمال ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قېپقالغان بولسا كېرەك.

## § 4 . گۇاجۇغا كۆچۈشنىڭ نەتىجىسى

ئىمىن خوجا تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى باشلاپ گۇاجۇغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنلا ئاندىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن خوشۇن سەردارلىقىغا تەيىنلىنىپ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغا باش سەردار بولدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىپ ئورۇنلىشىشتىن ئاۋۋال ئىمىن خوجا پەقەت بىر كىچىك شەھەرنىڭ بېگىلا بولۇپ، تۇرپاندىكى ھۆكۈمرانلار ئىچىدە ئەمەلى بار ياكى نامى بارلاردىن ئاق سۇلتان، ئاغلاقچى شاھ زەپەر ㉝، ئالىم خوجا، ئاسى بەگ ㉞، چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن كونا بەگ مەنسۇر

قاتارلىق خېلى نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى㉟. ئۇلار ھەم مۇئەي-
يەن ئابرويغا، ھەم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئىمىن خوجىنىڭ
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز تالانتىنى كۆرسىتەلىشىنى ئۇنىڭ تۇرپان
ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋەتەنگە تەۋە بولۇش رايىغا ماسلاشقانلىقىغا ھەم
قەتئىيلىك بىلەن ئاۋامىلىرىنى باشلاپ، جۇڭغارلارنىڭ پاراكەندە-
چىلىكلىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاخىرىدا كەسكىن ھالدا
گۇاجوۇغا كۆچۈپ بارغانلىقىغا يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ. ئىمىن
خوجىنىڭ شەرققە كۆچۈشى جۇڭغارلارنىڭ ئىككى يولدىكى چىڭ
قوشۇنلىرىنى ھارغۇزۇپ كاردىن چىقىرىشقا ئۇرۇنۇش تاكتىكى-
سىنى ئۈزۈل - كېسىل بىتچىت قىلدى ھەمدە جۇڭغارلارنىڭ
تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ ئۇرۇشقا سەرپ
قىلىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى
بەلگىلىك دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن چىڭ
سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن پايدىلىق
شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

جيا يۈگۇەننىڭ غەربىدىكى رايونلار مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا
موڭغۇللارنىڭ يايلاقلىرىغا ئايلىنىپ بولغان بولۇپ،
«ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ ئىزنالىرىمۇ قالمىغانىدى»㊱. تۇرپان
ئۇيغۇرلىرى كەلگەندىن كېيىن باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر بىر-
لىكتە تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ، قوۋۇقنىڭ غەربىدىكى جايلارنى
بىرلىكتە ئاچتى. ئۇلار سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى قىلىپ،
گۇاجوۇدا سۇ قىس بولۇشتەك قىيىنچىلىقنى پەسەيتتى. يەنە
يېڭىدىن بوز يەرلەرنى ئېچىپ، 204 مىڭ مو مۇنبەت
يەر ئۆزلەشتۈرۈپ㊲، قوۋۇقنىڭ غەربىدىكى جايلارنىڭ ئىگىلى-
كىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

## ئىزاھ:

①⑰⑳㉑㉓㉗ چاڭ جون: «دۇنخۇاڭ خاتىرىلىرى»، 1 ـ جىلد، ئۇيغۇرلارنىڭ بەش قەلئەسى.

②㉕㉛ جۇڭگو 1 ـ تارىخ ئارخىپخانىسى: «قارادىۋان تاپشۇرۇۋالغان مەلۇماتنامىلەر»، مىللەتلەر تۇرى، 1505 ـ جىلد.

③ «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 39 ـ جىلد، ئۆرپ ـ ئادەت.

④ «چىڭ شېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 264 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 54 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

⑤ زوكۇتۇ: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىكى تۇرپان تارىخى»، «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى»، 60 ـ قىسىم، 3 ـ، 4 ـ نومۇر، جاۋخېنىڭ 54 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

⑥⑨ خې يىڭ: «ئۈچ ئايماق خاتىرىلىرى»، 1 ـ جىلد.

⑦ «چىڭ شېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 293 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 60 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

⑧ «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 4 ـ جىلد.

⑩ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 107 ـ جىلد، يۇڭجېڭنىڭ 9 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

⑪ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 45 ـ جىلد، يۇڭجېڭنىڭ 4 ـ يىلى 6 ـ ئاي. بۇ ئۇيغۇرلار سۇجۇدىكى ۋېيلۇ قەلئەسىگە كۆچۈپ بېرىپ، چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى) تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن.

⑫㉖ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 125 ـ جىلد، يۇڭجېڭنىڭ 10 ـ يىلى 11 ـ ئاي.

⑬ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 124 ـ جىلد، يۇڭجېڭنىڭ 11 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

⑭⑮⑲㊱ «قايتا تۈزۈلگەن سۇجۇ يېڭى تەزكىرىسى».

⑯ جۇڭ گۇاڭشىڭ: «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 2 ـ جىلد.

⑱ ياپونىيە ئالىمى زوكوتو ئۇيغۇرلارنىڭ «تۇرپاندىن تاشۇپلىققا كۆچۈپ بارغانلىرى 9273 ئادەم» دەپ قارايدۇ. زوكوتو يازغان «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىكى تۇرپان تارىخى»، «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى»، 60- قىسىم، 3-، 4- نومۇر، 1980- يىلى. چىڭ ھۆكۈمىتى تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ ساندىمۇ مۇشۇ كىتابتىكى سانلار ئاساس قىلىندى.

㉒ جاڭ يۇشىن: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈپ كېلىشىنىڭ باش - ئاخىرى»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 1981 - يىل 1 - سان.

㉔ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 357 - جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 5 - يىلى 1 - ئاي.

㉘㉙ «ۋاسساللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 15 - جىلد، ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئومۇمىي بايان 1.

㉚ جۇڭگو 1 - تارىخ ئارخىپخانىسى: «قارادىۋان تاپشۇرۇۋالغان مەلۇماتنامىلەر»، مىللەتلەر تۈرى، 1075 - جىلد.

㉜ جۇڭگو 1 - تارىخ ئارخىپخانىسى: «قارادىۋان تاپشۇرۇۋالغان مەلۇماتنامىلەر»، مىللەتلەر تۈرى، 1056 - جىلد.

㉝ «چىڭ شېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 288 - جىلد، كاڭشىنىڭ 59 -يىلى 8 -ئاي.

㉞ «خان تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قارام بولغان موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭ - بەگلىرىنىڭ تەرجىمىھالى»، 116 - جىلد، غوجەشنىڭ تەرجىمىھالى.

㉟ «خان تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قارام بولغان موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭ - بەگلىرىنىڭ تەرجىمىھالى»، 110 - جىلد، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى.

㊲ «چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ئىبارىلەر قامۇسى»، 22 - جىلد، يەر بېجى 22، غەربىي يولدا بوز يەر ئېچىش.

# توققۇزىنچى باب ئىمىن خوجىدىن كېيىنكى ۋاڭلار

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىنانچىخانى ئىمىن خوجىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى يۇقىرىدا ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىندى. ئەمدى چىڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى ۋەسىقە ـ ماتېرىياللار ۋە پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئارخىپ بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئىمىن خوجىدىن كېيىنكى ئىنانچىخانلار توغرىسىدىمۇ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## § 1 . سۇلايمان

سۇلايمان ئىمىن خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، چوڭ ئوغلى نۇر مەخمۇد ئىپتىمال مەجرۇھ بولۇپ قالغانلىق تۈپەيلى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. سۇلايمان دادىسىغا ئەگىشىپ تەرەپ ـ تەرەپلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا زور تۆھپە قوشقان. ئىمىن خوجا چيەنلۇڭنىڭ 42 ـ يىلى (1777 ـ يىلى) كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ دادىسىنىڭ ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىككىنچى ئەۋلاد تۇرپان ۋاڭى بولغان.

«چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دە، سۇلايماننىڭ ئىسمى تۇنجى بولۇپ چيەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى (1756 ـيىلى) 12 ـ ئاي

تارمىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تورپان ئەتراپلىرىغا خوشۇن ياندىش ئەمىرى قىلىپ تەيىنلەنگەن مەڭلىك ۋەتەننى پارچىلايدىغان توپىلاڭ قوزغىغان بولۇپ، ئىمىن خوجا لۈكچۈننى بازا قىلىپ ئاۋامغا باشچىلىق قىلىپ، «ئوغىرىلارغا قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى مەھكەم قوغدىغان» ھەمدە ئوغلى سۇلايماننى «قومۇلغا ياردەم تەلەپ قىلىشقا» ئەۋەتكەن. چيەنلۇڭ خان خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سۇلايماننىڭ سادىق ۋە جەسۇر روھىنى ماختاپ، ئۇنىڭغا بەگ دەرىجىسىنى ئىنئام قىلغان ھەمدە قومۇلدا تۇرۇشلۇق چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سانغۇنى بوكۇيگە «500 نەپەر ئەسكەر تاللاپ سۇلايمان بىلەن بىرلىكتە تېزدىن ئىمىن خوجىغا ياردەمگە بېرىش، چوقۇم ئامال قىلىپ مەڭلىكنى تۇتۇش، مۇبادا ئەسكىرىي كۈچ يەتمىسە ئىمىن خوجىنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىرگە قومۇلغا قايتىپ، چوڭ قوشۇننىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئاندىن ئىش كۆرۈش»① توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن. ئەمما، بوكۇي 1000 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ لۈكچۈنگە ياردەمگە ماڭغاندا، تۇر كۆل ئەتراپىدا تەسلىم بولۇش ئۈچۈن كېلىۋاتقان مەڭلىك بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنى ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

مەڭلىكنىڭ توپىلاڭى تىنچىتىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا چىڭ سۇلالىسى ئىمىن خوجىغا بېزىلىق ئۇنۋانى بەرگەن. سۇلايمانغا بەگلىك ئۇنۋاننى بەرگەن. خاننىڭ ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن ئىمىن خوجا ئوغلى سۇلايماننى بېيجىڭغا ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلغان. چيەنلۇڭ خان «ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان سەمىمىيلىك بىلەن ياخشىلىق قايتۇردى، ئەلۋەتتە مۇكاپاتلاشقا تېگىشلىك، قائىدە بويىچە تەكلىپ قىلىنسۇن. سۇلايماننىڭ بېيجىڭغا تېز يېتىپ كېلىشى توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈلسۇن»② دېگەن. شۇنداق قىلىپ سۇلايمان تۇنجى قېتىم بېيجىڭغا تاۋاپقا بېرىپ چيەنلۇڭ خان بىلەن كۆرۈشكەن.

چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يارخاشەننى ئاسىيلارنى تىنچىتىش سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ 10 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ كۇچاغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۇرۇشى باشلاندى. ئىمىن خوجا لەشكىرىي ئىشلار مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەندى. زور قوشۇننىڭ ئارقاسەپ تەمىناتى ۋە ئالاقىسىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سۇلايمان ئادەم باشلاپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆتەڭلىرىنى چارلاپ تەكشۈرگەن. جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ پاراكەندە قىلىشىغا يولۇققاندا ئۇ كۇچاغىچە قوغلاپ كەلگەن. كېيىن قېلىن قار سەۋەبىدىن يولدىن ئېزىپ قالغان. ئۆتەڭلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى يەنە 200 ئەسكەر ئەۋەتىپ قالدۇق دۈشمەنلەرنى ئاختۇرغان③. كېيىن چىڭ خانى: «ئىلگىرى ئۆتەڭلەر تازىلانمىغانلىقتىن، سۇلايمان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى باشلاپ چارلاپ تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن، ئەمدى چىڭ قوشۇنلىرى يېتىپ باردى، ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى. سۇلايمان قوشۇننى باشلاپ قايتسۇن، ئۇنىڭ بېرىپ - كېلىشىگە بەك ئۇزۇن بولدى، شۇڭا مۇۋاپىق مۇكاپاتلاپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى قىلىشىغا ياردەم بېرىلسۇن»④ دەپ پەرمان چۈشۈرگەن.

چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىش جىددىي كېتىۋاتقان ۋاقىتتا، تۇرپان بېگى سۇلايمان بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ياندىش بەگ مۇسالار ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلىش ئۈچۈن «400 ئات ئىئانە قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان». چيەنلۇڭ خان: «مېنىڭ ھىممىتىمگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئات ئىئانە قىلماقچى بوپسىلەر، نىيىتىڭلار ناھايىتى سەمىمىي، ھەقىقەتەنمۇ مۇكاپاتلاشقا ئەرزىيدۇ. ئەمما، سىلەر دائىم يۆتكىلىپ يۈرۈيسىلەر، ئات - ئۇلاغلىرىڭلارمۇ كۆپ ئەمەس، شۇڭا يەنىلا ئۆزۈڭلار

ئىشلىتىڭلار، ئىشانە قىلىمەن دەپ ھەر خىل ئالىڭلاردىن كېتىپ قالماڭلار، سىلەرنىڭ سەمىمىي كۆڭلۈڭلار ماڭا ناھايىتى ئايان» ⑤ دېگەن.

چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى)، بۇگۇردىكى ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ ئاغلاقچى ھاكىمبەگ ئابدۇرۇسۇل ئۇستىدىن تاۋار ھەم ئۇلاغلارنى قاقتى - سوقتى قىلدى دەپ ئەرز قىلىشقان. قاراشەھەر خان ئامبىلى ناشتوڭ تورپان بېگى سۇلايمان بىلەن بىرلىكتە ئۇنى سوراقتا تارتقان ھەمدە سۇلايمان ۋاقتىنچە بۇگۇر قاتارلىق جايلاردىكى ئىشلارنى بېجىرىدىغان بولغان⑥.

چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى)، ئۇرۇمچىدە بوز يەر ئېچىشقا ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق قوراللىرىنى ئىچكىرىدىن ئەكېلىش زۆرۈر بولغاچقا، چىقىم ئۆرلەپ كەتكەن. «تورپان بېگى سۇلايمان كونا ئويراتلاردىن قارا بالغاسۇن، سانجى دەرياسىنىڭ مەنبەسى قاتارلىق جايلاردىن تۆمۈر چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ ئان ئادەم ئەۋەتىپ قوم - تۆمۈر ئارىلاشمىسىدىن يۇز جىڭدىن ئارتۇق ئەكەلدۇرۇپ، ئىشلەتكىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى بىلىش ئۇچۇن قۇيۇپ سىناپ باققان. ئەمما، يەرلىكلەر پەقەتلا سايان چېشىنىلا قۇيالايدىغان بولۇپ، ئورغاق قاتارلىق سايمانلارنى ياساشقا ئانچە پىششىق بولمىغان» . شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا جايلاردىن «بىرقانچە تۆمۈرچى ئۇستىنى ئەكېلىپ ياساتقۇزۇپ، بوز يەر ئاچقۇچى لەشكەرلەر ھۈنىرىنى پىششىق بىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىش» ⑦ توغرىسىدا ئىلتىماس سۇنغان.

چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى (1765 - يىلى) ئۇچتۇرپاننىڭ خان ئامبىلى سۇچىڭ يەرلىك ئۇيغۇرلارغا جەبىر - زۇلۇم سالغانلىقتىن، ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى كەلتۇرۇپ چىقارغان. ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى مۇسا «غەيرەت قىلىپ كۈچ چىقىد-

رىپ»⑧، «زور تۆھپە كۆرسەتكەن»، ياردەمچى ئەسكەرلەرنى باشلاپ «ئوغرىلار بارگاھىغا ئۇدۇل بېسىپ كىرىپ، توسالغۇلار-نى بۆسۈپ، ئوغرىلارنى مەغلۇپ قىلغان». چيەنلۇڭ سۇلالىسى «ئىلتىپات قىلىپ تاۋار ئىنئام قىلغان»⑨.

چيەنلۇڭنىڭ 31 ـ يىلى (1766 ـ يىلى) سۇلايماننىڭ ئىنىسى مۇسا كېسەل بىلەن ئۆلگەن. چىڭ سۇلالىسى ئىمىن خوجىنىڭ 4 ـ ئوغلى ياردەمچى تەيجى ئورانزىپنى مۇسانىڭ ئورنىغا ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تولۇقلاپ تەيىنلىگەن. چىڭ سۇلالىسى ئىلىدىكى ھاشخان بەگ، ئاق بەگلەرنىڭ بىر مەزگىلگىچە ۋەزىپىدىلىرىگە ئولتۇرالمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ «سۇلايماندىن ئىنىسى ئورانزىپقا ياردەملىشىپ بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنى بېجىرىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ يەنە بىر ـ ئىككى يىل ئىشلەشنى خالايمەن، دەپ جاۋاب بەرگەن. خان: ‹سولايمان مېنىڭ ھىممىتىمدىن مىننەتدار بولۇپ، ئىلىدا قېلىپ بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنى ھەمكارلىشىپ بېجىرىشكە قوشۇلدى، تۆت توپ تاۋار ئىنئام قىلىنىپ رىغبەتلەندۈرۈلسۇن، دېگەن»⑩.

چيەنلۇڭنىڭ 36 ـ يىلى (1771 ـ يىلى) مۇڭغۇللارنىڭ تورغۇت قەبىلىسى روسىيىنىڭ ۋولگا ئېقىنىدىن شەرققە كۆچۈپ ۋەتەنگە قايتقان. چارروسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھەممە يەردە قوغلاپ زەربە بېرىشى بىلەن جۇڭگو تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن «ئۇلار-نىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەنمۇ ئېچ ئاغرىتقۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان». چىڭ سۇلالىسى بارىكۆل، قۇمۇل، تۇرپان ئەترابلىرى-دىن قوي يىغىپ بېرىشنى قارار قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا سۇلايمان لۇكچۈندە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى «ئۇنى قوي يىغىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە بۇيرۇپ، سانىغا قاراپ پۇل بېرىدىغان بولغان»⑪.

چيەنلۇڭنىڭ 42 ـ يىلى (1777 ـ يىلى) ئىمىن خوجا

كېسەل بىلەن ئۆلگەن. شۇ يىلى سۇلايمان ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە
ۋارىسلىق قىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە سۇ-
لايماننى دەرىجە چۈشۈرۈپ تەيىنلەش كېرەك بولسىمۇ، چيەنلۇڭ
خان «ئىمىن خوجا ئىلگىرى ھەربىي ئىشلار ئۈچۈن ئاجايىپ كۈچ
چىقارغان دەپ ئىلتىپات قىلىپ، سۇلايماننىڭ يەنىلا ئىنانچىخاند-
لىققا ۋارىسلىق قىلىشىغا پەرمان چۈشۈرگەن»⑫.
سۇلايمان ئىنانچىخانلىققا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئۇ-
زۇن ئۆتمەيلا ئۆزىگە قاراشلىق ئۇيغۇرلارغا كۈمۈش ئالۋىڭى سې-
لىپ، ئوردىسىغا قىز تاللىغان. بۇ ئىش يۇز بەرگەندىن كېيىن
چىڭ سۇلالىسى ئادەم ئەۋەتىپ «سۇلايمان ۋە ئۇنىڭغا چېتىشلىق
گۇناھكارلارنى بېيجىڭغا يالاپ ئەكەلگەن»⑬. چيەنلۇڭ خان بۇ
ئىشنى ئۆزى بىۋاسىتە سوراپ يارلىق چۈشۈرۈپ: «ئىمىن خوجا
كاڭشى يىللىرىدا بەيئەت قىلغان، گۇاجۇغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان،
كېيىن ھەربىي جەھەتتىكى تۆھپىسى ئۈچۈن مەرتىۋە ئىنئام قى-
لىنىپ، بۇيرۇق بويىچە ئەسلىدىكى يېرىگە قايتۇرۇلغان. ئۇنىڭغا
گۇاجۇدىن ئەگىشىپ كەلگەنلەر ئۇنىڭغا ھەقىقىي قارام قوۋملار-
دۇر. تۇرپان ئەسلى جۇڭغارلارغا تەۋە بولۇپ، مەڭلىكنىڭ باشقۇ-
رۇشىدا ئىدى. كېيىن مەڭلىك ئۆلتۈرۈلۈپ ئىمىن خوجا ئىگى-
دارچىلىق قىلىشقا باشلىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى لەشكىرىي كۈ-
چىمىزنىڭ قۇدرىتىدىن بولغان. ئىمىن بىلەن مۇناسىۋەتسىز-
دۇر. ۋاھالەنكى، تۇرپان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم شەھىرى، بۈگۈن-
گە قەدەر ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا ۋەقە
چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. بۈگۈنگە كەلگەندە سۇلايمانغا گۇناھ
ئارتىلدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىشنى تېز بېجىرىش كې-
رەك. مېنىڭچە ئىمىن خوجىغا بۇرۇندىن قارام بولۇپ كېلىۋاتقان
يەرلەرنى يەنىلا ئۇنىڭغا باشقۇرغۇزۇش، باشقا جايلارنى ئايرىپ
چىقىپ باشقىدىن ھاكىمبەگ قويۇش كېرەك»⑭ دېگەن. چىڭ
سۇلالىسى سۇلايماننىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىن پايدىلىنىپ ئەس-

لىدە مەڭلىككە تەۋە بولغان يەرلەرنى ئايرىپ چىقىرىۋالغان.
چيەنلوڭنىڭ 44 ـ يىلى (1779 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا «سۇلايمان ئاستانىگە يېتىپ كەلگەن. لەشكىرىي پىرقە ۋەزىرلىرى تەكشۈرۈپ تەھقىقلەش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئاختا قىلىۋېتىش جازاسى بەرمەكچى بولغان. خان: ‹ قائىدە بويىچە ئىنانچىخانلىقتىن قالدۇرۇش بەلگىلىمىسى بار ئىدى. مەن ئىمىن خوجىنىڭ ئىلگىرىكى تۆھپىلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ يەنىلا ياخشىلىق قىلىش نىيىتىدە سۇلايماننى ئىنانچىخانلىقتىن بىكىتىلىقا چۈشۈرۈپ، بېكىتىلىقتا بەش يىل تۇرۇش جازاسى بېرىپ، ئاستانىدە قالدۇرماقچىمەن. لېكىن، ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر ئاۋاملىرىنى چوقۇم جاساقلار باشقۇرۇشى كېرەك. بۇگۈن سۇلايمانغا بېكىتىلىق مەرتىۋىسى بېرىلىپ ئۇنىڭ يېرىگە باشقىدىن جاساق قويۇلدى. ئۇلارنىڭ جەمەتىگە يەنە بىر ئەمەل قوشۇلدى. سۇلايمان ئاستانىدە قېپقېلىشنى خالىغانلىقتىن، ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە ئىنىسى تاللىنىپ يېرىگە جاساق قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، قوۋملىرىنى باشقۇرۇشقا قويۇلسۇن›، دېگەن⑮.
شۇ يىلى سۇلايماننىڭ ئىنىسى ئىسكەندەر ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلايمانغا دائىر ئەھۋاللار ئېنىق ئەمەس.

## 2 § . ئىسكەندەر

ئىسكەندەر ئىمىن خوجىنىڭ 6 ـ ئوغلى بولۇپ، چيەنلوڭنىڭ 44 ـ يىلى ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان.
چيەنلوڭنىڭ 53 ـ يىلى چيەنلوڭ خان يارلىقىدا: «تۇرپاننىڭ ئىنانچىخانى ئىسكەندەر ئىلگىرى ئوردىغا تاۋاپقا كىرگەن چاغدا مەن ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى، ئەقىل ـ ئىدراكىنى دەڭسەپ

كۆرۈپ تەربىيلەپ كەتكىلى بولىدىكەن دەپ ھېس قىلغانىدىم» دېگەن. قەشقەرنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبېگى ئوسمان كېسەل بىلەن ئۆلۈپ ئورنى بوش قالغاندا «شۇئان ئىسكەندەر تولۇقلاپ تەيىنلەنگەن» . ئىسكەندەر قەشقەرگە بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا، تۇرپاندىكى ئىشلارنى ئۇنىڭ قېرىندىشى سەيپۇللا بېجىرگەن. چىڭ سۇلالىسى ئىسكەندەرگە ئائىلىسىنى كۆچۈرۈش خىراجىتى ئۈچۈن 100 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىپ بەرگەن. «ئىسكەندەر گەرچە ئىنانچىخان بولسىمۇ، ئەمما قەشقەرگە بېرىپ ھاكىمبەگ بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مىڭ لياڭ، بوشىڭلار بىلەن ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ، يولىيورۇق بىلەن ئىش بېجىرگەن» ⑯ .

چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلى (1788 - يىلى) 8 - ئايدا چيەنلۇڭ خان مىڭ لياڭدىن كەلگەن مەلۇماتنامىلەردە ئىسكەندەر-نىڭ ئۇنۋانىنى قاتارغا تىزمىغانلىق ئىشى توغرىسىدا يارلىق چۈ-شۈرۈپ: «ئىسكەندەر ئەجدادلىرىدىن تارتىپ مېنىڭ چاكىرىم-دۇر، يەنە كېلىپ ئىنانچىخان مەرتىۋىسىدە، بۇ يارلىق مىڭ لياڭغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن قەشقەرنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق يوللانغان مەلۇماتنامىلەردە بىردەك تەرتىپ بويىچە ئۇنۋان نامى تىزىلسۇن» ⑰ دېگەن. كېيىن چيەنلۇڭ خان يەنە ئۇنۋان نامىنى تىزىش تەرتىپىنى بەلگىلەپ «ئىسكەندەر كونا ئەمەلدارلاردىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنانچىخان، بۇنىڭدىن كېيىن مەلۇماتنامىلەردە ئۇنۋانى مىڭ لياڭنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇشى، بوشىڭنىڭ ئۇنۋانى ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىغا يېزىلىشى كېرەك» ⑱ دەپ بەلگىلەپ بەرگەن.

چيەنلۇڭنىڭ 54 - يىلى (1789 - يىلى) 11 - ئايدا ئىسكەندەر بېيجىڭغا تاۋاپقا بارغان⑲ .

شۇ يىلى بويرۇتلار «ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ قولىدىن مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئاتنى تارتىۋالغان» . مىڭ لياڭ قاتارلىقلار ئۇ-

لارنىڭ تەييارلىقسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ كاتتىۋېشى جان پولات قاتارلىقلارنى تۇتۇۋالغان. چىڭ خانى بۇ «ھەقىقەتەن مۇكاپاتلاشقا ئەرزىيدۇ» دەپ قاراپ، «مىڭ لياڭ، ئىسكەندەرلەرنىڭ ھەرقايسىسىغا بىر تىزىقتىن مەرۋايىت، چوڭ ھەميانىدىن بىرجۈپ، كىچىك ھەميانىدىن تۆتتىن ئىنئام قىلغان»[20].

1759 - يىلى شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن چوڭ خوجا بورھانىدىننىڭ ئوغلى سامساق قوقان، بۇخارا قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كەتكەن. كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ قەشقەردىكى بەگلەر بىلەن ئاستىرتىن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزگە ۋاكالىتەن سېلىق چېچىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلانغان. «ئىسكەندەر مىڭ لياڭ قاتارلىقلارنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن ئادەم ئەۋەتىپ، سامساقنىڭ ئەۋەتكەن ئادىمى باراتنى قولغا ئالغان. خان: شاپائىتىمگە جاۋاب قايتۇرۇپ سەمىمىيلىك بىلەن تىرىشىپ خىزمەت قىلدى، شۇڭا ئۇنىڭغا چوڭ ھەميانىدىن بىر جۈپ، كىچىك ھەميانىدىن ئىككى جۈپ ئىنئام قىلىپ ئىلھام بېرىش كېرەك، دېگەن»[21].

چيەنلۇڭنىڭ 58 - يىلى (1793 - يىلى) 2 - ئايدا چيەنلۇڭ خان يەنە مىڭ لياڭ قاتارلىقلارنىڭ يوللىغان مەلۇماتنامىلىرىدە ئىسكەندەرنىڭ ئۇنۋانىنى قاتارغا تىزمىغانلىق ئىشىدىن كايىپ، «ئىسكەندەر مېنىڭ كونا ئىقتىدارلىق ئەمەلدارىم، يەنە كېلىپ ئۆز ئىشلىرىنىمۇ ناھايىتى مۇۋاپىق بېجىرىۋاتىدۇ. ئىلگىرى ئومۇمەن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئۇنىڭ نامى يېزىلىشى كېرەك دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. بۇ يەردىكى ئىككى مەلۇماتنامە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەسمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىسكەندەرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمايدۇ؟ كېيىنچە ئىسكەندەر يانداش ئىش بېجىرگۈچى ئامبال قىلىنىدۇ. بارلىق مەلۇماتنامىلەردە ئۇنىڭ ئىسمىنى بىرگە يوللاش كېرەك» دېگەن.

ئاندىن كېيىن يەنە ئىسكەندەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىپ، «ئىلـ
گىرى قومۇلدىن يۇسۇپ، تۇرپاندىن ئىمىن خوجا ئىزچىل ھالدا
قول ئاستىدىكىلىرىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ئۆزلىرىگە قاراشلىق
جايلاردىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى بوزەك قىلغان. ئەمدىلىكتە مەن
سېنى ياندىش ئىش بېجىرگۈچى ئامبال قىلماقچى. ئۆزۈڭگە قا-
راشلىق تۇرپانلىقلارنى قاتتىق تۇت، ئىشلارنى بېجىرگەندە ئادىل
بول، ھەرگىزمۇ قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنى بوزەك قىلما. ئەگەردە
غەيرەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلىسەڭ، نەپسىڭگە چوغ تارتمىساڭلا
ئاۋام سېنىڭدىن رازى بولىدۇ. مەنمۇ شـاپـائىتىمنـى ئايىماي-
مەن㉒» دېگەن.

شۇ يىلى يۇڭباۋ ئوردىغا يوللىغان مەلۇماتنامىسىدە، «ئىسـ
كەندەر ناھايىتىمۇ ئېھتىياتچان ئادەم، ئىشلارنى تىرىشچانلىق
بىلەن بېجىرىدۇ، دەپ گۇللۇك پەي قادالغان ئوتئوغات ئىنئام
قىلىشنى تەلەپ قىلغان» . چيەنلۇڭ خان «مەلۇماتنامىدە ئېيتىلـ
غانلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق» دەپ قاراپ، «ئىسكەندەر ئوردىغا
ئەركىن كىرىپ چىقالايدىغان ئادەم، مەرتىۋىسى ئىنانچىخان، يەنە
كېلىپ ھاكىمبەگدۇر. مىڭ لياڭ، مىڭ شىڭ، يادي قاتارلىقلار
ئەمەلگە ئولتۇرغان مەزگىللەردە ئىسكەندەر ئۈچۈن پۇپۇكلۇك
ئوتئوغات ئىنئام قىلىشنى مەلۇماتنامىلىرىدە تىلغا ئېلىشىپمۇ قويـ
مىدى. بۇ ناھايىتى توغرا بولمىغانلىق. ئۆزۈمنىڭ سادىق كونا
ئۇيغۇر چاكارلىرىمغا بولغان سېغىنىشىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن
ئىسكەندەرگـە ئـۈچ كـۆزلۈك پۇپۇكلـۇك ئـوتئوغات ئىنئام
قىلدىم㉓» دېگەن.

چيەنلۇڭنىڭ 59 ـ يىلى (1794 ـ يىلى) چېگرا قاراۋۇلخا-
نىلىرىنىڭ ياساۋۇل قورۇقبېشى چاچىتو قاتارلىقلار ئەنجانلىق
سودىگەرلەر بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۇرۇپ كۆز بوياماچىلىق
قىلغان. چيەنلۇڭ خان قاتتىق خاپا بولۇپ «قاراۋۇلخانىلاردىكى
سەرۋاز ـ لەشكەرلەر كىرىپ ـ چىقىۋاتقان سودىگەرلەرنى ئوبدان

تەكشۈرۈشى كېرەك ئىدى، ۋاھالەنكى خىيانەت قىلىشقا پېتىنىپ ئەنجانلىق سودىگەرلەردىن پارا ئېلىپ ماللارنى ئاز تەكشۈرۈپ باج ئوغرىلاشقا ئۇرۇنۇپتۇ، بۇ قانۇننى كۆزگە ئىلمىغانلىقتۇر» دېگەن ھەم بۇ دېلوغا چېتىشلىق ئادەملەرنى قاتتىق جازالىغان. «ئىسكەندەر ھەرخىل چارىلەرنى قوللىنىپ يوشۇرۇپ قويۇلغان ماللارنى تەكشۈرۈپ تېپىپ، زور كۈچ چىقارغان»، چيەنلۇڭ خان ئىسكەندەرنى يەنە مۇكاپاتلىغان㉔.

شۇ يىلى ئىسكەندەر بېيجىڭغا تاۋاپقا بارغان، چيەنلۇڭ خان ئۇنىڭغا زىياپەت بەرگەن㉕ ھەمدە «سېرىق پوتا» ئىنئام قىلغان㉖. 1796 - يىلى جياچىڭ خان تەختكە ئولتۇرۇپ، چيەنلۇڭ خان شاھەنشاھ دەپ ئاتالغان. «شاھەنشاھ يىگىتەيگە (ھازىرقى جۇڭنەنخەي) بارغاندا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىناۋچىخان ھاكىمبېگى ئىسكەندەر قاتارلىقلار... شىمېن قوۋۇقى سىرتىدا ئېھتىرام بىلەن تاۋاپ قىلىشقان»㉗. جياچىڭنىڭ 2 - يىلى 1 - ئايدا «شاھەنشاھ زىگۇاڭ قەسرىدە. . . تۇرپاننىڭ ئىنانچىخان ھاكىمبېگى ئىسكەندەر قاتارلىق 16 ئادەمگە زىياپەت بەرگەن ھەمدە تارتۇق ئىنئام قىلغان»㉘.

چيەنلۇڭ خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىسكەندەر «ناھايىتىمۇ قايغۇ بىلەن ماتەم تۇتقان». ئۇ پادىشاھنىڭ ھىممەت - شەپقىتىگە ھەشقاللا ئېيتىش ئۈچۈن «بەگ - ئاقساقاللىرىنى ۋە پۇقرالارنى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئېچكىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە ھازا كىيىمى كىيىشكە بۇيرۇغان». جىياچىڭ خان خەۋەر تاپقاندىن كېيىن «قائىدە بويىچە ئىسكەندەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئوغلى يۇنۇسنى باشلاپ ئېھتىرام بىلەن زىگۇڭ قەسرىگە سالامغا كىرىشىگە ئىجازەت قىلغان»㉙.

جىياچىڭنىڭ 10 - يىلى (1805 - يىلى) ئىسكەندەر تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارغان. «خان يىگىتەيدە سۇدىكى مەنزى-

رىلەرنى تاماشا قىلغان، قەشقەرنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك بېگى ئىسـ
كەندەر قاتارلىق 4 كىشى. . . شىيۇەن قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا
ئېھتىرام بىلەن تاۋاپ قىلىشقان»㉚، باۋخې سارىيىدا زىياپەت
ئۆتكۈزۈلۈپ «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جاساق ئىنانچىخانى ئىسـ
كەندەر هاراققا تەكلىپ قىلىنىپ. . . شاھ شىرەسى ئالدىدا ئىلـ
تىپات هارىقىغا مۇيەسسەر بولغان»㉛.

جىياچىڭنىڭ 13 ـ يىلى (1808 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا «خان
يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ. . . هاكىمبەگ ئىنانچىخان ئىسكەندەر
سەممىي تەبرىك تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ پەر-
مانبەردار بولۇپ سەممىي نىيەت بىلەن ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىكـ
دىن ناھايىتىمۇ شادلاندىم. كېلەر يىلى 50 ياشقا كىرىمەن، بۇنى
ئۇلۇغ بوۋام گاۋزۇڭ بۇزرۇكۋارخاننىڭ 80 ياشقا كىرگەن خاتىرە
مەرىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 55 ـ
يىلى ئىسكەندەرنىڭ تاۋاپقا كېلىشىگە تېگىشلىك يىل بولغاچقا
يارلىقنامە چۈشۈرۈلۈپ ئىجازەت بېرىلگەن. كېلەر يىلى ئىسكەنـ
دەرنىڭ تاۋاپقا كېلىدىغان نۆۋەت يىلى ئەمەس. ئەگەر مېنىڭ
تۇغۇلغان كۈن مەرىكەمگە ئىسكەندەر ئۇن مىڭ چاقىرىم يولنى
بېسىپ ئاستانىگە كېلىمەن دېسە، تولىمۇ ئاۋارە بولىدۇ. ئىسكەنـ
دەر سەممىي تىلەكلىرىنى ۋاقتى كەلگەندە مەخسۇس مەلۇماتنامە
قىلىپ ئەۋەتسىلا بولىدۇ. ئاستانىگە كېلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى
يوق. پەرمانىمدىن ئۇ ۋاقىپلىنىپ قالسۇن»㉜ دېگەن.

جىياچىڭنىڭ 16 ـ يىلى (1811 ـ يىلى) ئىسكەندەر كېسەل
بىلەن ئۆلگەن. چىڭ ئوردىسى «دەپنە ئىشلىرى ئۈچۈن 300 سەر
كۈمۈش ئىنئام قىلىپ، ئوغلى يۇنۇسنى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە
ۋارىسلىق قىلدۇرغان»㉝.

## § 3 . يۇنۇس، فەرىدۇن

يۇنۇس ئىسكەندەرنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئىنانچىخانلىقتا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن قەشقەرگە بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان.

جياچىڭنىڭ 17 ـ يىلى (1812 ـ يىلى) ئۇ بېيجىڭغا تاۋاپقا بارغان.

يۇنۇس ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەستىن قوقەندكە ئادەم ئەۋەتىپ «سوۋغا تەقدىم قىلىپ دوستانە مۇناسىۋەتتە بولماقچى» بولغان، ئۇنىڭ مەقسىتى «سامساقنىڭ بالىسىنىڭ دېرىكىنى قىلىش» بولسىمۇ، نەتىجىدە «قوقەند ئەمىرى ئۇنى كۆزگە ئىلماي، ئەۋەتكەن سوۋغىسىنى ئاز كۆرۈپ كۆرۈشكىلى ئۇنىمىغان ھەمدە ئۆزىنى خان دەپ ئاتاشقا بۇيرۇغان». رېنزۇڭ خان «يۇنۇس يوق ئىشلارغا ئارىلىشىپ بىزگە ھاقارەت كەلتۇردى» دەپ قاتتىق ئاچچىقلانغان. «ئەمىر يـۇنـۇس بىلـەن كـۆرۈشكەندە ئەدەپ ـ قائىدىدىن پۇلنى ئەلا بىلگەنلىكتىن ئىچىگە جىن كىرىپ، شۇئان قەشقەرگە ئادەم ئەۋەتىپ قازى بەگ تەسىس قىلماقچى بولغان. بۇنىڭ بىلەن يۇنۇسقا يوق يەردىن ئىش تېرىدى دېگەن گۇناھ ئارتىلغان». نەتىجىدە پۇپۇكلۇك ئوتۇغاتى ئېلىپ تاشلىنىپ، يەكەنگە سولانغان㉞.

يۇنۇسنىڭ دېلوسىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، يەنە ئۇنىڭ خىزمەت كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئۇيغۇر ئاۋاملىرى خۇپىيانە ئىئانە توپلاپ قېچىپ كەتكەن سامساقنىڭ ئوغلىغا بەردى دېگەننى ئويدۇرۇپ چىقىپ، موللا سوپى، ھوشۇر، ئۆمەر، شاھدوس قاتارلىق 4 ئادەمنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ مەلۇماتنامە سۇنغانلىقى ئېنىقلانغان. يۇنۇس جىنايى پاكىتنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئۆزى پۇل تەييارلىغان ھەمدە دادىسى ئىسكەندەرنىڭ ئىل-

گىرى ساماساقنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىپ يازغان خېتىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئۆزگەرتىپ يېزىپ، ئىسپات ئويدۇرغان. يۇنۇس يەنە «مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنى قورقىتىپ ئاشلىقنى بېسىپ قويۇپ قىممەت باھادا ساتقۇزۇپ، ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا ئېغىر جاپا سالغان»㉟.

يۇنۇس يۇقىرىدىكى جىنايەتلىرىنى يوشۇرماستىن ئىقرار قىلغان. خان «سۇڭ يۈەنىنىڭ پىكرىچە بولغاندا جىنايى جازاغا تارتىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۇ زىنا قىلىپ خوتۇنلۇققا ئالغان دېدىكى سېكىنخانىنىڭ ئازدۇرۇشى ۋە قۇترانقۇلۇق قىلىشى ئارقىسىدا گاڭگىراپ ھوشىنى يوقىتىپ، ئەسەبىي ھەرىكەتلەردە بولغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە بوۋىسى ئىمىن خوجىنىڭ تۆھپىسى بار، دادىسى ئىسكەندەرمۇ كۆپ يىل كۈچ چىقارغان، دەپ شاپائەت بىلەن ئۆلۈمدىن خالاس قىلىپ، ئىلىغا مەڭگۈلۈك نەزەربەندكە بۇيرۇغان»㊱.

يۇنۇس جازالانغاندىن كېيىن، سۇڭ يۈەن مەلۇماتنامە يوللاپ «يۇنۇسنىڭ كىچىك ئوغلى مەمەت مەخسۇت 10 ياشقا كىرىپ قالدى، مىجەزى ئوچۇق، ئاق كۆڭۈل. ئۇ ۋاقىتنىچە ئىناقچىخان قىلىنماي ئاۋۋال بېزىلىقا تەيىنلىنىپ بالاغەتكە يەتكەندە ۋەزىپىگە قويۇلسا، ئەگەر ياخشى تەربىيىلەنسە داۋاملىق بېلىنىلىقا، ئىناقچىخانلىققا ۋارىسلىق قىلسا» دەپ تەلەپ قىلغان. رېنزۇڭ خان «بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ ئەيىبلەپ، «يۇنۇس ئىش تېرىپ قويۇپ گۇناھكار بولدى، ئۇنىڭ ئىناقچىخانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشى بوۋىسى ئىمىن خوجىنىڭ تۆھپىسىنىڭ شاراپىتىدىن بولغان. مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلىنىشىنىڭ ئۆز قائىدىسى بولىدۇ. يۇنۇسنىڭ ئوغلى جىنايەتچىنىڭ ئوغلىدۇر. قائىدە بويىچە ۋارىسلىق قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ»㊲ دېگەن.

جياچىڭنىڭ 20 ـ يىلى (1815 ـ يىلى) رېنزۇڭ خان ئىمىن خوجىنىڭ تۆھپىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىلتىپات كۆرسە-

تىپ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن خوجىنىڭ ئوغۇللىرىدىن فەرىدۇن، بەھرامىلاردىن بىرىنى تاللاپ ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدۇرماقچى بولغان. ئاخىرىدا فەرىدۇن ۋارىسلىق قىلىشقا تاللانغان. شۇ يىلى جىياچىڭ خان يۇنۇسنىڭ بوۋىسىنىڭ تۆھپىلىرىنى ئەسلەپ «ئىلتىپات قىلىپ ئۇنى قويۇپ بېرىپ تۇرپانغا قايتۇرۇپ، ئانىسى خەلىچىنىڭ نەزەربەند قىلىنىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ھەمدە مەزكۇر ئورۇندىكى ئاغلاقچى ئامبال ۋە ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇشقا، سىرتلارغا چىقىپ ئىش تېرىشىغا رۇخسەت قىلماسلىقا»㊳ بۇيرۇغان.

فەرىدۇن ئىمىن خوجىنىڭ 7 ـ ئوغلى بولۇپ، ئىلگىرى تەيجى مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ، ئىنزچىل ھالدا تۇرپاندا تۇرغان. جىياچىڭنىڭ 24 ـ يىلى (1819 ـ يىلى) ئىنانچىخانلىققا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن پەقەت بىر يىل تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتكەن.

## 4 § . مەمەتسايىت

مەمەتسايىت فەرىدۇننىڭ 2 ـ ئوغلى بولۇپ، جىياچىڭنىڭ 24 ـ يىلى ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئۇ ئەمەلدە ئولتۇرغان مەزگىللەردە «ئىشلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەستايىدىل بېجىرگەن». قوقەندكە قېچىپ كەتكەن چوڭ خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈزلۈكسىز ھالدا شىنجاڭغا پاراكەندىچىلىك سالغاندا، ئۇ مەملىكەت ئىچىدە «ئىسيانچىلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا يوشۇرۇن ھالدا خەۋەر يەتكۈزۈپ ئىئانە توپلاپ بېرىۋاتقان ئاسىي ئۇيغۇرلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىپ يىغىشتۇرغانلىقى

ئۇچۇن ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن» ھەم «ئوردىغا ئەركىن كىرىپ - چىقىشتەك ئالاھىدە ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ، چوڭ ئىككى توپ تاۋار ئىنئام ئالغان»㊴.

داۋگۇاڭنىڭ 4 - يىلى (1824 - يىلى) مەمەتسايىت «چىن كۆڭلى بىلەن كۆك رەڭلىك ئات ھەيكىلى سوۋغا قىلماقچى بولغان». داۋگۇاڭ خان ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، «بۇنىڭدىن ئۇنىڭ سەمىمىيلىكى چىقىپ تۇرىدۇ» دېگەن. ئەمما، مەمەتسايىت تاۋاپ قىلىش يىل نۆۋىتى كەلمىگەنلىكتىن «سوۋغىنى شۇ يىلى بېيجىڭغا تاۋاپ قىلىشقا بارغان جىيەنى زوھۇرىدىندىن ئەۋەتكەن»㊵.

شۇ يىلى چوڭ خوجىنىڭ ئەۋلادى جاھانگىر خوجا 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى توپلاپ، ئالاي چوققىسى ئارقىلىق چېگرادىن ئۆتۈپ، ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسىغا كېلىپ «ئوت قويۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالغان». چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قايتۇرما زەربە بېرىپ «بىرقانچە ئون ئوغرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. قالغانلىرى قاراۋۇلخانىنىڭ سىرتىغا قېچىشقان». «ھاكىمبەگ ئىناقچىخان مەمەتسايىت بەگلەرنى ئۇيغۇر ۋە قىرغىز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئىلغۇچ قاراۋۇلخانىسىنىڭ سىرتىدا توسۇشقا ئەۋەتىپ، ياردەمگە ئات - ئۇلاغلارنى تەييارلاپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلىگەن»㊶.

بۇ قېتىم جاھانگىر خوجىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ناھايىتى كۆپ بويرۇنلار ئەگەشكەن بولۇپ، كېيىن ئۇلار يەنە كۆپ قېتىم پاراكەندىچىلىك سالغان. ھەر قېتىم جاھانگىر خوجا چېگرادىن كىرىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان ۋاقىتتا، مەمەتسايىتمۇ ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ تۇرغان. بۇ سەۋەبتىن چىڭ ئوردىسى «سەلتەنىتىمىز كونتروللۇقىنى يوقىتىپ، ئۇيغۇر ئاۋاملىرىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالدىمۇ قانداق؟ ئۇيغۇر ئاۋاملىرىنىڭ بەگلىرىدە ئوغرىلىقچە خەۋەر

يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىشلىرى بارمۇ - يوق؟» دەپ گۇمان قىلغان[42] ھەم ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى، ئادەتتە ئىش بېجىرگەندە بار كۈچى بىلەن ئىشلەيدىغان - ئىشلىمەيدىغانلىقى، شۇنداقلا يەرلىك ئۇيغۇرلار-نىڭ ھىمايىسىگە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىنى مەخپىي تەكشۈرگەن.

مەخپىي تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىدە «ھاكىمبەگ مەمەتسايىت-نىڭ ئۇيغۇر ئاۋاملىرىنى ئەمىن تاپقۇزۇپ باشقۇرالايدىغانلىقى، ئىشلارنىمۇ ئىخلاس بىلەن بېجىرىدىغانلىقى» ئېنىقلانغان[43]. ھەر قېتىملىق ھەربىي ھەرىكەتلەردە مەمەتسايىت يوللارنى چارلاپ، خەۋەر تىڭ - تىڭلاپ «جان - دىل بىلەن كۈچ چىقارغان».

داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى) 5 - ئايدا، جاھانگىر خوجا ئاشلىقتا قىسىلغانلىقتىن بايار ئەتراپىغا يوشۇرۇن-چە ئادەم ئەۋەتىپ «يەر تېرىپ ئاشلىق يىغماقچى بولغان». چىڭ سۇلالىسى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قوشۇن ئەۋەتىپ «تاغقا بۆكتۈرمە قويغان» ھەم ئادەم ئەۋەتىپ توپىلاڭچى باندىتلار-نى ئالداپ بۆكتۈرمە دائىرىسىگە ئەكىرىپ، كاتتىۋېشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ «قالدۇقلىرىنى شۇ جايدىلا يوقاتقان». داۋگۇاڭ خان يارلىق چۈشۈرۈپ: «مەمەتسايىت ھەقنى بىلىپ يەنە ئەجىر كۆر-سەتتى، دەرھال تارتۇقلىماق كېرەك»[44] دېگەن.

شۇ يىلى 6 - ئايدا ئاسىيلارنىڭ كاتتىۋېشى مەمەت قۇل ئاممىنى باشلاپ جاھانگىر خوجىغا ئەگىشىپ «ئەسكەرلەرنى ئۆل-تۈرۈپ ئىش تېرىغان»، ئەمما چىڭ قوشۇنلىرى قۇرغان توزاققا چۈشۈپ قېلىپ «كاللىسى ئېلىنىپ سازايى قىلىنغان». «مەمەت-سايىت ئاسىيلارنىڭ كاتتىۋېشىنى ئالداپ قولغا چۈشۈرۈشتە ھە-قىقەتەن زور كۈچ چىقارغانلىقتىن، ئىنئام بېرىلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنىپ... مۇكاپاتلانغان»[45].

7 - ئايدا جاھانگىر خوجا ئەنجانلىقلار، بۇيرۇتلاردىن بولۇپ 500 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ قەشقەر شەھىرىگە 80 چاقىرىم-

دىن ئارتۇقراق كېلىدىغان جايغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قورشاپ يوقىتىشىغا ئۇچرىغان. جاھانگىر خوجا باندىتلىرى قورشاۋنى بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، بىر يولدا قەشقەرگە، يەنە بىر يولدا يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان. 8 - ئايدا قوقەند خانلىقى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى ياردەمگە ئەۋەتكەن. 9 - ئايدا قەشقەر قولدىن كەتكەن. ئارقىدىن يېڭىسار، يەكەن، خوتەن قاتارلىق ئۈچ شەھەرمۇ كەينى - كەينىدىن قولدىن كەتكەن. «قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگى بولغان ئىنانچىخان مەمەتسايىت جاھانگىر خوجا باندىتلىرى شەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئوغرى باندىتلار بەلەن ئۇچراشما جەڭ قىلغان. ئەمما، ئاق تاغلىق ئۇيغۇرلار تەرەپىدىن كالتەكلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ئىنانچىخانلارنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ئىلتىپات قىلىنىپ نەپىقە ئىنئام قىلىنغان. ئايالى قاراتاغلىق ئۇيغۇر ئاخۇن تەرىپىدىن يوشۇرۇپ قېلىنغان. ئوغلى ئەفرىدۇن 6 ياشتا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىنانچىخانلىققا ۋارىسلىق قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەن» ⑯. ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدىن 7 ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، چىڭ ئوردىسى «ھەربىرىگە ئالاھىدە نەپىقە ھېسابىدا 25 سەردىن كۈمۈش ئىنئام قىلىپ بەرگەن» ⑰.

## § 5. ئەفرىدۇن

ئەفرىدۇن مەمەتسايىتنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، داۋگۇاڭنىڭ 7 - يىلى ئىنانچىخانلىقتا ۋارىسلىق قىلغان.

داۋگۇاڭنىڭ 15 - يىلى (1835 - يىلى) ئەفرىدۇن «ئىئانە توپلاپ تۇرپان شەھىرىنىڭ سېپىللىرىنى ياساتقان»، چىڭ سۇلا-

لىسى ئۇنىڭغا پۇپۇكلۇك ئوتۇغات ئىنئام قىلغان㊽.

داۋگۇاڭنىڭ 18 ـ يىلى (1838 ـ يىلى) ئەفرىدۇن 17 ياشقا كىرىپ، بېيجىڭغا تاۋاپقا بېرىشنى سەمىمىيلىك بىلەن ئىلتىماس قىلغان، چىڭ سۇلالىسى رازىمەنلىك بىلەن «ئەفرىدۇننىڭ ئەجدادلىرى دۆلەتنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشكەنلەردۇر. ئۇ ئىنانچىخانلىققا ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، تاۋاپ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەچكە، بۇ يىللىق تاۋاپقا كېلىدىغان بەگلەر بىلەن بىرلىكتە ئاستانىگە كېلىپ تاۋاپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. سەمىمىيلىكى ھەقىقەتەنمۇ تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ تەلىپىگە بىنائەن شۇ يىللىق تاۋاپقا كېلىدىغان بەگلەر بىلەن بىللە ئاستانىگە كېلىپ تاۋاپ قىلىشىغا ئىجازەت بېرىلسۇن»㊾ دەپ جاۋاب بەرگەن.

كېيىنكى يىلى ئەفرىدۇن بېيجىڭغا يېتىپ كېلىپ داۋگۇاڭخاننىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان ھەمدە ئۇنىڭغا «ئۈچ كۆزلۈك پۇپۇكلۇك ئوتۇغات»㊿ ئىنئام قىلىنغان.

شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى تۇرپاننىڭ جاساق ئىنانچىخانى ئەفرىدۇننىڭ ھەر يىلى ئوردىغا سوۋغا ئەۋەتىشنى ھەر قېتىملىق ئوردىنى تاۋاپ قىلىش يىلىدا بىر قېتىم ئوردىغا كېلىشكە ئۆزگەرتكەن.

داۋگۇاڭنىڭ 27 ـ يىلى (1847 ـ يىلى) جاھانگىر خوجىنىڭ جىيەنى مۇھەممەتئىمىن ۋە ۋەلىخان باشچىلىقىدىكى 7 خوجا 1000 دىن ئارتۇق ئاتلىق سەرۋازنى باشلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان. قەشقەر كونىشەھىرى قولدىن كېتىپ، يېڭىشەھەر خەۋپ ئىچىدە قالغان. «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىنانچىخانى ئەفرىدۇن ھەربىي بارگاھقا بېرىپ ھەمدەم بولۇشنى سەمىمىيلىك بىلەن تەلەپ قىلغان»، ئەمما ئارىلىق يىراق بولغاچقا چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ بېرىشىنى تەستىقلىمىغان(51). ئەفرىدۇن ھەربىي بارگاھقا ھەمدەم بولۇشقا بارالمىغان بولسىمۇ، ئاكتىپلىق بىلەن

«لەشكىرىي ئىشلارغا لازىملىق ھارۋىلارنى تەييارلاپ بەرگەن». بۇنىڭ ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىنانچىخانى ئەفرىدۇنغا مەسلىھەتچى ئۇنۋانىنى بەرگەن»[52].

شيەنفېڭنىڭ 2 - يىلى (1852 - يىلى) ئەفرىدۇن جىيەنى سوپۇرنى ئېلىپ بېيجىڭغا بېرىپ خاننى تاۋاپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلاپ «باشقا شەھەرلەردىن تاۋاپقا كېلىدىغان بەگلەر بىلەن بىللە بېيجىڭغا كېلىپ ئالىيلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولسۇن»[53] دېگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئېھتىمال تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى (1864 - يىلى) شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ زور قوزغىلىڭىدا يەكەندە قولغا ئېلىنىپ، كۇچاغا ئېلىپ كېلىنگەن، كېيىن يەنە قەشقەرگە ئاپىرىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ 1872 - يىلى ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن[54]. بۇ نۇقتا توغرىسىدا ياڭ زېڭشىن مۇنداق يازغان: «تۇڭجى خان زامانىدا، شىنجاڭ مالىمانچىلىققا پاتقان. مەزكۇر ئۇيغۇر ۋاڭ (تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىنانچىخانى ئىمىن خوجا) نىڭ بوۋىسى (ئەفرىدۇن) جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كەتكەن. باشقا (تۇرپان ئىنانچىخانلىرىنىڭ يەرلىرى) نى يەرلىك ئەمەلدارلار ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرغان. كېيىن ليۇجىنتاڭ ھەزرەت مەزكۇر ۋاڭنىڭ دادىسى (مامۇت) نى ئىزدەپ تېپىپ، ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىپ مەلۇماتنامە يوللىغان»[55].

## § 6. مامۇت

چىڭ سۇلالىسى يېڭىۋاشتىن شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن

كېيىن، ئەفرىدۇننىڭ ئوغلى مامۇت گۇاڭشۈينىڭ 7 ـ يىلى (1881 ـ يىلى) تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ، تۇرپاننىڭ ئىناچىخانلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئەمما، 1864 ـ يىلىدىكى شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ زور قوزغىلىڭى پۈتكۈل ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ۋاڭ ـ بەگلەرنىڭ كۈچلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن. ئۇلارنىڭ «مال ـ مۈلۈكلىرى سۇرۇلۇپ»، قەددىنى رۇسلىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان[56]. تۇرپانمۇ ئاھالىلەر پېتىراپ كەتكەنلىكتىن «چۆلدەرەپ قالغان»[57]. چىڭ سۇلالىسى تۇرپان ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇرلار رايونلىرىدا «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك ۋاڭ ـ بەگلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بىكار قىلغان. بۇنىڭ بىلەن مامۇت پەقەتلا بىر قۇرۇق مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلىپ «ھاكىمبەگ بولالماي، ئىككى پۇلنىڭ تايىنى يوق جېنىنى باقالمايدىغان، قەرزگە پېتىپ غۇربەتچىلىك باسقان» ئەھۋالدا قالغان[58]. ھەتتا بېيجىڭغا بېرىپ خاننى تاۋاپ قىلىشقا يول خىراجىتىنىمۇ راسلىيالمىغان.

گۇاڭشۈينىڭ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) مامۇت «مەقبەرىلەرنى رېمونت قىلدۇرۇش، قازا قىلغان قېرىنداشلىرىنى دەپنە قىلىش ۋە دادىسىنىڭ نەپىقىسى ئۈچۈن كۈمۈش ئىنئام قىلىشنى تەلەپ قىلغان». چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ليۇجىنتاڭغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىپ، ئوردىغا يوللاپ نەقلەشتۈرۈشنى بۇيرۇغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئالدىن ئۈچ يىللىق تەمىنات ھېسابىدا كۈمۈش قەرز بېرىشنى تەستىقلاپ خەيرخاھلىقىنى ئىپادىلىگەن[59].

گۇاڭشۈينىڭ 15 ـ يىلى (1889 ـ يىلى) مامۇت بېيجىڭغا بېرىپ تاۋاپ قىلماقچى بولغاندا، چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ «شۇ يىللىق تاۋاپ قىلغۇچىلار تەركىبىگە تولۇقلىنىپ كېلىشى»نى شۇ يىللىق رەسمىي تاۋاپقا كېلىشكە ئۆزگەرتىپ، «باشقىلارغىمۇ

ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇپ، خەيرخاھلىقىنى ئىپادىلىگەن»⑥⓪ .
شۇ يىلى چىلىڭ سۇلالىسى مامۇتقا «ئۈچ كۆزلۈك ئوتۇ-
غات»⑥① ئىنئام قىلغان.

گۇاڭشۈينىڭ 18 - يىلى (1892 - يىلى) مامۇت «تېخى
30 ياشقا تولماي تۇرۇپلا تۆت خوتۇنلۇق بولغان. بىرىنچى خوتۇ-
نىنىڭ بوۋىسى ئاددىي پۇقرا بولغان. ئىككىنچى ئايالى ئۇنىڭ ئۆز
جەمەتىدىن بولۇپ، ئانا بۆلەك سىڭلىسى بولغان. قالغان ئىكك-
ى خوتۇنى بولسا ئادەتتىكى باج ئەمەلدارىنىڭ قىزلى-
ري بولغان»⑥② .

مامۇتنىڭ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولغان: «خان
ۋاڭغا پۇپۇك قادالغان قالپاق ھەم 18 ئادەم بەلگىلەپ بەرگەن.
ۋاڭ ئەگەردە تېخىمۇ كۆپ ئادەم ئىشلىتىشنى خالىسا، مەيلى
قانچىلا بولسۇن ھەممىسى كۆڭۈلدىكىدەك تەمىناتقا ئېرىشەلە-
گەن. ئەمما، ۋاڭ پۇپۇك قادالغان قالپاق بېرەلەيدىغان
ئادەم 18 دىن ئاشمىغان»⑥③ . بۇ خاتىرە بىلەن «غەربىي يۇرتنىڭ
خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى خاتىرە ئۆزئارا ماس كېلىدۇ⑥④ .
«ۋاڭنىڭ ئۈچ نەپەر ۋەزىرى بولۇپ، بىرى ۋاڭنىڭ سول تەرىپى-
دە، بىرى ئوڭ تەرەپىدە، يەنە بىرى ئارقىسىدا تىك تۇرۇپ
خاننىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلاتتى. بۇ ۋەزىرلەر ۋاڭ جەمەتىدىن
كېلىپ چىققان بولۇپ، ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئىسمى مېنى بەگ،
سول قول ۋەزىرنىڭ ئىسمى قابزات بەگ، ئارقىدا تۇرىدىغان
ۋەزىرنىڭ ئىسمى ئابدۇللا بەگ ئىدى. ئۇلارنىڭ كىرىمى
مائاش ۋە قەرز پۇل ئىدى»⑥⑤ .

«ۋاڭ ئۆز ھەرىمىدە بېكار ياتاتتى. ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى
ئۈچ ۋەزىر بېجىرەتتى. ھاشار، ئالۋاڭ - سېلىق پەرمانلىرىنى
ئۇلار تارقىتاتتى»⑥⑥ . «ۋاڭنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ خىزمىتىدە بو-
لىدىغان 50 — 60 كاھ (مۇھاپىزەتچى ئەسكەر) بولۇپ، ئۇلار
ياش قورۇقچىلار ئىدى»⑥⑦ . «يەنە يېشى 60 دىن ئاشقان بىر

مۆيسىپىت ۋاڭغا ھەمراھ بولۇپ يۈرەتتى. بۇ ئادەم ۋاڭنىڭ دادىسىنىڭ قۇرداشلىرىدىن بولۇپ، ۋاڭ ئۇنىڭ سۆزى ياقسا تىڭشايتتى، ياقمىسا تىڭشىمايتتى. ۋاڭ ئۆزىنىڭ خىيالىغا كەلگىنىچە ئىش كۆرەتتى. ۋەزىرلەرنىڭ سۆزلىرى يېقىشلىق بولسا ئاڭلايتتى، بولمىسا ئاڭلىمايتتى. ۋاڭ تېخى 30 ياشقا توشمىغاچقا، ھەمسۆھبەتتە بولىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياشلار ئىدى. قورۇقچىلىرىنىڭ چوڭلىرى 40 ياش، ئوتتۇرانچىلىرى 20 — 30 ياش، كىچىكلىرى 16 — 20 ياش بولۇپ، مەيلى قانداق مۇھىم ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ مۇشۇلار بىلەن بىرلىكتە بىر تەرەپ قىلاتتى» . «ۋاڭ ھەرقانداق ئادەمنى بىۋاستە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلالمايتتى. ئۇ تۇرپاننىڭ ئەڭ چوڭ غوجىسىغا قارام بولغاچقا، ئۆز ئىختىيارىچە ھەرقانداق ئۆلۈم جازاسىنى يولغا قويالمايتتى» ⑱ .

«ۋاڭ 3 يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭغا باراتتى. بۇ بۇرۇندىنلا بار بەلگىلىمە بولۇپ، بېيجىڭغا بېرىش سەپىرى بىر يىل بولاتتى. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇ ھامان سوۋغاتلىرىنى ئېلىپ بېيجىڭغا بېرىپ خاننى تاۋاپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئېلىپ بارىدىغان سوۋغاتلىرى 900 جىڭ قۇرۇق ئۈزۈم، 9 تاغار قوغۇن قېقى، 9 توپ لوكچۇندىن چىقىدىغان كاناپ، 9 خالتا شېكەر، 9 پارچە يولۋاس تېرىسى، 9 پارچە تۈلكە تېرىسى، 9 دانە مۇلۇن، 9 دانە تۈلكە، 9 دانە ئالتۇن كۆز قويۇلغان قەلەمتىراچ، 9 دانە كۈمۈش كۆز قويۇلغان قەلەمتىراچ، 9 دانە ئەجدەرھا كەشتىلەنگەن تون ۋە يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن خوتەن زىلچىسى ئىدى» ⑲ . «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن مۇسۇلمان يۇرتلىرى مىزانى» دا، قۇمۇل، تۇرپان ئىنانچىخانلىرىنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان يىلىدا ئاپىرىدىغان سوۋغا - سالاملىرى «قۇرۇق ئۈزۈم، قوغۇن قېقى، شايى، تاۋار، قەلەمتىراچ، بىلەي قاتارلىقلاردۇر» دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئىككى ئورۇندىكى خاتىرىلەر ئاساسىي جە-

ھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.
ماموتىنىڭ قايسى يىلى ئۆلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

## § 7 . ئىمىن خوجا

ئىمىن خوجا ماموتىنىڭ ئوغلى بولۇپ، قايسى يىلى ئىنانچە-خانلىققا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. كىشىلەر ئۇنى ئىمىن ۋاڭ، ئىمىن چىنۋاڭ دەپ ئاتاشقان.

گۇاڭشۈينىڭ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسىغا «خوشۇنغا تەۋە يەر بېجىنى ناھىيە ئېلىۋالغاچقا، جان باقماق تەس بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئەرز سۇنغان. چىڭ سۇلالىسى «مەزكۇر خوشۇننىڭ يەر بېجىنىڭ ئېنىق ئايرىلغان ـ ئايرىلمى-غانلىقى، ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكىگە ياردەم قىلىشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى» نى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇغان. تەكشۈرۈش نەتىجە-سىدە «مەزكۇر ئىنانچىخاننىڭ خانلىق يېرى، يايلاقلىرى ئېنىق ئايرىلغانلىقى، ياردەم قىلىشنىڭ بىھاجەتلىكى، ئۇنىڭ يەر بېجە-نى قايتۇرۇپ بېرىش تەلىپىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق-لۇقى»⑳ مەلۇم بولغان.

مىنگو دەۋرىدە، يۈەن شىكەي ئىمىن خوجىنى چىنۋاڭلىققا تەيىنلىگەن. 1917 ـ يىلى شيې بىن تۇرپان ئويمانلىقىغا بارغان ۋە ئۆزىنىڭ «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئىمىن خوجا سەۋدالىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ، پۇق-رالىرىنى باشقۇرالمايدىكەن، ئۇنىڭ ئاغىچىسى قومۇلدىكى شا-مەخسۇت چىنۋاڭنىڭ قىزى بولۇپ، بۇزۇقچىلىقتا نامى مەشھۇر ئىكەن، بۇلتۇر بىئەجەل ئۆلۈپتۇ»⑳ دەپ يازغان.

ئىمىن خوجا 1932 ـ يىلى كېسەل بولۇپ ئۆلگەن.

## § 8 . مۇھەممەتسىيىت

مۇھەممەتسىيىت ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، 1932 - يىلى دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن «چوڭ تامغىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆزىنى سايىت چىنۋاڭ دەپ ئاتىۋالغان» ⑫ . قارىغاندا ئۇ ئىناچىخانلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىشتا، ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەستىن ئەنئەنىۋى كۈچكە تايىنىپ ئۆزىنى شۇنداق ئاتىۋالغان بولسا كېرەك. ئۇ خەنزۇچە مەكتەپتە ئۈچ يىل، دىنىي مەكتەپتە تۆت يىل ئوقۇغان بولۇپ، جەمئىي يەتتە يىل مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەن. 1932 - يىلى ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا كىرگەندە ئۇ ماجۇڭيىڭنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇۋېلىپ، مىڭدىن ئارتۇق ياشنى ماجۇڭيىڭغا ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بەرگەن. بۇ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم داۋانچىڭدا ئۇششۇپ، ئاچ قېلىپ، كېسەل بولۇپ، ئۆلگەنلەر ۋە ناكا بولغانلار 400 دىن ئېشىپ كەتكەن. قېچىپ كەلگەنلەرنى ئۇ يەنە تۇتۇۋېلىپ ماجۇڭيىڭغا ئاپىرىپ بەرگەن ياكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلغان.

1934 - يىلى ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، قورال ئېنقلاش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، پىچاندىكى قوراللارنى يىغىپ شېڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. 5 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر ئىگىلىگەن. 1945 - يىلى ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭداھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە، ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان ھەمدە ئۇرۇمچىدە ئىككى يىل تۇرغان. 1947- يىلى گومىنداڭ جۇنتۇڭ 2 - باشقارمىسىنىڭ ئاخبارات خادىمى بولغان ھەمدە ئىنىسى ئىسكەندەرنى جۇنتۇڭغا ئەزالىققا تونۇشتۇرغان. 1947 - يىلى تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلىغاندا، ئۇ مالەنسۇن ( خۇيزۇ، پىچان

ناھىيىسىدىكى چولڭ پومىشچىك) بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدىن تېلې-
فون ئارقىلىق ئىنىسى ئىسكەندەر (ئەينى ۋاقىتتا پىچان ناھىيە-
سىنىڭ ھاكىمى بولغان) گە دېھقان ياشلىرىنى قىرغىن قىلىش
توغرىسىدا يولىيورۇق بەرگەن. 1948 ـ يىلى گومىنداڭ مىللىي
قوزۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن نەنجىڭغا يىغىنغا بار-
غان. جاڭ جيېشى ئۇنىڭدىن قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئەكسىل-
ئىنقىلابىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ شىنجاڭ-
غا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى باشقا دۈشمەن ئۇن-
سۇرلار بىلەن بىرلىشىپ جاڭ جيېشىغا سادىق بولىدىغانلىقىنى،
سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى-
نى بىلدۈرۈپ تېلېگراممىا يوللىغان. 1950 ـ يىلى ھۆكۈمەت
ئۇنىڭدىن 400 دادەن ئاشلىق قەرز ئالماقچى بولغاندا ئۇ رەت
قىلغان ھەمدە ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېلىۋېلىپ 24 سەر ئالتۇنغا
بىر يۈرۈش ئۆي سېتىۋالغان. شۇ يىلى يەنە ھېسامىدىننى سېتى-
ۋېلىپ ئۆلكىلىك كادىرلار كۇرسىغا زەھەر تاشلاتقۇزۇپ، 200
دىن ئارتۇق ئادەمنى زەھەرلىگەن. 1954 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇ
غوجىدارىنى لۈكچۈنگە ئەۋەتىپ يەر ئىجارىسىنى ئالدىن يىغدۇ-
رۇپ، ئىجارە ھەققى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ
چەتكە قېچىشقا ئۇرۇنغان ۋاقىتتا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت
خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، پىچان ناھە-
يىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن.
شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇ تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايىتى بىلەن
پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازا-
سىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

10 ـ جەدۋەل تۇرپان ئىنانچىخانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

| رەت نومۇرى | ئىسمى | سەلتەنەتتە ئولتۇرغان ۋاقتى |
|---|---|---|
| 1 | ئىمىن خوجا | 1759 — 1777 ـ يىللار |
| 2 | سۇلايمان | 1777 — 1798 ـ يىللار |
| 3 | ئىسكەندەر | 1779 — 1811 ـ يىللار |
| 4 | يۇنۇس | 1811 — 1814 ـ يىللار |
| 5 | فەرىدۇن | 1815 ـ يىلى |
| 6 | مەمەتسايىت | 1816 — 1827 ـ يىللار |
| 7 | ئەفرىدۇن | 1827 — 1873 ـ يىللار |
| 8 | مامۇت | 1881 — ؟ |
| 9 | ئىمىن خوجا | ؟ — 1932 |
| 10 | مۇھەممەتسىيىت | 1932 — 1951 ـ يىللار |

## § 9 . ئىمىن خوجىنىڭ باشقا پەرزەنتلىرى

### 1. نۇرمەخمۇد

نۇرمەخمۇد ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئېھتىمال مەجرۇھلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، پۈتكۈل ئۆمرىنى ئۈن ـ تىنسىز ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭدىن مەھەممەت ۋە تاھىر ئى-

سىملىك ئىككى ئوغۇل قالغان. ئۇنىڭ ئۆلگەن يىلى ئېنىق
ئەمەس. «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دە «ئىمىن خوجا نەچچە
ئون يىل لەشكىرىي ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولدى. چوڭ ئوغلى
سۇلايمان، ئىككىنچى ئوغلى مۇسالار ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بې-
جىردى. ئۇنىڭ تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ئىشلىرىنى ئۇچىنچى
ئوغلى ئورانزىپ باشقۇردى» ⑬ دەپ خاتىرىلەنگەن. سۇلايماننىڭ
ئىككىنچى ئوغۇل دېيىلمەي چوڭ ئوغۇل دەپ ئاتىلىشى ھەمدە
ئۇنىڭ ئىنىلىرى مۇسا، ئورانزىپلارنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۇچىنچى
ئوغۇل دەپ ئاتىلىشى چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىللىرىدا (1761 -
يىلى) ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرمەخمۇدنىڭ ئۆلگەنلىك ئېھتىمالىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2. مۇسا

مۇسا ئىمىن خوجىنىڭ ئۇچىنچى ئوغلى بولۇپ، «چىڭ
ئوردىسى خاتىرىلىرى» دە ئۇنىڭ ئىسمى تۇنجى بولۇپ چيەنلۇڭ-
نىڭ 22 - يىلى (1757 - يىلى) 3 - ئاي تارمىقىدا كۆرۈلىدۇ.
ئۇنىڭدا «شۇ ئايدا (باش مۇشاۋىر، شەنشى - گەنسۇ ۋالىيسى
خۇاڭ تىڭگۈي) يەنە مەلۇماتنامە يوللاپ: 〈ئۆتكەن يىلى قىشتا
ئىمىن خوجىغا تەۋە نامرات ئۇيغۇرلاردىن بىرقانچە يۈز ئادەم
قېچىپ قۇمۇلغا كەلگەندە، دەرھال ئوزۇقلۇق ئاشلىق تارقىتىپ
بېرىلىپ، ئىش بېسىققاندىن كېيىن لۇكچۇنگە قايتىشقا بۇيرۇل-
دى. ئىمىن خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ياندىش بەگ مۇسا قۇ-
مۇلغا كېلىپ ئاشلىق ئالدى ھەم دادىسىنىڭ تەۋەلىكىدىن قېچىپ
چىققان 600 دىن ئارتۇق ئادەمنى لۇكچۇنگە قايتۇرۇپ ئەكىتىپ
يەر تېرىغۇزۇشنى ئىلتىماس قىلىپ، ئەسكەر چىقىرىپ ئاپىرىپ
قويۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا، بىر نەچچە تۇركۈمگە بۆلۈپ
قاراۋۇلخانىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇلارنىڭ 15 - 16 كۈن
يول ماڭىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ بېرىلگەن ئايلىق ئاشلىق-

تىن سىرت، يەنە يېرىم ئايلىق ئاشلىق بېرىلدى ھەم 20
دادەن ئۆرۈكلۈك ئاشلىق ئىنئام قىلىپ بېرىلدى، دەپ مەل-
ۇم قىلدى» (74) دېيىلگەن. بۇ باياندىن كېچىككەندىمۇ 1757 -
يىللارغا كەلگەندە موسانىڭ دادىسىغا ياردەملىشىپ سىياسىي ئىش-
لار بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.
چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى-
نىڭ چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۇرۇشى
جىددىي كېتىۋاتقاندا، ياندىش بەگلىك ئەمەلىگە ئېرىشكەن مۇسا
ھەم قېرىندىشى سۇلايمان بىرلىكتە «ھەربىي لازىمەتلىك ئۈچۈن
100 تۇياق ئات ئىئانە قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان»، چىڭ ئوردى-
سى ئۇلارنىڭ ئەمدىلا گۇاجۇدىن تۇرپانغا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇن-
لاشقانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ «سىلەرنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىڭلارمۇ
كۆپ ئەمەس، قىيىنلىپ ئىئانە توپلاپ ياردەم قىلىشنىڭ زۆرۈر-
ىيىتى يوق، سىلەرنىڭ سەمىمىي كۆڭلۈڭلار ئوردىغا ئايان-
دۇر (75)» دېگەن.
شۇ يىلى 7 - ئايدا چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبىسى مۇقىملى-
شىپ قالغاندا، جاۋخۇي «شەھەر - قەلئەلەرنى تىنچلاندۇرۇپ،
يەرلەرنىڭ سانىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش» (76) ئۈچۈن مۇسانى قەش-
قەرگە ئەۋەتكەن. چيەنلۇڭ خان خەۋەر تاپقاندىن كېيىن «ئىمىن
خوجىنىڭ ئوغلى مۇسا يارلىققا بىنائەن تېزلىكتە قەشقەرگە بې-
رىپ ئۇيغۇر ئاۋامىلىرىنى تىنچلاندۇرۇپ، يەرلەرنىڭ سانىنى تەك-
شۈرۈپ چىقىپ، ناھايىتىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپتۇ. شۇڭا،
بەگلىك دەرىجىسى ئىلتىپات قىلىنسۇن» (77) دېگەن.
1760 - يىلى ياڭ يىڭجۇ چيەنلۇڭ خانغا مەلۇمات يوللاپ،
مۇسا يېڭىسارغا بېرىپ «ئۇيغۇرلارنى تېرىقچىلىق قىلىپ تىرىك-
چىلىك قىلىشقا ئۈندىدى»، «ئۇيغۇر ئاۋامىلىرى سەممىيلىك
بىلەن ئاڭلاپ، غەيرەت بىلەن ئىشقا كىرىشتى» دېگەن. چيەنلۇڭ
خان ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ «ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى مۇسا

زور كۈچ چىقاردى. يېقىندا يۈسۈپنىڭ ئىنىسى ئابدۇللاغا ئۈچتۇرپاننىڭ ھاكىمبەگلىك مەنسىپى بېرىلدى. مۇساغىمۇ يەنە بىر ئەمەل بېرىپ تولۇقلاپ ئىشقا قويۇش كېرەك. ھازىر بوش ئورۇن يوق، شۇخېدى ھەرقايسى شەھەرلەردە ھاكىمبەگلەر كېمىگەن ۋاقىتتا، شۇ ھامان مۇسانى تولۇقلاپ ئەمەلگە قويۇش توغرۇلۇق مەلۇماتنامە يوللىسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن[78]. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ناھايىتى تېزلا ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تولۇقلاپ تەيىنلىنىپ، «بەگ مەرتىۋىسى بىلەن ئىش باشقۇرغان»[79]. شۇ يىلى مۇسا يەنە يانداش ئەركانبەگلىك مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، «قائىدە بويىچە ئۇتۇغات بېرىلگەن»[80].

مۇسا ئىلىدا ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، زور كۈچ سەرپ قىلىپ بوز يەر كۆلىمىنى كېڭەيتكەن، كېۋەز سىناق قىلىپ تېرىغان. چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا مانجۇچە، موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە ئۈچ خىل خەت ئويۇلغان مۆھۈر تەقدىم قىلىپ، «بارلىق ئىشلاردا ئۇنىڭ نام - ئەمەلنى ھاشخان، گىزاناچ قاتارلىق بەگلەر بىلەن بىرقاتاردا قويۇپ مەلۇماتنامە يوللاش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن»[81].

1865 - يىلى ئۈچتۇرپاندا خەلق قوزغىلىڭى پارتىلىغاندا، مۇسا قوزغىلاڭنى باستۇرۇشتا «كۆپ كۈچ چىقىرىپ»[82]، «زور ئەجىر سىڭدۈرگەن». چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇن تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان پەيتتە، مۇسا ۋە قېرىنداشى سۇلايمان «ياردەمچى قوشۇننى باشلاپ ئوغرىلار ئىستىھكامىغا ئۇدۇل بۆسۈپ كىرىپ، توسالغۇلارنى يىمىرىپ ئوغرىلارنى مەغلۇپ قىلغان». چىڭ سۇلالىسى ئىلتىپات قىلىپ «4 توپ تاۋار ئىنئام قىلغان»[83].

چيەنلۇڭنىڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) 5 - ئايدا مۇسا كېسەل بولۇپ قالغان، چيەنلۇڭ خان ئۇنىڭ بېيجىڭغا تاۋاپقا كېلەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ «قوش كۆزلۈك پۇپۇكلۈك ئوتۇ-

غات ئىنئام قىلىپ بەرگەن»[84]. 9 - ئايدا مۇسا كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەن. چيەنلۇڭ خان يارلىق چۈشۈرۈپ: «مۇسا نەچچە يىللاردىن بۇيان ناھايىتىمۇ تىرىشىپ غەيرەت بىلەن ئىشلىدى. بۇگۈن ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ناھايىتىمۇ قايغۇردۇم. دەپنە خىراجىتى ئۈچۈن 200 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلدىم. مۇسانىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلى بولمىغاچقا ئۈچىنچى ئىنىسى ئورانزاپقا بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجى مەرتىۋىسى ئىلتىپات قىلىنىپ، مۇسادىن قالغان ھاكىمبەگلىك ئەمىلىگە تەيىنلەنسۇن»[85] دېگەن.

### 3. ئورانزىپ

ئورانزىپ ئىمىن خوجىنىڭ تۆتىنچى ئوغلى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلار ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلاڭلىرىنى تىنچىتقاندا ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردا ئىمىن خوجا ئىزچىل لەشكىرىي ئىشلارغا كۈچ سەرپ قىلغان، ئوغۇللىرىدىن سۇلايمان، مۇسالارمۇ «ئادىللىق بىلەن ئىش بېجىرگەن»، تۇرپاندىكى بارلىق ئىشلارنى بولسا ئورانزىپ باشقۇرغان. چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «تەۋەلىكىنى باشقۇرغاندا قول ئاستىدىكىلەرنى قاتتىق تۇتۇپ، ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغان» دەپ باھا بەرگەن ھەم «ئىككىنچى دەرىجىلىك توز پېيى قادالغان ئوتتۇغات ئىنئام قىلىپ ئىلھام بەرگەن»[86].

چيەنلۇڭنىڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) مۇسا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئورانزىپ ياندىش تەيجى مەرتىۋىسىدە بولۇپ، ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىك مەنسىپىگە تولۇقلاپ تەيىنلەنگەن. 1768 - يىلى ئىلىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھاشىخان بەگ، ئاق بەگلەر دەرھال ۋەزىپىگە ئولتۇرالمىغاچقا، چيەنلۇڭ خان سۇلايماننى ئىنىسى ئورانزىپقا ياردەملىشىپ بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇغان. شۇنداق قىلىپ سۇلاي-

ـمان ئىلىدا ئىككى يىل تۇرۇپ ئىنىسىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشـ
كەن.

ئورانزىپنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى نەتىجىلىرىنى چىڭ سۇلالىسى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. چيەنلۇڭنىڭ 47 ـ يىلى (1782 ـ يىلى)، چيەنلۇڭ خان «ئورانزىپ، بارات (ئىدىلىدىكى ھاشخان بەگ) نەچچە يىلدىن بۇيان مېنىڭ ئىلتىپاتىمدىن مىننەتدار بولۇپ، سەمىمىي نىيەت بىلەن غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يەر تېرىش ۋە ئاشلىق تاپشۇرۇش ئىشلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى. بۇ ئالاھىدە مۇكاپاتلاشقا تېگىشلىك. ھاكىمبەگ ئورانزىپقا ھازىرقى نەسەب بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك، ئوغلى مەلىكزاتقا بەشىنچى دەرىجىلىك پۈپۈكلۈك ئوتۇغات ئىنئام قىلىپ بېرىلسۇن»⑧⑦ دەپ يارلىق چۈشۈرگەن.

چيەنلۇڭنىڭ 55 ـ يىلى (1790 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئورانزىپنىڭ دادىسى ئىمىن خوجىنىڭ «يىللاردىن بېرى كۆپ كۈچ چىقارغانلىقىنى» كۆزدە تۇتۇپ ھەم ئىنانچىخان بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىسكەندەرنىمۇ «تىرىشىپ غەيرەت بىلەن ئىشلەۋاتىدۇ» دەپ قاراپ، «ئورانزىپقا بەگ دەرىجىسىدىكى تەيجى ئەمەلىنى ئىنئام قىلىپ ئىلھام بەرگەن»⑧⑧. ئورانزىپنىڭ كېيىنكى ئىش ـ ئىزلىرى ئېنىق ئەمەس.

### 4. سەيپۇللا

سەيپۇللا ئىمىن خوجىنىڭ بەشىنچى ئوغلى بولۇپ، 1766 ـ يىلى مۇسا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەندە، ئۇنىڭدىن قالغان ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىك ئورنىغا ئورانزىپ تولۇقلاپ تەيىنلەنگەن، خوشۇن ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان بەگلىك ئورنىغا چيەنلۇڭنىڭ 36 ـ يىلى (1771 ـ يىلى) سەيپۇللا تولۇقلىنىپ قويۇلغان.

1779 ـ يىلى تۇرپاننىڭ ئىنانچىخانى سۇلايمان جىنايەت

ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ئەمىلىدىن قالدۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئەسلىدىكى مەھكىمىكە قاراشلىق يەرلەرنى ئىنانچىخانلارنىڭ باشقۇرۇشىدىن ئايرىپ چىقىپ، ئايرىم ھاكىمبەگ قويۇپ باشقۇرماقچى بولغان. سەيپۇللا چىڭ سۇلالىسىغا باشقا ھاكىمبەگ تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، يەنىلا ئىلگىرىكى ھاكىمبەگ ئۇيغۇرلارنى باشقۇرسا، دەپ تەكلىپ بەرگەن.

چيەنلۇڭنىڭ 53 ـ يىلى (1788 ـ يىلى) ئىسكەندەر قەشقەرنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبەگلىكىگە تولۇقلاپ تەيىنلەنگەن. تۇرپاندىكى ئىشلارنى سەيپۇللا بىجىرگەن. چىڭ ئوردىسى يەنە تۇرپاننىڭ خان ئامبىلىغا «ئوبدان كۆڭۈل بۆلۈش»نى بۇيرۇغان. ئۇنىڭ قايسى يىلى ئۆلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

## 5. بەھرام

بەھرام ئىمىن خوجىنىڭ سەككىزىنچى ئوغلى بولۇپ، «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر كۆپ ئەمەس. يەقەت جياچىڭنىڭ 20 ـ يىلى (1815 ـ يىلى) يۇنۇس گۇناھكار بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە بەھرام تىلغا ئېلىنغان. سۇڭ يۈن ئورانزىپىنىڭ بەشىنچى ئوغلى نۇشىرزاتنى ئىنانچىخانلىقىغا ۋارىسلىق قىلدۇرماقچى بولۇپ، «ئىشەنچىلىك ھەم بىلىملىك، مانجۇ يېزىقىنى بىلىدۇ» دەپ مەلۇماتنامە سۇنغان. جياچىڭ خان ئۇنىڭ ئائىلە نەسەبنامىسىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، نوشىرزاتنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىنى «قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دەپ قارىغان. گەرچە سۇلايمان، يۇنۇسلار گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى ئىمىن خوجىنىڭ ئەينى يىللاردىكى تۆھپىسىنى نەزەرگە ئېلىپ يەنىلا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلىشىغا يول قويغان. شۇڭا، چىڭ خانى ئىمىن خوجىنىڭ يەتتىنچى ئوغلى فەرىدۇن ۋە سەككىزىنچى

ئوغلى بەھرامدىن بىرىنى تاللاپ ۋاقىتلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدۇرماقچى بولغان. كېيىن فەرىدۇن مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بەھرامغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر قايتا كۆرۈلمەيدۇ.

## ئىزاھ:

① «چىلىك گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 529 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

② « چىلىك گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 540 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

③ «چىلىك گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 571 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 23 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

④ «چىلىك گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 573 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 23 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

⑤ «چىلىك گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 578 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

⑥ «چىلىك گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 633 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

⑦ «چىلىك گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 661 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

⑧ «چىلىك گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 738 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

⑨ «چىلىك گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 738 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

⑩ «چىلىك گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 804 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 33 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

⑪ «چىلىك گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 889 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 36 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

⑫ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1043 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 42 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

⑬ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1071 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 43 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

⑭ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1073 ـ جىلد چيەنلۇڭنىڭ 43 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

⑮ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1076 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 44 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

⑯ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1296 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 53 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

⑰ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1310 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 53 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

⑱ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1346 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 55 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

⑲ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1343 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 54 ـ يىلى 11 ـ ئاي.

⑳ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1346 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 55 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

㉑ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1351 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 55 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

㉒ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1423 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 58 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

㉓ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1438 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 58 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

㉔ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1450 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 59 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

㉕ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1467 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 59 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

㉖ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 1468 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 60 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

㉗ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 1495 ـ جىلد، جياچىڭنىڭ 1 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

㉘ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 1496 ـ جىلد، جياچىڭنىڭ 2 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

㉙ «چىڭ رېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 40 ـ جىلد، جيا- چىڭنىڭ 4 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

㉚ «چىڭ رېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 155 ـ جىلد، جياچىڭنىڭ 10 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

㉛ «چىڭ رېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 155 ـ جىلد. جياچىڭنىڭ 10 ـ يىلى، 12 ـ ئاي.

㉜ «چىڭ رېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 205 ـ جىلد، جياچىڭنىڭ 13 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

㉝ «چىڭ رېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 241 ـ جىلد، جياچىڭنىڭ 16 ـ يىلى كەبىسە 3 ـ ئاي.

㉞ «چىڭ رېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 284 ـ جىلد، جياچىڭنىڭ 19 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

㉟ «چىڭ رېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 285 ـ جىلد، جياچىڭنىڭ 19 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

㊱ «چىڭ رېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 286 ـ جىلد، جياچىڭنىڭ 19 ـ يىلى كەبىسە 2 ـ ئاي.

㊲ «چىڭ رېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 289 ـ جىلد، جياچىڭنىڭ 19 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

㊳ «چىڭ رېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 357 ـ جىلد، جياچىڭنىڭ 24 ـ يىلى كەبىسە 4 ـ ئاي.

㊴ «چىڭ شۈەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 59 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 3 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

㊵ «چىڭ شۇەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 59 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 4 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

㊶ «چىڭ شۇەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 74 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 4 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

㊷ «چىڭ شۇەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 89 ـ جخلد، داۋگۇاڭنىڭ 5 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

㊸ «چىڭ شۇەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 92 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 5 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

㊹ «چىڭ شۇەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 98 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 5 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

㊺ «چىڭ شۇەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 99 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 6 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

㊻ «چىڭ شۇەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 116 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 7 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

㊼ «چىڭ شۇەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 153 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 9 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

㊽ «چىڭ شۇەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 272 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 15 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

㊾ «چىڭ شۇەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 307 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 18 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

㊿ «چىڭ شۇەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 317 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 18 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

(51) «چىڭ شۇەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 447 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 27 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

(52) «چىڭ شۇەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 454 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 28 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

(53) «چىڭ ۋېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 65 ـ جىلد، شيەنفېڭنىڭ 2 ـ يىلى.

(54) زوكوتو يازغان، جۇفىڭ تەرجىمە قىلغان: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۇرپان»، «مىللەتلەر تەرجىمە مەجمۇئەسى»، 1987 - يىل 4 - سان.

(55) ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر»، 1 - قىسىم.

(56)(58) «تۆھپىكار ليۇ جىنتاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ خانغا يوللىغان مەلۇماتنامىلىرى»، 15 - جىلد، 11 - بەت.

(57) زىڭ بىڭخېڭ: «شىنجاڭ تۇرپان مەھكىمىسىگە قاراشلىق يېزىلارنىڭ تەزكىرىسى» (كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى).

(59) «چىڭ دېزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 185 - جىلد، گۇاڭشۈينىڭ 10 - يىلى كەبىسە 5 - ئاي.

(60) «چىڭ دېزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 270 - جىلد، گۇاڭشۈينىڭ 15 - يىلى 5 - ئاي.

(61) «چىڭ دېزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 279 - جىلد، گۇاڭشۈينىڭ 15 - يىلى 12 - ئاي.

(62)(63)(65)(66)(67)(68)(69) زوكوتو يازغان، جۇفىڭ تەرجىمە قىلغان: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۇرپان»، كاتانوف، مىنگىرىسلار توپلىغان ماتېرىياللاردىن نەقىل ئېلىنغان، «مىللەتلەر تەرجىمە مەجمۇئەسى»، 1987 - يىل 4 - سان.

(64) «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 38 - جىلد «مەرتىۋە ئىنئام قىلىش» ئىككىنچىسىدە: «ئىنانچىخاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرىنچى دەرىجىلىك ياساۋۇل مەرتىۋىسىدىكى پۇپۇكلۇك ئوتتۇغاتلىق دورغاپتىن 1 نەپەر، بىرىنچى دەرىجىلىك پۇپۇكلۇك ئوتتۇغاتلىق ياساۋۇلدىن 6 نەپەر، ئىككىنچى دەرىجىلىك كۆك پۇپۇكلۇك ئوتتۇغاتلىق ياساۋۇلدىن 4 نەپەر، ئۈچىنچى دەرىجىلىك كۆك پۇپۇكلۇك ئوتتۇغاتلىق ياساۋۇلدىن 5 نەپەر، بەشىنچى ۋە ئالتىنچى دەرىجىلىك مۇراسىم خادىمىدىن 2 نەپەر بار ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

(70) «چىڭ دېزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 570 - جىلد، گۇاڭ-

شۆيىنىڭ 33 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

⑦① شيې بىن: «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى»، 90 ـ بەت.

⑦② «مۇھەممەتسايىتنىڭ ئارخىپى»، شىنجاڭ پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئارخىپ بۆلۈمىدە ساقلانغان. كېيىنكى ئىزاھات بېرىلمەي نەقىل ئېلىنغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى مەزكۇر ئارخىپتىن ئېلىنغان.

⑦③ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 642 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

⑦④ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 555 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

⑦⑤ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 578 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

⑦⑥⑦⑦ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 592 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

⑦⑧ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 609 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

⑦⑨ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 610 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

⑧⓪ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 627 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

⑧① «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 653 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

⑧② «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 738 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

⑧③ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 738 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

⑧④ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 760 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 31 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

⑧⑤ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 768 ـ جىلد،
چيەنلوڭنىڭ 31 ـ يىلى 9 ـ ئاي.
⑧⑥ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 642 ـ جىلد،
چيەنلوڭنىڭ 26 ـ يىلى 8 ـ ئاي.
⑧⑦ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 1168 ـ جىلد،
چيەنلوڭنىڭ 47 ـ يىلى 11 ـ ئاي.
⑧⑧ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ، 1358 ـ جىلد،
چيەنلوڭنىڭ 55 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

# ئونىنچى باب ئىمىن خوجا جەمەتى ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەتلىرى ۋە نوپۇسى

## 1 § . تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇر جەمەتلىرىنىڭ تارقىلىشى

تۇرپان ئويمانلىقى قۇرغاق، ئىسسىق، يامغۇرى ئاز دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە خېلى كۆپ جەمەتلەر بولغان. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ جەمەتىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ۋە تارىخىنى خېلى ئېنىق بىلىدۇ. بەزىلەر بولسا بىلمەيدۇ. ھازىر توپلىيالىغان ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەتلىرىنىڭ ناملىرى ۋە تارقىلىش ئەھۋالىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىمىز:

**1. تۇرپان شەھىرى يار يېزىسىدىكى جەمەتلەر**

(1) پولو جەمەتى

(2) توختى ھاجى جەمەتى

(3) پولوچىلار جەمەتى

(4) تەينۇك جەمەتى

**2. تۇرپان شەھىرى قاراغوجا يېزىسىدىكى جەمەتلەر**

مانتۇ جەمەتى

3. پىچان ناھىيە پىچان يېزىسىدىكى جەمەتلەر

(1) پوپوسلار جەمەتى
(2) تۇتۇرلەلار جەمەتى
(3) مۇيدۇنلار جەمەتى
(4) مۇجاڭلار جەمەتى
(5) قۇملار جەمەتى
(6) بويدۇلەر جەمەتى
(7) پاقىلار جەمەتى.

4. پىچان ناھىيە دالانكارىز يېزىسىدىكى جەمەتلەر

(1) قوشقار جەمەتى
(2) ئاۋكىي جەمەتى
(3) ساقال جەمەتى
(4) تىقىر جەمەتى
(5) سارت جەمەتى

5. پىچان ناھىيە لۇكچۇن يېزىسىدىكى جەمەتلەر

(1) خەلىپە جەمەتى
(2) ئەرجىلىڭ جەمەتى
(3) پەنجا جەمەتى
(4) تاشچى جەمەتى
(5) كاھچى جەمەتى
(6) قازانچى جەمەتى
(7) جاڭموزا جەمەتى
(8) تىڭگر جەمەتى
(9) شاداگا جەمەتى
(10) توقى جەمەتى
(11) پايپاق جەمەتى

(12) سەندەل جەمەتى
(13) ئۆردەك جەمەتى
(14) گۈلاڭ جەمەتى
(15) دانىش جەمەتى
(16) سار جەمەتى
(17) ياڭىزىكا جەمەتى
(18) ئۆلەڭ جەمەتى
(19) ياماقچى جەمەتى
(20) بوياقچى جەمەتى
(21) دوچى جەمەتى
(22) شىق جەمەتى
(23) چەڭكى جەمەتى
(24) يوغا جەمەتى
(25) شالۋاق جەمەتى
(26) تامچى جەمەتى
(27) زور جەمەتى
(28) راپپاق جەمەتى
(29) قاقشال جەمەتى
(30) سالپا جەمەتى
(31) پولو جەمەتى
(32) جەگەن جەمەتى
(33) كۇشتەك جەمەتى
(34) كۆنچى جەمەتى
(35) جاسۇيچى جەمەتى
(36) ناقاي جەمەتى

بۇ ئۇيغۇر جەمەتلىرىنىڭ نامى ۋە تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا جەمەتلەر بىر-قەدەر كۆپ، ھالبۇكى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا

ناھايىتىمۇ ئاز. بەزى جايلاردا ھەتتا بىرىمۇ يوق. مەيلى
قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال بولسۇن ھېچكىم ئۆز جەمەتىنىڭ
ئەجدادلىرىنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ
كېلىپ چىقىشى يەنىلا تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆز-
گىرىش ئەھۋالى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. چىڭ سۇلالىسى دەۋرى-
دە ئىمىن خوجا باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن دېگۈدەك
تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاش-
قان بولۇپ، گەرچە ئىلگىرى گەنسۇدىكى گۇاجۇغا كۆچۈپ بېرىپ
20 نەچچە يىل ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن يەنىلا ئولتۇراقلاشقان دائىرىسى جەھەتتە پۈتۈنلۈكىنى ساق-
لاپ كەلگەن. شۇڭا، ئەسلىدە بار جەمەتلەر نوپۇسىنىڭ كۆچۈشى
ئانچە زور بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئانچە چوڭ تەسىرگە ئۇچرىمى-
غان. ئەمما، ئويمانلىقنىڭ غەربىي قىسمى بۇرۇن مەڭلىكنىڭ
باشقۇرۇشى ئاستىدا بولغان بولۇپ، كېيىن ئۇ ئاسىيلىق قىلغان-
لىقتىن ئۆلتۈرۈلگەندە، قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن دې-
گۈدەك ئىلى ئەتراپىغا كۆچۈرۈۋېتىلگەن. كېيىن كەلگەن ئۇيغۇر
ئاھالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك كۆچمەنلەر بولغان. ئۇلار
ئوخشىمىغان جايلاردىن كەلگەن ئوخشىمىغان جەمەتتىكىلەر بول-
غاچقا، ئايرىم جەمەت بولۇپ شەكىللىنەلمىگەن.

## § 2. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپان ئويمان- لىقىدىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ ئۆزگىرىشى

### 1. 1720 ـ يىلىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇي- غۇرلارنىڭ نوپۇسى

18 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تۇرپان ئويمانلىقى
يەنىلا جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. چىڭ

سۇلالىسى تۇرپان ئويمانلىقىنى ئىگىلەشتە ئاساسلىقى ھەربىي ئىشلارنى ئويلاشقان بولۇپ، «تۇرپان قۇمۇل بىلەن تۇتىشىدۇ، يەنە كېلىپ سۋان ئارابدانىنىڭ جان تومۇرى، ناھايىتى مۇھىم ئورۇن. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئىگىلەش كېرەك»① دەپ قارىغان. كاڭشىنىڭ 59 ـ يىلى (1720 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئاسىيلارنى تىنچىتىش سانغۇنى فۇنىڭئەن، تەرتىپ ۋەزىرى ئالانا قاتارلىقلارنى قوشۇن باشلاپ تۇرپان ئويمانلىقىغا يۈرۈش قىلدۇرغان. شۇنىڭدىن باشلاپ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخنامىلىرىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

يۇڭجېڭنىڭ 10 ـ يىلى (1732 ـ يىلى) ئىمىن خوجا ئاۋامنى باشلاپ گەنسۇ گۇاجۇغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ 11 ـ جىلدىدە خاتىرىلىنىشىچە «تۇرپاندىكى 17 شەھەر ئادەمزات يوق قۇپقۇرۇق قالغان». بۇ يەردىكى شەھەرلەر ئەمەلىيەتتە بوستانلىقلار ئىدى. يەنە «قايتا تۈزۈلگەن سۇجۇ يېڭى تەزكىرىسى» ئەنشى 2 ـ قىسىم «گۇاجۇدىكى ئىشلار» غا ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئىمىن خوجا باشلاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار تۆۋەندىكى شەھەرلەردىن كەلگەن: لۈكچۈن، سىركىپ، قاراغوجا، مۇرتۇق، سۇبېشى، لەمجىن، كىچىك ئاستانە، پىچان، شۇگى، سىڭگىم، يانقىر، تۇيۇق، تۇرپان، ئاستانە، يۇتۇق، خاندو. بۇلاردىن 1720 ـ يىللىرىدا تۇرپان ئويمانلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسەن دېگۈدەك يۇقىرىدىكى شەھەرلەردە (بوستانلىقلاردا) ئولتۇراقلاشقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئەخمەت تۆمۈرنىڭ «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان 1722 — 1741 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى شەرقىي تۈرك تىلىدىكى بىر پارچە ھۆججەت» دېگەن ئەسىرىدە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئەنقەرە ئانتروپولوگىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە ئۇيغۇرچە ھۆججەت

(MSNR. 13135) قىستۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ھۆججەتتە «تۇرپاندا تەخمىنەن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بار ئىدى. ئات يىلى، يەنى ھىجرىيىنىڭ 1135-يىلى (مىلادىيە 1722 — 1723 - يىللىرى) بۇ ئاھالىلەر جۇڭغارلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن قېچىپ غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى قاراشەھەرگە كۆچۈپ كەتكەن»②، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ھۆججەتتە ئاشكارىلانغان تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئاھالىسى توغرىسىدىكى ئۇچۇر گەرچە بەك توغرا بولمىسىمۇ، ئەمما يەنىلا ناھايىتى قىممەتلىك. يەنى تۇرپان ئويمانلىقىدا 18 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بولغان.

ھۆججەتتىكى تۇرپاندىكى ئاھالىلەر قاراشەھەرگە كۆچۈپ كەتكەن دېگەن مەزمۇن بىلەن خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى دەلىللەر ئۆزئارا ماس كېلىدۇ. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» دە. «ئىمىن خوجىنىڭ ئېيتىشىچە غوجەشىنىڭ دادىسى ئاسى خوجا ئەسلىدە تۇرپاننىڭ بېگى ئىكەن. كاڭشى يىللىرىدا زور قوشۇن تۇرپانغا كىرگەندە ئىككى قېرىندىشى لۈكچۈن شەھىرىدە ئەل بولغان. ئاسى خوجا جۇڭغارلار تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي زور قوشۇن چېكىنىپ كەتكەندە سۋان ئارابدان ئاسى خوجىنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى قېرىندىشىغا زىيانكەشلىك قىلغان. تۇرپان، لۈكچۈندىكى ئۇيغۇرلارنى قاراشەھەرگە، يەنە ئۈچتۇرپانغا كۆچۈرگەن»③ دەپ خاتىرىلەنگەن. «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن قارام بولغان موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭ - بەگلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇرپاننىڭ بېگى ئاسى خوجا 1720 - يىلى چىڭ قوشۇنى تۇرپانغا يۈرۈش قىلىپ كىرگەندە «تەسلىم بولماستىن جۇڭغارلار يېرىگە كەتكەن. چوڭ قوشۇن چېكىنگەندە، سۋان ئارابدان ئەسكەر چىقىرىپ تۇرپاندىكى نەچچە مىڭ تۈتۈنگە تەھدىت سېلىپ قاراشەھەرگە كۆچۈرگەن. ئوتتۇرا يولدا 1000 دىن ئار-

تۇق تۇتۇن قېچىپ كېلىپ لۇكچۇنگە توپلانغان ھەمدە توختى مامۇتنى ئۆزلىرىگە سەردار قىلىشىپ، جۇڭغار ئەسكەرلىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن». ئۇچتۇرپانغا زادى قانچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ھازىرغا قەدەر ئېنىق مەلۇمات يوق. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» دە دېيىلگىنى بويىچە بولغاندا، تەھدىتكە ئۇچراپ ماڭغانلار بىرقانچە مىڭ تۇتۇن، قېچىپ كەلگەنلىرى 1000 تۇتۇندىن ئارتۇق بولغان. بىرقانچە مىڭ تۇتۇن ئاز دېگەندىمۇ 3000 تۇتۇندىن ئارتۇق بولۇشى كېرەك. 1000 تۇتۇندىن ئارتۇقى قېچىپ كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا ئاز دېگەندىمۇ 2000 تۇتۇن ئەتراپىدىكى ئاھالە ئۇچتۇرپانغا كۆچۈپ بارغان. ئۇرۇش يىللىرىدا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئاسانلا چېچىلىپ كېتىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ ھەربىر تۇتۇننى ئىككى نوپۇس بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ، تەخمىنەن 4000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۇچتۇرپانغا كۆچۈپ بارغان. ئۇچتۇرپانغا كۆچۈپ بارغان ئاھالىلەردىن تاشقىرى يەنە «لۇكچۇندىمۇ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بولغان»④.

يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇرپان ئويمانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئاۋۋال، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ تەخمىنەن 14 مىڭدىن كەم ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### 2. 1725 ـ يىلى ۋە 1732 ـ يىلى تۇرپان ئويمانلىقىدىن كۆچۈپ كەتكەن ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ نوپۇسى

يۇڭجېڭنىڭ 3 ـ يىلى (1725 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار موڭغۇللىرى بىلەن تىنچلىق سۇلھىسى تۈزۈشكەن. چىڭ سۇلالىسى تۇرپاندا 1500 لەشكەر، بارىكۆلدە 2000 لەشكەر قالدۇرغاندىن سىرت قالغان قوشۇننى چېكىندۈرۈپ كەتكەن⑤. يۇڭجېڭنىڭ 4 ـ يىلى (1726 ـ يىلى) توختى مامۇت 650

ئادەمنى باشلاپ «سۋان ئارابدانىنىڭ پاراكەندە قىلىشىدىن پاناھلىنىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى» بىلدۈرگەن. چىڭ سۇلالىسى ئۇلارغا «ئات، تۆگە، چېدىر»⑥ قاتارلىقلارنى ياردەم قىلغان. ئۇلار گەنسۇنىڭ ژېيلو قەلئەسىگە كۆچۈپ بارغان.

ئۇزاق ئۆتمەيلا چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلار ئوتتۇرىسىدا يەنە ئۇرۇش باشلانغان. جۇڭغار موڭغۇللىرى تۇرپان ئويمانلىقىغا قازىتا پاراكەندىچىلىك سېلىش سىياسىتىنى يولغا قويغان. چىڭ قوشۇنلىرى تۇرپاندا ئۇزۇن مەزگىل پۇت تىرەپ تۇرۇشتا قىيىنچىلىققا يولۇققاچقا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى ئىچكىرىگە كۆچۈرۈش پىلانى يولغا قويۇلغان. يۇڭجېڭنىڭ 9 - يىلى (1731 - يىلى) چىڭ ئوردىسى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغا قارىتا «ئىلگىرى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغا ئەگەردە جۇڭغارلاردىن ئەندىشە قىلساڭلار دەرھال يۆتكىلىپ ئىچكىرىگە يېقىن جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىڭلار، دەپ يارلىق چۈشۈرۈلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن توختى مامۇت ئادەملىرىنى باشلاپ بۇ جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن. ھېلىھەممۇ ئۇلارغا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالىمىسا يەنىلا كۆچۈپ كېتىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىش تەدبىرىنى قوللىنىش توغرىلىق پەرمان بېرىش كېرەك. . . ئەگەردە بۇ قېتىمقى پەرماندىن كېيىنمۇ ئۇلار يەنىلا قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە بولسا، ئۇنداقتا ئوغرىلار يەنە كېلىپ پاراكەندىچىلىك قىلسا، ئۇلار ئۆزلىرى تەدبىر قوللانسۇن. بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئۇلارنى قوغداپ كېتەلمەيدۇ»⑦ دەپ پوزىتسىيە بىلدۈرگەن. كېيىنكى يىلى ئىمىن خوجىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدىن «چوڭ - كىچىك بولۇپ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە 10 - ئاينىڭ 14 - ۋە 17 - كۈنلىرى ئارقا - ئارقىدىن يولغا چىققان»⑧. ئۇلار قۇمۇلنىڭ تاشۋېلىق دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، سانى 9273 گە چۈشۈپ قالغان. ئەنشىگە

كەلگەن ۋاقىتتا 8013 ئادەم قالغان⑨. يەنە «چيەنلۇڭ يىللىرىدا قايتا تۈزۈلگەن سۇجۇ يېڭى تەزكىرىسى» دە: «تەكشۈرۈلگەن ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ئەمەلىي سانى جاساقلىق 9 نوپۇستىن سىرت، 2387 تۈتۈن، 8113 نوپۇس. 8 - ئاي ئىچىدە يەنە ئىلىدىن بىر تۈتۈن ئايرىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئەر - ئايال 3 نوپۇس. شۇنىڭ بىلەن ئەمەلىي تۈتۈن سانى 2388، نوپۇسى 8116 بولغان»⑩ دېيىلگەن. ئەگەردە ئىمىن خوجىنىڭ ئائىلىسىدىكى 9 نوپۇس قوشۇلسا، گۇاجوغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار 2389 تۈتۈن، 8125 نوپۇس بولىدۇ.

ئىمىن خوجا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن «تۇرپاندىكى 17 شەھەر ئادەمزات يوق قۇپقۇرۇق قالغان⑪». ئەمەلىيەتتە شۇنداق چوڭ تۇرپان ئويمانلىقىدا «ئادەمزات قالمىغان» دېيىشنىڭ ئۆزىمۇ تازا ئەقىلغا سىغمايدۇ. مۇقەررەركى، بىر قىسىم باشىنىڭ تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار قېلىپ قالغان. يەنە كېلىپ باشقا مىللەتلەر، مەسىلەن موڭغۇل، خەنزۇلار ئەلۋەتتە كۆچمىگەن.

### 3. تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجودىكى ۋاقىتتىكى نوپۇسى

گۇاجوغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار 20 نەچچە يىل جەريانىدا «ھوسۇلى ئۇدا كېمىيىپ كېتىپ»، «ھەتتا كۈندىلىك ئوزۇق - تۈلۈك مەسىلىسىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغان». شۇڭا، گەنسۇنىڭ پەرمانبەردارى مىڭ دې ئوردىغا مەلۇماتنامە يوللاپ «تەكشۈرۈشىمىزچە ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە كەلگەن ۋاقىتتا نوپۇسى پەقەتلا 8100 دىن ئارتۇقراق ئىكەن. ھازىر 10 مىڭدىن ئېشىپتۇ. كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپىيىشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا مۇقەررەر ھالدا ئوزۇق - تۈلۈك يېتىشمەسلىك كېلىپ چىقىدۇ... بۇگۈن تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ زېمىنىمىزغا تەۋە بولغانلىقىدىن ۋا-

قىپلاندىم. ئۇ يەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش كېرەك. ئەگەردە ئاچىدىغانغا يەر، ئولتۇراقلىشىشقا ئورۇن بولسىلا جاساق بەگ ئىمىن خوجىنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇر ئائىلىرىنى ئورۇنلىشىش خىراجىتى بېرىپ، تۇرپانغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر»⑫ دېگەن. ئىمىن خوجىمۇ ئۆز يۇرتىغا كۆچۈپ كېتىش ئارزۇسىدا بولۇپ، «مەن بۇلتۇر ئەسكەر باشلاپ ئىلىغا بېرىپ، قايتىشىمدا تۇرپانغا كېلىپ قارىسام موڭغۇللارمۇ قالماپتۇ. پەقەتلا ئۇيغۇرلاردىن 400 ئائىلىلىك بار ئىكەن. ئىلىغا بارغاندا ئىلگىرىكى يىللاردا تۇتقۇن قىلىنىپ كېلىنگەن 100 ئائىلىك ئۇيغۇرنى كۆرۈپ ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئەكەلدىم. ھازىر تۇرپاندا جەمئىي 500 ئائىلىلىك بولدى. مەزكۇر ئورۇنلار ئىلگىرى ئۈزۈلمەي ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار ۋە كۆچۈش دەستىدىن ۋەيران بولۇپ سورۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەمما تۇرپان، لۈكچۈن قاتارلىق 16 ئورۇندا ئېتىزلار خېلى بار ئىكەن. نۆۋەتتە گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلار 2337 ئائىلە بولۇپ، جەمئىي 8815 نوپۇس. تۇرپانغا قايتسا ئولتۇراقلىشىپ سىغىشىپ كېتەلەيدۇ»⑬ دېگەن. بىر يىلدىن ئارتۇق مەسلىھەت قىلىش ئارقىلىق، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپنى تەستىقلىغان. چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى (1756 - يىلى) «بۇ ئۇيغۇرلار 2452 تۈتۈن، ئەر - ئايال، قېرى - ياش 8578 نوپۇس بولۇپ، ئائىلىسىدىكىلىرىنى كۆچۈرۈشكە ئات - ئۇلاغلىرى بار بولسىمۇ، پەقەت ئۇندىن ئىككى - ئۈچىدىلا بار بولغاچقا، يەتتە توپقا بۆلۈنۈپ كەبىسە 9 - ئاينىڭ دەسلەپكى ئىككى كۈندە يولغا چىقىشقا باشلىغان. باش بولغان توپ ئالدى بىلەن يولغا چىققان»⑭.

چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى تۇرپانغا كۆچۈپ كېلىش ئالدىدا گۇاجۇدا زادى قانچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقى توغرىسىدا قاراشلار ھەرخىل بولۇپ، بىردەك ئەمەس. گەنسۇنىڭ پەرمانبەردارى مىڭ دې «10 مىڭ نەچچە يۈز نوپۇس» دېگەن، ئىمىن خوجا

«8815 نوپۇس» دېگەن، شەنشى ـ گەنسۇ ۋالىسى خۇاڭ تىڭگۇي «8578 نوپۇس» دېگەن. بۇلارنى ئۆزئارا يەكۈنلەپ تەھلىل قىلساقلا، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كېلىشتىن ئاۋۋالقى ئەمەلىي نوپۇسى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ. مىڭ دې قەيت قىلغان «10 مىڭ نەچچە يۈز نوپۇس» ئەسلىدىلا بىر تەخمىن سان بولۇپ، ئۇ كەلگۈسىدە نوپۇس كۆپەيسە «مۇقەررەر ھالدا ئۇزۇق ـ تۈلۈك يېتىشمەسلىك كېلىپ چىقىدۇ» دېگەننى كۆزدە تۇتۇپ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى كۆچۈرۈۋېتىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ئىلتىماسنامە سۇنغان. شۇڭا، بۇنى ئاساس قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمىن بولسا گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، ئۇ قەيت قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس سانى قايىل قىلارلىق، شۇنداقلا بىرقەدەر ئىشەنچىلىك. خۇاڭ تىڭگۇيمۇ مەلۇماتنامىسىدە 8578 نوپۇس كۆچكەن دېگەن بولۇپ، بۇمۇ توغرا سان، بىۋاسىتە ئاساسى يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئۇ مەلۇماتنامىسىدە ئەمىن خوجا قەيت قىلغان نوپۇس سانىدىن 237 ئادەمنى كەم دېگەن بولۇپ، ئېھتىمال ناھايىتى ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى كۆچۈپ كېتەلمىگەن ياكى كۆچۈپ كېتىشكە ئامالسىز قېلىپ گۇاجۇدا قېپقالغان بولسا كېرەك.

## 4. تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، پىچان تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ سىياسىي مەركىزى بولۇپ قالغان. چىڭ سۇلالىسى پىچاندا خان ئامبال تەسىس قىلىپ «ئومۇمىي ئىشلارنى باشقۇرغان»[15]. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 38 ـ جىلدىدىمۇ «قاراغوجا، توقسۇنلار ھازىر پىچانغا قارايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇڭا، بۇ مەزگىللەردە

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ نوپۇس سانىدا پىچان ئاساس قىلىنىدۇ.

«بۈيۈك چىڭنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى قامۇسى» 80 ـ جىلد «ۋاسساللار مەھكىمىسى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەمەلدارلىرى ۋازارىتى» دا، پىچاننىڭ چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلىدىكى (1761 ـ يىلى) تۈتۈن سانى 1863، نوپۇسى 8284 دەپ خاتىرىلەنگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىمۇ پىچاننىڭ تۈتۈن سانى 2937، نوپۇسى 10373 دەپ خاتىرىلەنگەن.

11 ـ جەدۋەل «بۈيۈك چىڭنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى قامۇسى» ۋە «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن پىچاننىڭ نوپۇس سانى

| ئەسەر نامى | تۈتۈن سانى | نوپۇسى | ھەر ئائىلىلىك ئوتتۇرىچە نوپۇس |
|---|---|---|---|
| بۈيۈك چىڭنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى قامۇسى | 1863 | 8042 | 4.42 |
| غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى | 2937 | 10773 | 3.53 |

چيەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلىدىكى (1756 ـ يىلى) تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس سانىنى يەنە باشقا ماتېرىياللاردىن ستاتىستىكا قىلىپ چىققىلىمۇ بولىدۇ. ئالدىدا قەيت قىلىنغاندەك، ئەمەلىيەتتە تۇرپانغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار 2452 ئائىلە، 8578 نوپۇس بولغان. ھالبۇكى، ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان ئويمانلىقىدا 500 ئائىلىلىك ئۇيغۇر بولغان. ئەگەردە يەنىلا «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» بويىچە ھەر ئائىلىلىك ئوتتۇرىچە نوپۇس 3.53 دەپ ھېسابلىنىدىغان بولسا، ئۇنداقتا 500 ئائىلە 1765 نوپۇس بولىدۇ. بۇنىڭغا گۇاجۇدىن

كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى قوشقاندا، تۇرپان ئويمانلىقىدا چيەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى 2952 ئائىلە، 10 مىڭ 343 نوپۇس بولغان بولىدۇ. بۇ سان «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن سان بىلەن يېقىنلىشىدۇ. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى (1762 ـ يىلى) كىتاب بولۇپ تۈزۈپ چىقىلغان. گەرچە چيەنلۇڭنىڭ 42 ـ يىلى (1777 ـ يىلى) بىر قىسىم مەزمۇنلار قوشۇلۇپ قايتا تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكىلىرى بولۇشى كېرەك. «بۈيۈك چىڭنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى قامۇسى» دا خاتىرىلەنگىنى بولسا چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى) دىكى پىچاننىڭ نوپۇس سانى بولۇپ، ئەمەلىي ئەھۋال بىلەن زىت، پەقەت ئىمىن خوجا يوللىغان تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كەلگەن گۇاجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇس سانى مۆلچەرلەنگەن، تۇرپان ئويمانلىقىدا ئەسلىدىن ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ھېسابلىمىغان.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئىمىن خوجا ئاۋامنى باشلاپ تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە نوپۇس سانى باشتىن ـ ئاخىر تۇراقسىز بولغان. بىرتەرەپتىن ئاز بىر قىسىم ئاھالىلەر سىرتلارغا قېچىپ تۇرغان، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا جايلاردىن ئاھالىلەر تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ تۇرغان. بۇ ھەقتە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەنلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. تۇرپان ئويمانلىقىدىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلار

«چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 535 ـ جىلددا، چيەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شەنشى ـ گەنسۇ ۋالىسى خۇاڭ تىڭگۈينىڭ ئىمىن خوجىنىڭ قول ئاستىدىن قۇمۇلغا قېچىپ كەلگەن 600 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ يالاپ قايتۇرۇپ كېتىلگەنلىكىنى مەلۇم قىلغانلىقى ئېيتىلغان. ئەمما،

شۇنىسى ئېھتىمالغا يېقىنكى، ئازساندىكىلىرى يەنىلا قايتقىلى ئۇنىمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ يەنە قۇمۇلدىن باشقا جايلارغا قېچىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا قېچىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىگەنلەر ئانچە كۆپ بولمىغان.

2. تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلار

چيەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىلى (1757 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا گالزان دورجىغا قاراشلىق ئۇيغۇرلاردىن تانقاتار، شاھ قول قاتارلىقلار «100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى باشلاپ» ، «ئىمىن خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن»⑯.

چيەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «توختى بەگكە قاراشلىق مامۇت، تولداي قاتارلىقلار ئەر ـ ئايال 100 دىن ئارتۇق ئادەم بىلەن قاراشەھەردىن قېچىپ كەلگەن. . . ئىلگىرى تۇرپانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارمۇ توختى بەگكە قاراشلىق بولۇپ، بۇ قېتىم كەلگەن 100 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىپ، ئىمىن خوجىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن باشقۇرۇش، ناۋادا ئوغرىلىقچە قېچىپ كەتسە تۇتۇپ جازاغا تارتىش بۇيرۇلغان»⑰. بۇ ماتېرىيالدىن بۇ قېتىم كەلگەن 100 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىلگىرى كەلگەن توختىغا قاراشلىق ئۇيغۇرلار بىلەن بىر ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئالدىنقى نۆۋەت ئورۇنلاشتۇرۇلغانلارنىڭ زادى قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىشكە ئىمكانىيەت يوق.

چيەنلۇڭنىڭ 23 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «نوپۇس پىرقىسىنىڭ ياندىاش بېگى، باركۆل ئامبىلى ئارغۇن قاتارلىقلار لوپنور ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاقساقىلى قاشقا قاتارلىقلارنىڭ ئەل بولغانلىقى، پۈتۈن نوپۇس سانى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ ئىمىن خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەنلىكى توغرۇلۇق مەلۇمات يوللىغان»⑱.

ئۇنداقتا لوپنوردىن ئەل بولغانلارنىڭ سانى قانچىلىك؟ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 637 - جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى 5 - ئاي تارمىقىدا: «ئىلگىرى ئارغۇن ئەل قىلغان لوپنورلۇق ئۇيغۇرلار 1000 تۈتۈندىن ئارتۇق ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئۇنىڭدىن سىرت يەنە بىر قىسىم جىنايەتچىلەرنىڭ ئائىلىلىرى ئىمىن خوجا قاتارلىقلارغا دېدەك قىلىپ بېرىلگەن. مەسىلەن، چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) 8 - ئايدا «مەسلىھەتچى ئامبال ئارغۇن ئوغرى جىنايەتچىلەرنى تەكشۈرۈپ سوراق قىلىپ ئايرىم - ئايرىم بىرتەرەپ قىلغانلىق ھەققىدە مەلۇماتنامە سۇنۇپ، ‹پېقىر بەشكېرەم قاتارلىق جايلاردا جىنايەتچىلەرنى قولغا چۈشۈردۈم، توپلىشىپ ئەمەلدار، لەشكەرلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلىشتى. ئۆتەڭلەرگە تەگكەن كاتىۋاشلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى جەمئىي 222 نەپەر ئىكەن. بىر - بىرلەپ سوراق قىلىش ئارقىلىق قازى بەگ نىياز سوپى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 16 نەپىرى باش جىنايەتكار دەپ قارىلىپ تېگىشلىك جايغا ئېلىپ بېرىلدى. قالغان ئەگەشكۈچىلىرى كىچىك بەگلەر ۋە پۇقرالار بولۇپ، جەمئىي 206 نەپەر. جىنايەتچىلەرگە قەشقەردە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئاۋامغا سازايى قىلىنىپ، خوتۇنلىرى ئىمىن خوجا قاتارلىقلارغا دېدەك قىلىپ بېرىلدى› دېگەن»⑲. جۇڭغارلارنىڭ توپىلاڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن تۇرپاندا «ئۇيغۇرلارغا مالاي بولغان ئويراتلارنىڭ ئەر - ئائىلىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان»⑳.

چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى) يۇڭجېڭ يىللىرىدا گۇاجۇنىڭ ۋېيلۇ قەلئەسىگە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلاردىن 250 تۈتۈن، 1050 نوپۇسمۇ تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كەلگەن»㉑.

چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلىغا كەلگەندىلا تۇرپان ئويمانلىقىغا

كۆچمەنلەرنىڭ كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىشى ئاندىن ئاياغلاشقان. مۇ-شۇ بىر مەزگىل ئىچىدە زور كۆلەمدە كۆچۈپ كەلگەن بىرقانچە تۈركۈم كۆچمەنلەردىن تاتقاتار، شاھقول باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر-لار «100 تۇتۇندىن ئارتۇق» بولۇپ، 300 نوپۇس دەپ ھېسابلاش-قا بولىدۇ. توختىغا قاراشلىق مامۇت باشلاپ كەلگەنلەرمۇ 100 نوپۇستىن ئارتۇق بولغان. ئالدىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان توختىغا قاراشلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس سانىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلى-كىنى مۆلچەرلەشكە ئامالسىزمىز. لوپنوردىن ئەل بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ مىڭ ئائىلىدىن ئارتۇق بولۇپ، 3000 نوپۇس بولۇ-شى كېرەك. سۇجۇدىن كۆچۈپ كەلگەن نوپۇسمۇ 1050 دىن ئارتۇق. پەقەت مۇشۇ ئىشەنچلىك سانغا ئىگە ئۇيغۇرلارلا 4450 نوپۇسقا يەتكەن. بۇنىڭغا يەنە ئىلگىرى تۇرپانغا كۆچۈپ كەلگەن نوپۇسنى ھەمدە تۇرپان ئويمانلىقىدا ئەسلىدىن بار بولغان 500 ئائىلىنى قوشقاندا، چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلىغا كەلگەندە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئاز دېگەندىمۇ 15 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

## 5. 1779 ـ يىلىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇي-غۇرلارنىڭ نوپۇسى

چيەنلۇڭنىڭ 44 ـ يىلى (1779 ـ يىلى)، تۇرپاننىڭ ئىنانچىخانى سۇلايمان جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن مەرتىۋىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان. بۇ ئىش توغرىسىدا گەرچە بىرقانچە تارىخىي ئەسەردە خاتىرىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىكى ئاھالە نوپۇس سانى توغرىسىدىكى بايانلار بىردەك ئەمەس. پەقەتلا مۇناسىۋەتلىك ماتې-رىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

«شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» 3 ـ جىلد، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى تارمىقىدا: «تۇرپان جاسىقىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى

ئۇيغۇرلار ئەسلىدە 1675 تۈتۈن بولۇپ، جەمئىي 15 نىرۇ قىلىپ تۈزۈلگەن. چيەنلۇڭنىڭ 44 ـ يىلى ئىناچخان سۇلايمان ئەمە-لىدىن قالدۇرۇلۇپ بىرتەرەپ قىلىندى. ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى سەيپۇللا باشقا ھاكىمبەگ قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، يەنىلا ئەسلىدىكى بەگنىڭ باشقۇرۇشىدا بولسا، دەپ ئىلتىماسنامە سۇن-دى. قاراغوجىنىڭ شەرقىدىكى 960 تۈتۈندىن ئارتۇق ئۇيغۇر جەمئىي 11 نىرۇ قىلىنىپ، لوپنور ئۇيغۇرلىرىدىن 200 دىن ئارتۇق تۈتۈن بىلەن يەنىلا ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلىنىڭ باشقۇرۇ-شىغا تەۋە قىلىندى؛ تۇرپاننىڭ غەربىدىكى يارغول، يەمشى، توقسۇن قاتارلىق ئورۇنلاردىكى 700 تۈتۈندىن ئارتۇق ئۇيغۇر جەمئىي 4 نىرۇ قىلىنىپ، تۇرپان ئاغلاقچى ئامبىلىنىڭ باشقۇ-رۇشىغا تەۋە بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسكەندەرنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن 700 دىن ئارتۇق تۈتۈن چىقىرىلىپ، بۇرۇنقىدەكلا ئەسلى ئورۇنلىرىغا ئولتۇراقلاشتۇرۇلۇپ، ئىسكەندەرنىڭ خوشۇ-نىغا قوشۇۋېتىلدى» دېيىلگەن.

«ئۇچ ئايماق خاتىرىلىرى» نىڭ 2 ـ جىلدىدا: «چيەنلۇڭ-نىڭ 44 ـ يىلى تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار ئايرىم ـ ئايرىم ئورۇنلاش-تۇرۇلۇپ، پاسىل بېكىتىلىپ، قاراغوجىنىڭ شەرقىدىكى 1600 تۈتۈندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىپ بېرىلدى. تۇرپاننىڭ غەربىدىكى 750 تۈتۈندىن ئار-تۇق ئۇيغۇر تۇرپان ئاغلاقچى ئامبىلىنىڭ قارىمىقىدا بولۇپ، زاچى لوكچى خۇدا بەردىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىپ بېرىلىپ، تۇرپان ئاغلاقچى ئامبىلى مەخسۇس باشقۇردى. 51 ـ يىلى زاچى لوكچى شالىلىۋېتىلىپ، سۇمۇل زەڭگىسىدىن بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويۇلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

«چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 1085 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 44 ـ يىلى 6 ـ ئاي تارمىقىدا: «قاراغوجىنىڭ شەرقىدىكى 900 دىن ئارتۇق تۈتۈن، لوپنورلۇقلاردىن 200 دىن

ئارتۇق تۇتۇن ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلىنىڭ باشقۇرۇشقا بۇيرۇپ بېرىلدى. تۇرپاننىڭ غەربىدىكى 700 دىن ئارتۇق تۇتۇن ئەسلىدىكى بېگىنىڭ باشقۇرۇشىغا بۇيرۇپ بېرىلدى. يەمشىدە ئولتۇراقلاشقان 700 دىن ئارتۇق تۇتۇن ئەسلىدىكى زاچى لوكچى قاتارلىقلارنىڭ باشقۇرۇشىغا بۇيرۇپ بېرىلدى. ئۇلاردىن باشقا كۆپەيگەن 700 دىن ئارتۇق تۇتۇن ئىسكەندەرنىڭ باشقۇرۇشىغا بۇيرۇپ بېرىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاغلاقچى ئامبالنىڭ بىر تۇتاش ئىدارە قىلىشىغا تەۋە قىلىنىپ، نوپۇس تىزىملىكى ئۈرۈمچى باش بۆلۈمگە مەلۇم قىلىنىپ، تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇشقا تەييار قىلىندى» دېيىلگەن.

«شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، چيەنلۇڭنىڭ 44 - يىلى تۇرپان ئويمانلىقىدا جەمئىي 2560 ئائىلە بولغان؛ «ئۈچ ئايماق خاتىرىلىرى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان ئويمانلىقىدا جەمئىي 2350 ئائىلە بولغان؛ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان ئويمانلىقىدا جەمئىي 3200 ئائىلە بولغان. زوكوتو ئەپەندى بۇ ماتېرىياللارنى كۆرگەن ۋاقىتتىمۇ ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنىڭ تۇتۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولۇپ، ئۇ: «‹شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە› دىكى ئىسكەندەرنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن چىقىرىپ بېرىلگەن 700 دىن ئارتۇق تۇتۇن دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس. باشقا يازما خاتىرىلەردىكى («چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 1080 - جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 44 - يىلى 4 - ئاي، ئۈچتۇرپاندىكى خان ئامبىلىنىڭ مەلۇماتنامىسى) ‹ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى سەيپۇللا ئاكىسى سۇلايمان گۇناھكار بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭغا قاراشلىق ئۇيغۇر ئاۋاملىرىنى ئايرىۋېلىپ، باشقىدىن ئەمەلدار ئەۋەتىپ باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلدى› دېگەن سۆزگە قارىغاندا، ئىسكەندەر ئاكىسىنىڭ ۋەقەسىدە مەسئۇلىيىتىم بار دەپ قاراپ،

ئۆزىگە قاراشلىق ئۇيغۇر ئاۋامىلىرىنى (ئىرونىڭ سىرتىدىكىلىرىمۇ قانداق؟) ئايرىپ چىقىپ، ئىرۇ قىلىپ تەشكىللىگەن بولسا كېرەك»[22] دەيدۇ. ئەلۋەتتە ئىسكەندەرنىڭ ئىلتىماسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 700 ئائىلە مەيلى ئۇنىڭغا قارام بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئالدىدا قەيت قىلىنغان «قاراغوجىنىڭ شەرقىدىكى 960 تۈتۈندىن ئارتۇق ئۇيغۇر»نىڭ ئىچىدە ئەمەس. زوكوتو ئەپەندى «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» دە تۇرپان، يەمشىدىكى 700 تۈتۈن ھېسابلانغاندىن تاشقىرى، «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دا يەنە 700 تۈتۈن ئارتۇقچە قوشۇلۇپ قالغان بولۇپ، بۇنىڭدا تەكرارلىنىش بار، دەپ قارايدۇ[23]. قارىغاندا بۇ ھۆكۈمنىڭ ئاساسى بار دەك تۇرىدۇ.

بىرىنچىدىن، «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» دىن كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە ئاساسلانغاندا، «تۇرپاننىڭ غەربىدىكى يارغول، يەمشى، توقسۇن قاتارلىق ئورۇنلاردىكى 700 تۈتۈندىن ئارتۇق ئۇيغۇر جەمئىي 4 ئىرۇ قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ تۇرپان ئاغلاقچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىنغان». «ئۈچ ئايماق خاتىرىلىرى» دىن ئېلىنغان نەقىلدىمۇ «تۇرپاننىڭ غەربىدىكى 750 تۈتۈندىن ئارتۇق ئۇيغۇر تۇرپان ئاغلاقچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى» دېيىلگەن. ئىككى ئەسەردىكى تۇرپان ئاغلاقچى ئامبىلىغا قاراشلىق 700 تۈتۈندىن ئارتۇق ئائىلە توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ناھايىتىمۇ ئېنىق بولۇپ، يەنە 700 تۈتۈندىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ ئارتۇق چىقىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، ئەينى ۋاقىتتا مەگىلىكنىڭ سۈيۈرغال يېرىدە پەقەتلا 400 تۈتۈندىن ئارتۇق ئائىلە بولغان[24]. «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 487 - جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى 4 - ئاي تارمىقىدا مەگىلىكنىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، «يۇڭ چاڭ قاتارلىقلار مەلۇماتنامىسىدە، تۇرپاننىڭ بېگى مەگىلىك 1000 تۈتۈندىن ئارتۇق ئاۋامنى باشلاپ ئەل بولدى

دەپتۇ. ئىلگىرى سالار ئەل بولغانلار توغرىسىدىكى مەلۇماتنامى-
سىدە، تۇرپاننىڭ بېگى مەڭلىك 400 دىن ئارتۇق تۇتۇننى باشلاپ
ئەل بولماقچى، ئالدىن ئادەم ئەۋەتتى دېگەنىكەن. ھازىر ئەل
بولغان مەڭلىك سالارنىڭ مەلۇماتنامىسىدىكى مەڭلىكمۇ قانداق؟
دەپ يەنە يارلىق چۈشۈرۈلدى» دېيىلگەن. زوكوتو ئەپەندى قەتئىي
ھالدا «توغرىسىنى ئېيتقاندا ئۇ دەل ئاشۇ مەڭلىكتۇر»㉕ دەيدۇ.
قارىغاندا بۇ يەردىكى مەڭلىكنىڭ ئاشۇ مەڭلىك ئىكەنلىكىدە گەپ
يوق. ئەمما، ئالدىدا ئۇ «400 تۇتۇننى باشلاپ كېلىپ ئەل
بولماقچى» دېيىلگەن، ئارقىدىن يەنە «1000 تۇتۇننى باشلاپ ئەل
بولدى» دېيىلگەن بولۇپ، ئالدى - كەينى بىردەك ئەمەس.
جۇڭگو 1 - تارىخ ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «قارادىۋان تاپ-
شۇرۇۋالغان مەلۇماتنامىلەر»، مىللەتلەر تۈرى، 1505 - جىلد-
دا: «بۇلتۇر (1755 - يىلى) مەن (ئىمىن خوجا) بۇيرۇققا
بىنائەن ئەسكەر باشلاپ ئىلىغا بېرىپ، قايتىشىمدا، تۇرپانغا
كېلىپ قارىسام ئۇ يەردە موڭغۇللارمۇ قالماپتۇ، پەقەت ئۇيغۇر-
لاردىن 400 ئۆيلۈك بار ئىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. مانا بۇ
ئالدىدا نەقىل قىلىنغان ماتېرىيالدىكى «تۇرپان بېگى مەڭلىك
400 تۇتۇننى باشلاپ ئەل بولماقچى» دېگەن مەزمۇن بىلەن ئۆز ئارا
ماس كېلىدۇ. شۇڭا، بۇنى ئىشەنچلىك دېيىشكە بولىدۇ. ھالبۇ-
كى، كېيىنكى «تۇرپان بېگى مەڭلىك 1000 تۇتۇننى باشلاپ ئەل
بولدى» دېيىلگىنى مەۋھۇم سان بولۇپ، بۇ مەڭلىكنىڭ ئۆزىنى
زور كۆرسىتىپ داغدۇغا پەيدا قىلىشتىكى ۋە سىياسىي دەسمايى-
سىنى ئاشۇرۇشتىكى بىرخىل پەردازى، ئىشەنچلىك ئەمەس.
ئۈچىنچىدىن، «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»
1076 - جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 44 - يىلى 1 - ئاي تارىمىقىدا:
«ئىلگىرى مەڭلىكنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىدىن ئى-
مىن خوجىنىڭ يانداش ئەمىرىگە قوشۇلغىنى پەقەت 19 تۇتۇن
بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئىلىغا كۆچۈرۈۋېتىل-

گەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. يەنە «سۇلايمان ھازىر باشقۇرۇۋاتقان
ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، ئۇلار مەڭ-
لىككە قاراشلىق ئۇيغۇرلار بولمىسىمۇ ئىلتىپات بىلەن ئىمىن
خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا بۇيرۇپ بېرىلگەنىكەن، سۇلايمانغا ھەقى-
قىي قارام ئادەملەر ئەمەس ئىكەن، شۇنداقلا ئۇلارنى ئايرىپ
چىقىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن
بىلىشكە بولىدۇكى، مەڭلىك بەگكە قاراشلىق ئاھالىلەر ئىلىغا
بوز يەر ئېچىشقا كۆچۈرۈلگەن، ھالبۇكى ئۇنىڭ ئەسلى تەۋە
يېرىدىكى ئۇيغۇرلار چىڭ خانى «ئىلتىپات قىلىپ» «ئىمىن
خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا» تاپشۇرۇپ بەرگەنلەر بولۇپ، ئۇلار ئىل-
گىرى ئىمىن خوجىغا ئەگىشىپ گۇاجوۇغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇر-
لارغا تەۋە بولمىغان، بۇ ئادەملەر مەڭلىك گۇناھكار بولغاندىن
كېيىن، ئۇنىڭ تەۋە يېرى ئىمىن خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ
بېرىلگەن ۋاقىتتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەگەردە «چىڭ ئوردىسى
خاتىرىلىرى» دىكى بايان بويىچە يەنە 700 دىن ئارتۇق ئائىلە
بولسا، ئۇ ھالدا جەمئىي 1400 دىن ئارتۇق ئائىلە بولىدۇ، بۇ
مۇمكىن ئەمەس.

تۆتىنچىدىن، «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»
دە «تۇرپاننىڭ غەربىدىكى 700 دىن ئارتۇق تۇتۇن ئەسلىدىكى
بەگنىڭ باشقۇرۇشىغا بويرۇپ بېرىلدى، يەمشىدە ئولتۇراقلاشقان
700 دىن ئارتۇق تۇتۇن ئەسلىدىكى زاچى لۇكچى قاتارلىقلارنىڭ
باشقۇرۇشىغا بۇيرۇپ بېرىلدى» دېيىلگەن. كېيىنكى جۈملە ئال-
دىدىكى جۈملىنىڭ شەرھىسى بولۇپ، «ئەسلىدىكى بەگ» دەل
زاچى لۇكچىدىن ئىبارەت. بۇ خىل شەرھگە بىز ماتېرىيال
ئاساسى تاپالايمىز. چيەنلۇڭنىڭ 44 ـ يىلى سۇلايمان ئەمىلىدىن
ئېلىپ تاشلانغان. چىڭ سۇلالىسى ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى سەي-
يۇللانىڭ باشقا ھاكىمبەگ تەسىس قىلماي، ئىلگىرىكى بەگنىڭ
ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇشى توغرىسىدا سۇنغان ئىلتىماسىنى

تەستىقلىغان. شۇنداق قىلىپ ئەسلىدىكى مەئىلىكنىڭ تەۋە يېرى-دىكى ئۇيغۇرلار ئەسلىدىكى بەگ «زاچى لۇكچى خۇدابەردىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان»㉖. مانا بۇ دەل «چىلىك گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» دىكى خاتىرىگە ماس كېلىدۇ. «چىلىك گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» دە بۇ جايدا ئىشلىتىلگەن سۆزلەر مۇجمەل بولۇپ، زىت مەنە بېرىپ قويىدۇ. ئەمما، بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەندىلا، ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن نوپۇس سانىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» دە تىلغا ئېلىنغان ئىسكەندەر چىقىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان 700 ئائىلىلىك ئېھتىمال «چىلىك گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرى-لىرى» دا قەيت قىلىنغان «كۆپەيگەن 700 دىن ئارتۇق تۈتۈن» بولسا كېرەك. بۇ 700 دىن ئارتۇق ئائىلىمۇ ئىمىن خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان.

مانا بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تۇرپان ئىناچىخانى تۇر-پان ئاغلاقچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن ئۇيغۇرلاردىن سىرت يەنە 1800 ئائىلىلىكتىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى باشقۇرۇپ كەلگەن. بۇ «چىلىك گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» ۋە «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» دىكى خاتىرىلەر بىلەن بىردەك. ئېنىقكى «ئۇچ ئايماق خاتىرىلىرى» دا قەيت قىلىنغان «قاراغوجىنىڭ شەرقىدىكى ئۇيغۇرلاردىن 1600 تۈتۈندىن ئارتۇقى ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىندى» دېگەن باياندىكى سان ئانچە توغرا بولمىغان. يۇقىرىقىلارنى تەھلىل قى-لىش ئارقىلىق بىلىشكە بولىدۇكى، تۇرپان ئويمانلىقىدا 2500 ئائىلىلىكتىن ئارتۇق ئۇيغۇر بولغان. ئەمما، ھەربىر ئائىلىدىكى نوپۇس سانىنى مۆلچەرلەپ ھېسابلىماق سەل تەس، پەقەتلا ئائىلە سانىدىن قارىغاندا نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشى ئانچە زور بولمىغان. بۇ مەزگىللەردە، گەرچە «700 دىن ئارتۇق ئائىلە كۆپەيگەن» بولسىمۇ، ئەمما ئىلىغا كۆچۈپ بارغىنى 400 ئائىلىلىك بولۇپ،

كۆپىيىش ـ ئازىيىش ئەھۋالدا زور پەرق يوق.

6 . 1886 ـ يىلىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ نوپۇ-
سى

گۇاڭشۈينىڭ 12 ـ يىلى (1886 ـ يىلى) تۇرپان بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» «ئورگانلار 1» دە: «44 ـ يىلى، بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمە تەسىس قىلىندى. 915 تۈتۈن، 4174 نوپۇس» ㉗ دېيىلگەن. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ زادى قانچىلىك نوپۇسى بارلىقىغا ئاساس كەمچىل بولغانلىقتىن، سانىنى مۆلچەرلەش قىيىن.

7 . 1908 ـ يىلىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيـ-
غۇرلارنىڭ نوپۇسى

«شىنجاڭدا مەمۇرىي ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىش تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشچە، گۇاڭشۈينىڭ 34-يىلى (1908-يىلى) پىچاندا 3633 ئائىلە، 18 مىڭ 769 نوپۇس بولغان. تۇرپاندا 7598 ئائىلە، 40 مىڭ 153 نوپۇس بولغان ئىككىسىنى قوشقاندا جەمئىي 11 مىڭ 231 ئائىلە، 58 مىڭ 922 نوپۇس بولىدۇ. دېمەك، 1799 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىلىغىچە بولغان 129 يىل جەرياندا نوپۇس شىددەت بىلەن كۆپەيگەن بولۇپ، بۇ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن يەنە بىر قىسىم باشقا مىللەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 43 ـ جىلددا: «تۇرپان مەھكىمىسى: شەھەر ئىچىدە 716 تۈتۈن، 2863 نوپۇس بار. يېزا ـ قىشلاقلىرىدا 8379 تۈتۈن، 38 مىڭ 841 نوپۇس بار. داۋجياۋ دىنى مۇخلىسى 5، مۇسۇلمانلار 29 مىڭ 726. پىچان ناھىيىسى: شەھەر ئىچىدە 172 تۈتۈن، 571 نوپۇس بار. يېزا ـ قىشلاقلىرىدا 4156 تۈتۈن،

26 مىڭ 200 نوپۇس بار. شەھەر بازىرى: 693 تۈتۈن، 3324 نوپۇسى بار. مۇسۇلمانلار 3101» دەپ خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىدىكى سانلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك جەدۋەل تۈزۈلدى㉘:

12 ـ جەدۋەل

| ناھىيە | تۈتۈن سانى | نوپۇسى | مۇسۇلمانلارنىڭ سانى |
|---|---|---|---|
| تۇرپان مەھكىمىسى | 9095 | 41704 | 29726 |
| پىچان ناھىيىسى | 5021 | 30095 | 30101 |
| جەمئىي | 14116 | 71799 | 59827 |

مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئىزاھاتىدا «مەزكۇر ئەسەر يىچيۇ يىلى (1909 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا تۈزۈلۈشكە باشلىنىپ، شىنخەي يىلى (1912 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا تاماملاندى» دېيىلگەن بولۇپ، مەزكۇر ئەسەرگە ماتېرىيال ئېلىش توختىغان ۋاقىت «شىنجاڭدا مەمۇرىي ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىش تەزكىرىسى» دىن كېيىنرەك بولغان. ئەمما، ئاھالە سانى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن، يەنى تۈتۈن سانى 14 مىڭ 116 گە، نوپۇسى سانى 71 مىڭ 799 غا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانلار 59 مىڭ 827 بولغان. تۇرپان ئويمانلىقىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئاساسەن ئۇيغۇرلار ۋە خۇيزۇلار بولغاچقا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان يەنە باشقا ئاھالىلەر سانى ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن ستاتىستىكا قىلىنمىدى. تۇرپان ئويمانلىقىدا كۆپ بولغاندىمۇ 9000 ئەتراپىدا خۇيزۇ بولغان بولۇپ، بۇنى كۆزدە تۇتقاندا بۇ مەزگىلدە تۇرپان ئويمانلىقىدا ئاز دېگەندىمۇ 50 مىڭ ئۇيغۇر بولغان.

**ئىزاھ:**

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، دەسلەپكى 2 - جىلد، 12 -، 13 - بەتلەر.

② ئەخمەت تۆمۈر: «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان 1722 — 1741 - يىللار ئارىلىقىدىكى شەرقىي تۈرك تىلىدىكى بىر پارچە ھۆججەت». UAJb، ×××111، 1961 - يىل 1 - 2، 193 — 198 - بەتلەر. زوكوتۇ يازغان، لىن سۇڭچۈن تەرجىمە قىلغان «18 — 19 - ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» تىن نەقىل ئېلىنغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى، 23 - بەت.

③ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 51 - جىلد، 19 - بەت.

④ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، دەسلەپكى 9 - جىلد، 14 - بەت؛ «چىڭ شېنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 293 - جىلد، كاڭشىنىڭ 66 - يىلى كەبىسە 6 - ئاي.

⑤ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» دەسلەپكى 13 - جىلد، 28 — 31 - بەتلەر.

⑥ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 45 - جىلد، يۇڭجېڭنىڭ 4 - يىلى 6 - ئاي.

⑦ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 22 - جىلد.

⑧ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 125 - جىلد، يۇڭجېڭنىڭ 10 - يىلى 11 - ئاي.

⑨ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 134 - جىلد، يۇڭجېڭنىڭ 11 - يىلى 8 - ئاي.

⑩ «چىيەنلۇڭ يىللىرىدا قايتا تۈزۈلگەن سۇجۇ يېڭى تەزكىرىسى»، ئەنشى، 2 - قىسىم.

⑪ «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 11 - جىلد.

⑫ جۇڭگو 1 - تارىخ ئارخىپخانىسى: «قارادۆۋان تاپشۇرۇۋالغان

مەلۇماتنامىلەر»، مىللەتلەر تۈرى، 1057 ـ جىلد.
⑬ جۇڭگو 1 ـ تارىخ ئارخىپخانىسى: «قارادىۋان تاپشۇرۇۋالغان مەلۇماتنامىلەر»، مىللەتلەر تۈرى، 1505 ـ جىلد.
⑭ جۇڭگو 1 ـ تارىخ ئارخىپخانىسى: «قارادىۋان تاپشۇرۇۋالغان مەلۇماتنامىلەر»، مىللەتلەر تۈرى، 1506 ـ جىلد.
⑮ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 13 ـ جىلد، ئەمەل تۈزۈمى 2 ـ.
⑯ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 135 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىلى 3 ـ ئاي.
⑰ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 544 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىلى 8 ـ ئاي.
⑱ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 558 جىلد، چيەنـ لۇڭنىڭ 23 ـ يىلى 3 ـ ئاي.
⑲ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 619 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى 8 ـ ئاي.
⑳ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 635 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى 1 ـ ئاي.
㉑ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 631 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى 2 ـ ئاي.
㉒ زوكوتۇ يازغان، جۇفىڭ تەرجىمە قىلغان: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۇرپان»، «مىللەتلەر تەرجىمە مەجمۇئەسى»، 1987 ـ يىل 4 ـ سان، 52 ـ بەت 1 ـ ئىزاهات.
㉓ زوكوتۇ يازغان، جۇفىڭ تەرجىمە قىلغان: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۇرپان»، «مىللەتلەر تەرجىمە مەجمۇئەسى»، 1987 ـ يىل 4 ـ سان.
㉔ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 487 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى 4 ـ ئاي.
㉕ زوكوتۇ يازغان، لىڭ سۇڭچۇن تەرجىمە قىلغان: «18 —

19 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» ، 24 ـ بەت.

⑳ خې يىلڭ: «ئۈچ ئايماق خاتىرىلىرى» ، 2 ـ جىلد.

㉗ «44 ـ يىلى بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمە قۇرۇلغان» دېگەن بايان ئەسلى « ( گۇاڭشۈيىنىڭ) 12 ـ يىلى بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمە قۇرۇلـ‌غان» بولۇشى كېرەك. چۈنكى، گۇاڭشۈي 34 يىللا ھۆكۈم سۈرگەن. چىڭ سۇلالىسى تارىخىدا 44 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەنلەردىن پەقەت كاڭشى، چيەنلۇڭدىن ئىبارەت ئىككەيلەنلا بار. لېكىن، ئۇ مەزگىللەردە تۇرپاندا بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمە تەسىس قىلىنمىغان. تۇرپان بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمىسى پەقەت گۇاڭشۈيىنىڭ 12 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان. شۇڭا، بۇ تارىخىي ماتېرىيالدىكى تۇرپان بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمىسـ‌ىنىڭ تەسىس قىلىنغان يىلى خاتا، ئەمما نوپۇس سانى يەنىلا ئىشەنچلىك.

㉘ «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ، 1 ـ جىلد «ئورگانلار 1» دە: «تۇرپان بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمىسىگە قاراشلىق 14 مىڭ 116 تۈتۈن، 71 مىڭ 805 نوپۇس بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ سان بىز مـ‌ۇشۇ ئەسەرنىڭ 43 ـ جىلد «خـ‌ەلق ئىشلىرى 4» دىكىگە ئاساسەن ھېسابلاپ چىققان تۈتۈن سانى بىلەن ئوخشاش، ئەمما نوپۇسى سانىدا 6 ئادەم ئارتۇق.

# ئون بىرىنچى باب ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى

ئىمىن خوجا جەمەتى چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو ھۆكۈمىتى تۇرپان ئويمانلىقىدا يۆلەپ تۇرغۇزغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن يېقىندىن ئېتىبار قىلىش - قىلماسلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، يەنى ئۇلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى مۇقەررەر ھالدا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ پوزىتسىيىسىگە باغلىنىشلىق بولغان بولۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ياكى خاراب بولۇشىنى بەلگىلىگەن. بۇ سىياسىي ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ ئىگىلىك ئالاھىدىلىكىنىمۇ سىياسىي جەھەتتىكى گۈللىنىش ھەم خارابلىشىشقا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ھەرخىل ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشىنى بەلگىلىگەن، يەنى سىياسىي ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇناسىپ ھالدا ئىگىلىكتىكى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈم ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مۇشۇنداق مۇھىم مەسىلىگە قارىتا مەملىكەت ئىچىدىكى ئالىملار تېخى تەتقىقات يۈرگۈزگىنى يوق. ياپونىيە ئالىمى زوكوتو ئەپەندىمۇ پەقەتلا 19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىكى تۇرپان ئىناچىخانلىرىنىڭ ئىگىلىكىگە دائىر بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان بولۇپ①، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللارغا كۆڭۈل بۆلمىگەن. مۇشۇ ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، بىز چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيانقى ۋەسىقىلەر ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا ئېرىشكەن ماتېريال-

لار ئاساسىدا ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىگە قارىتا مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز.

## § 1 . 1884 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى فېئودال يانچىدارلار ئىگىلىكى باسقۇچى

1884 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىر قەدەر كەمچىل ھەم ناھايىتى چۇۋالچاق بولغاچقا، پەقەت ئازغىنە ماتېرىياللار ئاساسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

«چىڭ گاۋزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 535 ـ جىلد، چيەنلوڭنىڭ 22 ـ يىلى 3 ـ ئاي تارمىقىدا: «شۇ ئايدا (باش مۇشاۋۇر، شەنشى- گەنسۇ ۋالىسى خۇاڭ تىڭگۈي) يەنە مەلۇماتنامە يوللاپ: ‹ئالدىنقى يىلى قىشتا ئىمىن خوجىغا قاراشلىق نامرات ئۇيغۇرلاردىن بىرقانچە يۈز ئادەم قۇمۇلغا قېچىپ كەلگەندە، دەرھال ئۇزۇقلۇق ئاشلىق تارقىتىپ بېرىلىپ، ئىشلار بېسىققاندىن كېيىن لۈكچۈنگە قايتىشقا بۇيرۇلدى. ئىمىن خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى يانداش بەگ مۇسا قۇمۇلغا كېلىپ ئاشلىقنى ئالدى ھەمدە دادىسىنىڭ تەۋەلىكىدىن قېچىپ كەلگەن 600 دىن ئارتۇق ئادەمنى لۈكچۈنگە قايتۇرۇپ ئەكېتىپ يەر تېرىغۇزۇشنى ئىلتىماس قىلىپ، ئەسكەر چىقىرىپ ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا، بىرنەچچە تۈركۈمگە بۆلۈپ قاراۋۇلخانىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، دەپ مەلۇم قىلدى» دېيىلگەن. مەزكۇر ماتېرىيالدا قەيت قىلىنغان «نامرات ئۇيغۇرلار» يانچىلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ ئىمىن خوجىغا قاراشلىق ئۇيغۇرلارنىڭ يەردىن ئايرىلىش ئەركىنلىكىنىڭ يوقلۇقىنى، ئىمىن خوجىنىڭ زورلۇق خاراكتېرىدىكى ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئۇلارنى مەجبۇ-

رىي يەر تېرىشقا سالىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەملىشىپ ئاپىرىپ بەرگەنلىكىدىن قارىغاندىمۇ بۇ خىل تۈزۈم چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشكەن.

«چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 592 - جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى 7 - ئاي تارمىقىدا: «ئىلگىرى يۈسۈپ، ئىمىن خوجىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇلارنىڭ چاكارلىرى بولۇپ، ئەمەلگە تەيىنلەنسىمۇ تەمىنات بېرىلمەيتتى» دېيىلگەن. ئىمىن خوجىنىڭ قول ئاستىدىكى كىچىك ئەمەلدارلاردىن تارتىپ ئۇنىڭ چاكارلىرى ھېسابلىنىپ تەمىنات بېرىلمىگەن يەردە، ئادەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىگە ھېچقانداق ئىش ھەققى بېرىلمىگەن. يۇقىرىدىكى ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ يەردىن ئايرىلىش ئەركىنلىكى يوقلۇقىغا بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ئادەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سالاھىيىتى پەقەتلا يانچىلاردىن ئىبارەت بولغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىمىن خوجا ئۆزىگە قاراشلىق ئاۋامغا قارىتا ھاشارغا سېلىپ يەر ئىجارىسى ئېلىش شەكلىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىنى يولغا قويغان، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى فېئودallىق يانچىلىق تۈزۈم ئىگىلىكى باسقۇچىغا مەنسۇپ بولغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى بۇ خىل فېئودال يانچىلىق تۈزۈم ئىگىلىكىنى قوغداپلا قالماستىن، يەنە جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش داۋامىدا ئىمىن خوجا جەمەتى ۋە باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقاللىرىغا نۇرغۇن ئائىلە چاكارلىرىنى ۋە يانچىلارنى قالدۇرغان. «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» دە: «(قارادىۋان ۋەزىرلىرى) مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ‹پىچاندىكى خان كاتاۋۇلى دېرگى مەلۇماتنامە يوللاپ، تۇرپان بېگى سۇلايماننىڭ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارغا مالاي بولغان ئىككى ئويرات ئۇۋ مىلتىقىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، ھازىر يارلىق چۈشۈرۈپ تۇت-

ماقچى، دەپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلارغا مالاي بولغان ئۇيراتلارنىڭ ئەر ـ ئاياللىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن، پۇرسەت تاپسا قېچىپ قاراقچى بولۇپ كېتەمدىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمىز. ئالدىنقى قېتىم سۇجۇدىكى ئۇيراتلارنى ئېلىپ پالىغان ۋاقىتتا، ئۇلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىرىدا قالدى دەپ ئەرز قىلىشقانلىقتىن، ھۆكۈمەت كۈمۈش چىقىرىپ قايتۇرۇپ ئەكېلىپ جەم قىلغانىدى. شۇ قائىدە بويىچە ھەرقايسى ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە تۇرۇشلۇق ئامباللار ئۇيغۇرلارغا ئائىلىسىدە ئۇيراتلار بولۇپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشنى خالىسا، باھا قويۇپ قايتۇرۇپ ئەكېتىدىغانلىقى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرسە ھەمدە چوڭلارنىڭ باھاسى 7 سەر كۈمۈش، كىچىكلەرنىڭ باھاسى 3 سەر كۈمۈش قىلىپ بېكىتىلىپ بۇ پۇللار مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بېجىدىن چىقىرىۋېتىلسە، ئەگەردە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان بېجى بولمىسا شۇئان ئۇلارغا نەق كۈمۈش بېرىلىپ، ئازاد قىلىنغانلار ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئىش تۇگىتىلسە، دېدى»② دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارغا مالايلىق قىلىۋاتقان ئۇيراتلارنىڭ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن قاراقچى بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەق تۆلەپ ياندۇرۇۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلارنى ھۆرلۈككە ئىگە قىلغان. ئەمما، شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ھۆرلۈككە چىقىرىش ھەرگىزمۇ ئۇزۇل ـ كېسىللىككە ئىگە بولمىغان. يەنى «ئائىلىسىدە ئۇيراتلار بولۇپ، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشنى خالايدىغانلار» تاپشۇرغان، خالىمايدىغانلارغا قارىتا چىڭ سۇلالىسى تەبىئىي ھالدا ئارىلاشماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتقان. بۇنىڭدىن باشقا ئىمىن خوجا جەمەتىگە مالايلىق قىلىدىغانلاردىن يەنە جىنايەتچىلەرنىڭ ئاياللىرىمۇ بولغان③.

ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر «ئەزەلدىن باج تاپشۇرمىغان»، پەقەت ئەنشىدىن تۇرپانغا كۆچۈپ كەلگەندىن كې-

يىن ھۆكۈمەت ئاشلىقىدىن ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن 1000 دادەن ئاشلىق قەرز ئالغان ھەمدە ھەر يىلى 4000 دادەن ئاشلىق تاپشۇرغان④. ئەمما، چىڭ سۇلالىسى تۇرپاننىڭ تاپشۇرغان باج - سېلىقىغا بەلگىلىك ئىنئام بەرگەن. «تۇرپان تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ھۆكۈمەت ئاشلىقىدىن 4000 دادەننى تاپشۇرۇپ تۈگىتىپتۇ. ئەسلىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ھەر 100 دادەنگە 5 توپ رەخت، 5 قاپ چاي ئىنئام قىلىپ بېرىلەتتى. ھالا بۈگۈن يەكەن قاتارلىق ئورۇنلارنى تەكشۈرگەندە، ھۆكۈمەت ئاشلىقى تاپشۇرغاندا ھەرگىزمۇ ئىنئام بېرىدىغان ئىش يوقلۇقى ئېنىقلاندى. ئەھۋال ھەقىقەتەن بىردەك ئەمەس ئىكەن. ئەگەر بىر تاياقتا ھەيدەلسە، ئۇنداقتا بۇ نادان ئۇيغۇرلار باشقىچە ئويدا بولۇپ، ھەر نېمىلەرنى دېيىشى مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە پىچاندا ئېشىنچە ئاشلىق كۆپەيدى. ئەسكەرلەرنى قىسقارتىش توغرىسىدا غۇلغۇلا بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارغا چاي - رەخت ئىنئام قىلىشتىن تاپشۇرىدىغان ئاشلىقنىڭ مىقدارىنى كېمەيتىش ئەۋزەل، شۇڭا بۇرۇنقى ئىنئامنىڭ قىممىتىدە ئاشلىق 500 دادەن كېمەيتىلىدۇ، دەپ يارلىق چۈشۈرۈلدى. تۇرپاننىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئاشلىقىدىن ئېلىپ قېلىنىپ 1000 دادەن كەچۈرۈم قىلىنىۋېتىلدى»⑤. چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى) دىن باشلاپ ئىمىن خوجىغا قاراشلىق پۇقرالار چىڭ سۇلالىسىغا 3000 دادەن ئاشلىق تاپشۇرىدىغان بولغان. يەنە چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن «ھاشارغا ئىشلەپ بەرگەن»⑥.

## § 2 . 19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىكى قالدۇق فېئودال يانچىلىق ئىگىلىك باسقۇچى

19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىكى تۇرپان ئىناچىخانىلىرى.

نىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىگە دائىر ئەھۋاللار خەنزۇچە تارىخىي
ماتېرىياللاردا ناھايىتىمۇ كەمچىل. ھالبۇكى، ياپونىيە ئالىمى
زوكوتۇ ئەپەندى پايدىلانغان رۇسچە تارىخىي ماتېرىياللار، يەنى
چاررۇسىيە شەرقشۇناسى كاتانوفنىڭ 1891 — 1892 ـ يىللىرى
تۇرپان ئويمانلىقىدا زىيارەتتە بولغاندا يازغان ماتېرىياللىرى ھەم-
دە مىنگىرسىنىڭ قەشقەر رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا دا-
ئىر ماتېرىياللىرى⑦ بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى مۇمكىن-
چىلىكلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، 1884 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى
تۇرپان رايونىدا «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەر-
تىش» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ يانچە-
لىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، يانچىلارنى ئىجارىكەش دېھقانلارغا
ئايلاندۇرغان. ئەمما، چىڭ سۇلالىسى يەنىلا لۈكچۈن ۋاڭىغا
تۇرغۇن يەرلەرنى بەرگەن. «لۈكچۈن ۋاڭىغا قاراشلىق يەرلەر
لۈكچۈن، ئاستانە، قاراغوجا، تاقىر، يانقىر، سىركىپ، چۇۋا-
قىر، پىچان، يارغول، قارغاتۇرا، چىقتىمدىن تارتىپ تاغ ئارقى-
سىدىكى يەرلەرگىچە، ئۈنىڭدىن باشقا خاندو، خان خولو، يۇ-
تۇق، لەمجىن، سۇ بېشى، سىڭگىم، مۇرتۇق قاتارلىق جايلارغى-
چە بولغان» . ۋاڭنىڭ يەرلىرىنىڭ دائىرىسى ئاساسەن ئىككىنچى
ئەۋلاد تۇرپان ئىناچىخانى سۇلايمان گۇناھكار بولۇپ ئەمىلىدىن
قالدۇرۇلغاندىن كېيىنكى يەرلەر، يەنى قاراغوجىنىڭ شەرقىدىن
پىچان، چىقتىمغىچە بولغان جايلارنى (تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ
شەرق يېرىم قىسمى) ئۆز ئىچىگە ئالغان.

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى روشەن ھالدا ئايرىم
بىر مەمۇرىي رايون بولغان بولۇپ، «دائىرىسى قارلۇق تاغ تىز-
مىسىدىن ئۇرۇمچىگىچە سوزۇلغان، جەنۇب ۋە شەرقى ئايرىم ـ
ئايرىم چور تېغى ۋە قۇم تاغنى كېسىپ ئۆتكەن. تۇرپان، توق-
سۇن، تۇرساغان بۇلاق، تۇيۇق، تۇيۇق سۇ بېشى، تۇرپان كارد-

ـزى، يەمشى، توقسۇن كارىزى ۋە مۇرتۇق قاتارلىق شەھەر ھەم رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» . يەنى قارا غوجىنىڭ غەربىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي يېرىم قىسمى تۇرپان بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. تۇرپان ئاغلاقچى ئامبىلى تۇرپاندا تۇرغان بولۇپ، تۇرپاننىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرا-نى بولغان.

لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ مال - مۈلكى ناھايىتى كۆپ بولغان. «لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ئالتۇن - كۆمۈش، كىيىم - كېچەكلىرى جەمئىي 300 يامبۇ قىممىتىدە ئىدى. تاغدىكى يايلىقىدا ۋە ئائىد-لىسىدە 55 تۇياق ئېتى بولۇپ، يەنە 300 تۇياقتىن ئارتۇق قويى بار ئىدى⑧. شەھەردە ئىككى ئوردىسى ھەمدە دۆلەتباغ دەپ ئاتىلىدىغان بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن 3 مېۋىلىك بېغى بولۇپ، بۇ باغلاردا ئۆرۈك، شاپتۇل، ئانار ۋە باشقا تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار ئىدى. يەنە 6 يەردە ئۈزۈملۈكى، 5 يەردە كارىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ لۈكچۈنگە تەۋە شەھەر - يېزىلاردا بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىيدىغان يەرلىرى بولۇپ، قىممىتى 400 يامبۇغا يېتەتتى. ئىگىدارچىلىقىدىكى قوي، توخۇ، ئات، تۆگىلىرىنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 50 يامبۇغا يېتەتتى. يەنە ھەر-خىل كىرىملىرى 450 يامبۇ ئەتراپىدا ئىدى» .

لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ قول ئاستىدا تۆۋەندىكىدەك ئەمەل - مەنسەپلەر بولغان: «لۈكچۈندە ئالۋاڭ - ھاشار ۋە باج - سېلىقتا مەسئۇل دورغا، يەنە مىراب، ئاقساقال، ئونبېشى ۋە زىندان بېگى دەيدىغان ئەمەلدارلار بولۇپ، دورغا ۋاڭ ئوردىسىدا تۇرۇپ يېزى-لارنى نازارەت قىلاتتى. مىراب يەرلىكتىكى يەر - زېمىن ۋە سۇ ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ئاقساقال بارلىق يەر، سۇ ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. زىندان بېگى بولسا دورغىنىڭ ئەگەشكۈچىسى بو-لۇپ، دورغىغا قاراشلىق 2 زىندان بېگى بار ئىدى. مىراب بىلەن ئاقساقالنىڭ ئارقىسىدا دائىم دېگۈدەك بىر ياكى ئىككى ئونبېشى

ئەگىشىپ يۈرەتتى» . ئۇنىڭدىن سىرت يەنە «تېرىقچىلىققا مەس-
ئۇل بولىدىغان كۆك بېشىمۇ بار ئىدى» .
لوكچۇن ۋاڭىنىڭ تېرىلغۇ يېرىنى يەرلىك ئاھالىلەر تېرىپ بەرگەن. «چوقا تام ۋە قارغا تورا ۋاڭىنىڭ ئاتا مىراس يېرى بولۇپ، ۋاڭلىق يەر دەپ ئاتالغان. يەرلىكتىكى بارلىق ئاھالىلەر مۇشۇ يەرلەردە تېرىقچىلىق قىلغان» . ئۇنىڭدىن سىرت لوكچۇن ۋاڭىنىڭ يەنە قارايەر ۋە تاغ باغرىدىكى يەر دەيدىغان يەرلىرى بولغان. تاغ باغرىدىكى يېرى ئىچىدە 12 پارچە تەپتەكشى تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، «ئاھالىلەرنىڭ بۇ تېرىلغۇ يەرلەرنى ھەقسىز تېرىپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بولغان» . بۇ يەرلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئارپا، زىغىر تېرىلغان ھەم تېرەك تىكىلگەن. ۋاڭىنىڭ يەنە «لوكچۇندە 2 ئۆستىڭى، ئۆستەڭ ئەتراپىدا 10 پارچىدىن جەمئىي 20 پارچە ئېتىزى بولغان. يەرلىك ئاھالىلەر بۇ ئېتىزلارنى تېرىپ، ھوسۇلىنى خامان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھارۋىلىرىغا بې-سىپ ۋاڭىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىغا ئاپىرىپ بەرگەن» .
يەرلىك ئاھالىلەر يەنە ۋاڭىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار-نىڭ يەرلىرىنىمۇ تېرىپ بەرگەن ھەم ئۆزلىرى ھەرخىل قورال ـ سايمانلارنى تەييارلاپ ھۆكۈمەت ھاشىرىغا ئىشلىگەن. «دورغىلار ئۆزلىرىگە تەۋە يەرلەردىن چىققان كىرىم بىلەن تۇر-مۇشىنى قامدىغان. يەرلىكتىكى بارلىق ئاھالىلەر ئۇلارنىڭ يەر-لىرىنى تېرىپ بەرگەن. يەنە سۇ قۇرۇلۇشىغا ئىشلەپ، زىرائەتلى-رىنى يىغىپ بەرگەن. يەنە . . . مىرابلارنىڭ، ئاقساقاللارنىڭ يەرلىرىنىمۇ تېرىپ بەرگەن. بۇ يەرلەردە يەنە ئالۋاڭچى دەيدىغانلا-ر بولۇپ، دەسلىپىدە ھۆكۈمەت ئالۋاڭچىلىرى دەپ ئاتالغان. ھۆكۈمەت ئالۋىڭىغا تۇتۇلغان ئاھالىلەر لوكچۇندىن قۇمۇل، قارا-شەھەر، ئۇرۇمچىلەرگە ئاپىرىلغان. ئالۋاڭچىلارغا كېرەكلىك ئات ـ ھارۋىلارنى ئاھالىلەر تەييارلاپ بەرگەن» . «لوكچۇندە ھەر ئىككى ئۆستەڭگە 60 دىن جەمئىي 120 ئالۋاڭچى مەسئۇل بول-

غان، باشقا ئۇششاق پۇقرالار ئورمىچىلار دەپ ئاتالغان» .
ۋاڭ ھەرخىل چەكتىن ئاشقان ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزگەن. «باھاردا كىشىلەر تېرىقچىلىققا چۈشكەندە ۋاڭ ئەمەلدىلا ئۈندۈرمە بولغان قوناق، بۇغداي، تېرىق، ئارپا، زىغىرلارنى يەرلىك ئاھالىلەرگە زورلاپ ساتقان. بىر كۈرە بۇغداينى 5 يارماق كۆمۈش باھاسى بىلەن سېتىپ بەرگەن. بۇنىڭ ۋاقتى تەخمىنەن 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولغان. ئۇردا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پاششاپ بۇنى ھەربىر مەسچىتكە بېرىپ ئۇقتۇرغان. ئۇرۇققا ئېھتىياجلىقلار مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىمام، مەزىن بىلەن بىرگە كېلىپ ئېلىشقان» . «مەسچىت جامائىتى ئوردىغا كەلگەندە ھەربىرىگە 5 كۈرە قوناق، 5 كۈرە بۇغداي بېرىلگەن. بىر كۈرە بۇغداينىڭ باھاسى 5 يارماق كۆمۈش، بىر كۈرە قوناقنىڭ باھاسى 4 يارماق كۆمۈش بولغان. مۇشۇ بويىچە ئىمام، مەزىنلەر ئالدى بىلەن ئالغان، ئاندىن كېيىن ئاھالىلەرگە بىر دادەندىن بېرىلگەن. ۋاڭ 5 ـ ئايغا كەلگەندە بۇ ئاشلىقلارنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇۋالغان» .
«ئۇنىڭدىن سىرت، ۋاڭنىڭ نەچچە ئون مىڭ تۇياق قويى بولۇپ، بۇ قويلار ھەر يىلى نورۇز ۋە سەيلە پائالىيەتلىرىدە ⑨ قۇربانلىق قىلىنغان. بۇ قويلارنى چوڭ ئەمەلدارلار ۋاڭغا سوۋغا سۈپىتىدە ھەدىيە قىلغان بولۇپ، بۇ قويلار ئوردىدىن دورغىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، دورغا بۇلارنى مىراب ۋە ئاقساقالغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. مىراب ۋە ئاقساقاللار ھەربىر ئائىلىگە بىر قوينى مەجبۇرىي تاڭغان. قوي ئالغانلار 7 ـ ئايدا ۋاڭغا ئىككى سەر كۆمۈش تاپشۇرغان. قوي ئالغىلى ئۇنىمىغانلار ئورنىغا بىر سەر كۆمۈش بەرگەن ھەمدە قوينى مىراب بىلەن ئاقساقالغا قايتۇرۇپ بەرگەن. ۋاڭ ھەر يىلى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن سودا قىلغان. يىل ئاخىرىدا قوي ئالغانلار ھەر 100 تۇياق قويدىن ئىككى قوينى ياكى ئىككى پارچە كىگىزنى زاكات قىلىپ تاپشۇر-

غان. يەنە ھەر 100 قويدىن بىر قوينى يايلاق بېجى ھېسابىدا تاپشۇرغان. قوي تاپشۇرمىغانلار ئۆلتۈرۈلگەن».

يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان ماتېرىياللار مۇنداق بىر ئەمەلىيەتنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: ۋاڭ ناھايىتى نۇرغۇن يەرگە ئىگە بولغان. بۇ يەرلەرنى يەرلىك ئاھالىلەر ئۇنىڭغا ھەقسىز تېرىپ بەرگەن ۋە ھوسۇلىنى يىغىپ بەرگەن. ۋاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارمۇ بەلگىلىك ساندا يەرگە ئىگە بولغان، يەرلىك ئاھالىلەر ئۇلارغىمۇ ھەقسىز ئىشلەپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن سىرت ئاھالىلەر يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرخىل ئالۋاڭ ـ ھاشىرىغا ئىشلىگەن. يەنە كېلىپ ئات ـ ئۇلاغ، هارۋا قاتارلىقلارنى ئۆزلىرى تەييارلىغان. ۋاڭ يەنە ئۆز ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە قاراشلىق پۇقرالىرىغا ھەرخىل چەكتىن ئاشقان ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزگەن ھەمدە ئۇلاردىن چارۋا بېجى، يايلاق بېجى ئالغان. گەرچە 1884 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى تۇرپاندىكى ئىنانچىخانلارنىڭ ئاتا مىراس يېرىگە قارىتا «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» سىياسىتىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ۋاڭ جەمەتىگە ناھايىتى زور ساندىكى يەرلەرنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان فېئوداللىق ئىمتىيازلىرىنى ساقلاپ قالغان.

بۇ خىل قالاق يانچىلىق تۈزۈم ئېكسپىلاتاتسىيىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىنىڭ سىياسىي ئاساسى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھىمايىسى ۋە ۋاڭ جەمەتىنىڭ ئەنئەنىۋى كۈچى بولغان. ۋاڭ 50 ـ 60 تەك قورۇقچى ئەسكەرگە ئىگە بولغان بولۇپ، مۇبادا قارشىلىق كۆرۈلسە قورال كۈچىگە تايىنىپ قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى جازالىغان. تۇرپان ئىنانچىخانلىرىنىڭ ئوردىسىدا بۇرۇندىنلا تۈرلۈك جازا قۇراللىرى بولغان. 1906 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بۇزدۇرۇۋەتكەن⑩.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باش-قۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» تەدبىرى «خوشۇنغا قاراشلىق يەر بېجىنى ناھىيىنىڭ يىغىشىغا تەۋە قىلىپ»⑪، ئىنانچىخانلارنىڭ ئۆزلە-رىگە قاراشلىق پۇقرالاردىن يەر بېجى يىغىش ئىمتىيازىنى بىكار قىلغان. گۋاڭشۈينىڭ 33 - يىلى (1907 - يىلى) تورپان ئىنانچىخانى ئىمىن چىڭ سۇلالىسىگە «ئىجارە بېجىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ» ئىلتىماس سۇنغاندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان⑫.

## 3§. ئازادلىق ھارپىسىدىكى فېئودال زېمىندارلار ئىگىلىكى باسقۇچى

ئازادلىق ھارپىسىدىكى ئەھۋاللارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال-لار ئاساسەن پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئار-خىپ بۆلۈمىدە ساقلانغان تورپاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىنانچىخانى سايىتنىڭ دېلو ماتېرىياللىرى ھەمدە 1989 - يىلى قىشتا بىز تورپان ئويمانلىقىدا توپلىغان ئاغزاكى ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. مۇشۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يانچىلىق ئىگىلىكى بۇ مەزگىلدە مەۋجۇت بولۇشتىن قېلىپ پۈتۈنلەيلا فېئودال پومېشچىك ئىگىلىكىگە ئۆتكەن، دەپ يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ.

ئىمىن 9 - ئەۋلاد تورپان ئىنانچىخانى بولۇپ، سايىت، ئىسكەندەر ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بولغان. پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە ساقلىنىۋاتقان «سايىتنىڭ ئارخىپى»دا دېيىلىشىچە، 1932 - يىلى ئىمىن خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، سايىت «چوڭ تامغىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ ئۆزىنى سايىت

چىنۋاڭ دەپ ئاتىۋالغان» بولۇپ، ئەنئەنىۋى كىچىك تايىنىپ ئۆز
ئىمتىيازىنى قوغدىغان.

«سايتىنىڭ ئارخىپى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئارخىپ»
دەپ ئاتىلىدۇ) دا ئۇ «پىچاندىكى ئەڭ چوڭ پومېشچىك ھەم
زومىگەر» دېيىلگەن بولۇپ، يەنە «ئاممىنىڭ ئېقىن بويىدىكى
2000 مودىن ئارتۇق يېرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان (بوۋى-
سى ۋە دادىسى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان 3000 مودىن ئارتۇق
يەرنى قوشقاندا، جەمئىي 5000 مودىن ئارتۇق يەر بولىدۇ)»
دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە 5000 مو يەر دەپ ھېسابلىغان تەقدىردى-
مۇ، ئۇنى ئەڭ چوڭ پومېشچىك دەپ ئاتاش ھەقىقەتكە ئۇيغۇن
ئەمەس. چۈنكى، پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە
ساقلانغان «ئەكسىلئىنقىلابچى، پومېشچىك، زومىگەر مالەنسۇ-
نىڭ ئارخىپى» دا، مالەنسۇن (خۇيزۇ — نەقىل كەلتۈرگۈچى)
«ئەينى ۋاقىتتا 17 مىڭ 318.8 مو يەرنى ئىگىلىۋالغان (ئازاد-
لىقتىن كېيىن 1700 مو يەرنى سېتىۋەتكەن، يەر ئىسلاھاتى
مەزگىلىدە يەنىلا 15 مىڭ 618.8 مو يېرى بار بولغان)» دېيىلگەن
بولۇپ، سايتىنىڭ ئىگىلىگەن يېرى مالەنسۇنىنىڭ ئىگىلىگەن يې-
رىنىڭ 1/3 گىمۇ يەتمىگەن.

پومېشچىكلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئا-
جىز بولۇشى ئىگىلىگەن يېرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدە روشەن ئەكس
ئېتىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا ئالاھىدە ئىمتىيازغا
ئىگە بولغان تۇرپان ئىناچىخانلىرى ئازادلىق ھارپىسىغا كەلگەندە
بىراقلا ئۆز تەسىرىنى يوقىتىپ قويغان، ھەتتا مالەنسۇندەك مۇ-
شۇنداق بىر توپىلاڭچىنىڭ ئەۋلادىنىڭ[13] پىچان ناھىيىسىدە ئەڭ
كۆپ يەر ئىگىلىگەن پومېشچىكقا ئايلىنالىشىنىڭ ئۆزىلا ۋاڭ
ھوقۇقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرى-
دۇ.

ۋاھالەنكى، «ئارخىپ» تا خاتىرىلەنگەن 5000 مو يەرنى

ھەرگىزمۇ سايىتنىڭ ئۆزىلا ئىگىلىمىگەن. سايىت ۋە ئىسكەندەر «ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلار قارىماققا مال ـ مۈلۈكلەرنى بۆلۈشۈۋالغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن بولغان. ئىنىسى ئىسكەندەر خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، مال ـ مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما سايىت چىنۋاڭنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىگە تېگىلمىگەن» . بۇ يەردە ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىگە ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئالدىدا قەيت قىلىنغان 5000 مو يەر ئېھتىمال ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلارنىڭ ئورتاق يېرى بولۇشى مۇمكىن. «ئارخىپ» تا سايىتنى سوراق قىلغان بىر پارچە خاتىرە بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىگىلىگەن يەرلىرىنىڭ سانى توغرۇلۇق «4000 مودىن ئارتۇق يېرىم، ئىككى كارىزىم، 24 پارچە سۇلۇق يېرىم بار، ھەربىر پارچە يەردىن 3 دادەنلىك ئاشلىق چىقىدۇ. لۇكچۇندە 7 دادەنلىك چوڭ سۇلۇق يېرىم، يەنە 4 دادەنلىك ئادەتتىكى يېرىم بار؛ تۇيۇقتا 1200 تۇپلۇك تەكلىكىم بار؛ يانقىردا 9 پارچە يېرىم بار، ھەربىر پارچە يەردىن 2 دادەنلىك ئاشلىق چىقىدۇ. ماچاڭدا 24 دادەنلىك بۇلاقلىق يېرىم، تىڭزىدا 17 دادەنلىك يېرىم بار» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ يەردە سايىت ئۆزىنىڭ ئىگىلىگەن يېرىنى 4000 مودىن ئارتۇق دېگەن. 1951 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئوچۇق سوت ئېچىپ ئىسكەندەرنى سوتلاپ، ئۇنىڭدىن «سەن بىلەن سايىت چىنۋاڭنىڭ قانچىلىك يېرىڭلار ھەم كارىزىڭلار بار؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «پىچاننىڭ لىيۇشۇچۇەندە 15 دادەنلىك يەر، چوختاڭدا 20 دادەنلىك يەر، لۇكچۇن يانقىردا 30 دادەنلىكتىن ئارتۇق يېرىمىز بار. لۇكچۇننىڭ خۇلۇڭدا بىر كارىزىمىز بار. ھازىر سۇيى يوق (يەرنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس) . يەنە لۇكچۇننىڭ قارا باغدا 4 كۆرەلىك

مېۋىلىك بېغىمىز بار. چىگىتاي ياقا كارىزىدا بىر كارىزىمىز بار، يەرنىڭ قانچىلىكلىكى ئېنىق ئەمەس»⑭ دېگەن. ئارقىدىن ئۇ يەنە: «يانقىردا 10 نەچچە ئېغىز ئۆيۈم، 1200 مودىن ئارتۇق يېرىم بار»⑮ دېگەن. سايىت 4000 مودىن ئارتۇق يېرىم بار، دېگەن. ئىسكەندەر 1200 مودىن ئارتۇق يېرىم بار، دېگەن. هالبۇكى دېلو بېجىرگۈچى خادىملار ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئەمەلدە يەتتە مال - مۈلۈكلىرىنى ئايرىشمىغان، دەپ قارىغان. شۇڭلاشقا، ئالدىدىكى 5000 مودىن ئارتۇق يەر ئېھتىمال ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئىگىلىگەن يەرلەر بولسا كېرەك.

ئىمىن خوجا مەزگىلىدە، چىنۋاڭنىڭ ئاستىدا باش تەيجى تەسىس قىلىنغان، يەنە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئەدلىيە قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدىغان كىچىك تەيجىلەر تەسىس قىلىنىپ، باش تەيجىگە قارايدىغان قىلىنغان. ۋاڭنىڭ ئوردىسىدا قورۇقچىلار بولغان. ۋاڭ سىرتقا چىققان ۋاقىتلاردا تەيجى ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلغان. تەيجىنىڭ قول ئاستىدا بىرقانچە نەپەر يايى بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىمىن ۋاڭدىن باشلاپ ۋاڭنىڭ يېرىنى تېرىغانلارغا ھەق بېرىش باشلانغان بولۇپ، ئىمىن ۋاڭدىن ئىلگىرى ۋاڭغا ئەمگەك قىلغانلارغا ھېچنېمە بېرىلمىگەنىكەن. سايىتنىڭ ۋاقتىدا تەيجىلىك ئەمىلى بىكار قىلىنىپ، ئەر - ئايال غوجىدارلار تەسىس قىلىنغان. باش غوجىدار نىياز ھامۇدۇن، ئايال غوجىدار ناجىخان بولغان. ئەينى ۋاقىتتا كىرىم - چىقىم ھېساباتلىرى ناھايىتى قالايمىقان بولغان بولۇپ، ئىسكەندەر سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى قوللىنىپ، كىرىم - چىقىم ھېساباتى تۈزگۈزگەن.

سايىتنىڭ ياللىۋالغان 30 دىن ئارتۇق ئادىمى بولۇپ، دائىم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرگەن. يەنە ئىككى - ئۈچ مۇھاپىزەتچىسىمۇ بولغان. ئائىلىسىدىكى خىزمەتكارلار 15 ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلار-

نىڭ ئىچىدە ئۈچى ناۋاي، بىرى كەسكۈچى، ئىككىسى تىككۈچى، بىرى چايچى، تۆتى ئاشپەز بولغان. بۇ خىزمەتكارلارنى باشقۇ-رۇشقا ناجىخان مەسئۇل بولغان. ناجىخاننىڭ كېيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمىكىنى سايىت تەمىنلىگەن ھەمدە ھەر يىلى ئۇنىڭغا 1000 جىڭ چىگىت، 800 جىڭ قۇرۇق ئۈزۈم، 10 دادەن بۇغداي، 10 دادەن قوناق بەرگەن. ئادەتتىكى خىزمەتكارلارغا ھەر ئايدا بىر كۈرىدىن بىر يېرىم كۈرىگىچە ئاشلىق (يېرىمى بۇغداي، يېرىمى قوناق) بەرگەن. قىشتا بىر جۈپ ئۆتۈك، يازدا بىر يۈرۈش يالاڭ كىيىم تارقىتىپ بەرگەن. باشقا كېرەكلىك بۇيۇم-لارنى ئۇلار ئايلىق ھەق ھېسابىدا بېرىلگەن ئاشلىقنى سېتىپ پۇل قىلغاندىن كېيىن تولۇقلىغان. ھېيت - بايراملاردا بەلگى-لىك ساندا ماي ۋە ئۇن تارقىتىپ بېرىلگەن.

سايىت يەرلىرىنى ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن باشقۇرغان. بىر خىلدا ئىجارىگە بەرگەن، يەنە بىر خىلىدا يىللىقچى ياللىۋې-لىپ تېرىقچىلىق قىلغۇزغان. ئىجارىگە بېرىلگەن يەرگە سايىت سۇ بەرگەن. چىققان ھوسۇلنى تولا چاغلاردا تەڭ بۆلۈشكەن. بەزىدە تۆتتە ئالتە ئۈلۈشتىن ئالغان (خوجايىن تۆت ئۈلۈش، ئىجارىچى ئالتە ئۈلۈش ئالغان).

سايىتنىڭ 600 دىن ئارتۇق قويى، بىرقانچە ئون تۇياق ئېتى، 50 - 60 تۆگىسى بولغان بولۇپ، يەرلىكلەرنى ياللاپ باقتۇرغان. يازلىقى مورى يايلاقلىرىغا، قىشلىقى ئېتىزلىقلارغا قويۇپ بەرگەن. پادىچىلار تەڭرىتاغلىرىدا مال باققاندا ئائىلىسى-دىكىلىرى قەرەللىك ھالدا بىر قېتىم نان ئاپىرىپ بەرگەن. سايىتنىڭ پادىچى يىللىقچىلارغا بېرىدىغان ھەققى تېرىقچى يىللىق-چىلارغا بېرىدىغان ئىش ھەققىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمىگەن.

سايىتنىڭ 4 مېۋىلىك بېغى بولۇپ، ئۈرۈك، نەشپۈت، ئۈجمە، ئانار، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلەر ئۆستۈرۈلگەن. باغقا ئادەم ياللاپ قارىغۇزغان. باغۋەن مېۋە - چېۋىدىن كىرگەن

كىرىمنى ئۆنىڭغا تاپشۇرغان.

يۇقىرىدىكىلەرنى ئومۇملاشتۇرغاندا، سايىت ئازادلىق هار-پىسىدا بىر فېئودال پومېشچىكقا ئايلانغان بولۇپ، دېهقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇلىمۇ يىللىقچى يالللاشقا ۋە ماددىي نەرسىلەر بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىگە ئۆزگەرگەن. ئىلگىرىكى يانچىلىق تۇزۇم ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋاڭلىق هوقۇقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ مەۋجۇت بولۇشتىن قالغان.

## ئىزاھ:

① زوكوتۇ يازغان، جوفىڭ تەرجىمە قىلغان: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۇرپان»، «مىللەتلەر تەرجىمە مەجمۇئەسى»، 1987 - يىل 4 - سان.

② «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 653 - جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى 1 - ئاي.

③ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 619 - جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 8 - ئاي.

④ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىر»، 634 - جىلد، چيەن-لۇڭنىڭ 26 - يىلى 4 - ئاي.

⑤ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 652 - جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى 1 - ئاي.

⑥ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا .خاتىرىلىرى»، 689 - جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 28 - يىلى 8 - ئاي.

⑦ زوكوتۇ يازغان، جۇفىڭ تەرجىمە قىلغان: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۇرپان».

⑧ لوكچۇن ۋاڭىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى قويلارنىڭ سانى توغرىسىدا خاتىرىلەر بىردەك ئەمەس. بىر يەردە 300 تۇياق دېيىلگەن، بىر يەردە 3000 تۇياق دېيىلگەن، يەنە بىر يەردە 10 مىڭ تۇياق دېيىلگەن. «چىڭ

سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۇرپان» دېگەن ئەسەرگە قاراڭ.

⑨ «نورۇز (يېڭى يىل) 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، سەيلە 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بولىدۇ». «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۇرپان»، 58 ـ بەت 1 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.

⑩ «چىڭ دېڭىزغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 564 ـ جىلد، گۇاڭشۈينىڭ 32 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

⑪ ⑫ «چىڭ دېڭىزغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 570 ـ جىلد، گۇاڭشۈينىڭ 33 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

⑬ پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئارخىپ بۆلۈمى: «ئەكسىلئىنقىلابچى، زومىگەر، پومېشچىك مالەنسۈننىڭ ئارخىپى».

⑭ ⑮ «پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئارخىپ بۆلۈمى: «ئىسكەندەرنىڭ ئارخىپى».

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1993 - يىل 8 - ئاي
1 - نەشرى 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据新疆大学出版社 1993 年 8 月第 1 版第 1 次
印刷出版发行。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەتجان مۆمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى

ئاپتورى: سۇبېيخەي، خۇاڭ جيەنخۇا
تەرجىمە قىلغۇچىلار: قۇربان تۇران
ئەركىن ئەرشىدىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 11.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2001 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—3,000
ISBN7—228—06789—4/K.962
باھاسى: 16.50 يۈەن